
# تارىم

10

1988

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن كۆرۈنۈش

سۈرەتنى تۆركەش جاپپار تارتقان.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

# TARIM

10

1988

38-يىل نەشرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ھۆرمەتلىك مۇشتەرى!

ئالدى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ 1988-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇش ئارقىلىق، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قوللىغىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمىز. بىزنىڭ 1989-يىلىمۇ ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى ئەسەرلىرى ۋە بۇ ئەسەرلەر ھەققىدىكى مۇھاكىمە-مۇنازىرىلەردىن بەھىر ئېلىشنى، شۇنداقلا دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ بىر قىسىم جەۋھەرلىرى، مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت يولى، تەجرىبىسى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدىكى قىممەتلىك مۇلاھىزىلىرى بىلەن تونۇشۇشنى ۋە ئەدەبىيات سېپىدىكى يېڭى-يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمىز. يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىنى تېخىمۇ سۈپەتلىك ۋە قىزىقارلىق ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئىزدەنمەكتە. شۇڭا مۇشتەرى بولۇش ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقىڭىزنى سورايمىز.

11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىز ھەر ئاينىڭ 10-كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ. باھاسى: 1.40 يۈەن.

ژۇرنال ۋەكالەت نومۇرى: 66 — 58.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوپ، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

ئىلھام ئابلىز

# مېھرىمنىڭ بەرگەن سۆيگۈشىنى

## تاغ ئەركىسى

پەرىزاتنى كۆرمىدىم زىنھار،
كۆڭلۈمدە يوق كۆرۈش ئىستىكى،
تەسۋىرىنى بەرگەچ ھەر باھار
قارىغايلىق تاغلار ئېتىكى.

كۆز ئاچقاندا بۇندا ئىڭگەلەپ،
تاغ سۇلىرى يۇغان جىسمىمنى.
بۆشۈكۈمنى شامال ئەللەيلەپ،
گۈل ئويغاتقان سەبىي ھېسسىمنى...

بالىلىقىم، ئوماق گۈل چېغىم
ئۆتتى، تاغلار، قوينۇڭدا كۈلۈپ.
گۈل ھۆسنۈڭگە باغلاندى قەلبىم،
كۆزلىرىمدىن سۆيگۈ تۆكۈلۈپ.

ناخشا ئېيتىپ بېرەتتىڭ ماڭا
شىلدىرلاپ، ئاھ، تاغ بۇلاقلىرى.
تىلىم چىققان سىردىشىپ ساڭا،
كار قىلمىغان قىش سوغۇقلىرى...

ئېزگۈ ھېسلار قولۇم يېتىلەپ،
شەمشاتلارغا قىلغاندا ھەمراھ،
شاخلىرىدىن گۈزەللىك ئىزدەپ،
خىياللىرىم چىرماشقان گويا.

شەپەق سۆيگەن ياپراقلىرىدىن
بالىلىقىم كۆرۈنەر غۇۋا.
سۆيگۈ تاپتىم ئاتەش مېھرىدىن،
ئاۋۇلدىكى گۈلخانلار گۇۋاھ...

تاغلار، تاغلار، ئۆستۈردۈڭ مېنى
تاغ ئەركىسى قىلىپ كۈلدۈرۈپ.
گۈزەللىككە چاتتى قەلبىمنى
قۇچىقىڭدا گۈللەر يەلپۈنۈپ.

گۈللىرىڭدە ھىدلىغانىمدىك،
تىنىقىمدىن تارايدۇ ئىپار.
بەرگىلەرگە ئورىغانىمدىك،
جىلۋىلىنەر مەڭزىمدە باھار.

بۇدرۇققىنە بارماقلىرىمنىڭ
ئىزناسى بار چوققىلىرىڭدا.
شاھىدىدۇر ئارمانلىرىمنىڭ
پەر سىلكىگەن بۈركۈتلەر گويا.

ئاق چوققىلار قەلبىمگە رەڭداش،
ھەتتا يولۇم ئاقلىقىدەك ئاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جىرالىرىڭ ۋەسلىمگە تۇتاش،
سۆيگۈم ئۇچۇن ھېس بېرەر ئويناق ...

تاغ، ئوخشايسەن مەردلەر كۆكسىگە،
بوران سوقسا تۇتىسەن كۆكرەك.
ئۇدۇم بولدى ئوغلۇڭ جىسمىگە
سەندەك ياشاش، سەندىكى تىلەك.

بوئاغاچ سەندە ھۆرلۈك ۋە غۇرۇر،
قۇياش كۈلۈپ قويار ساڭا باش.
يۈكسەكلىكتە تۇرغاچ سەن مەغرۇر،
سەندەك ئۈستۈم، ساڭا تۇيغۇداش.

جىسمىڭدە يوق شاھلاردەك كىبىر،
ھەم قۇللۇقتىن مۇستەسنا تۈگەل.
بار سىنىڭدە ئاندىلىق مېھىر،
تىلەكلىرىم بولار سەندە ھەل.

## باھارغا قىياس

پەرىمۇسەن،
تىنىقلىرىڭ قۇياشقا تۇتاشقان؟
ھىدلىرىڭدىن
ئالەم قوينى بولار گۈلىستان!

دېڭىزمۇسەن،
شاۋقۇنلىرىڭ زېمىن ئويغاتقان؟
تومۇرلاردا
تامچە سۆيۈك ياندۇرار گۈلخان!

ياشلىقمۇسەن،
قەلبلەردە سۆيگۈ پارلاتقان؟
تەبەسسۇمىڭ
ئۈمىد — ھايات،
ۋۇلقاندەك ئارمان!

ئانىمۇسەن،
كۆزلىرىڭدىن سۆيىمى ياراتقان؟
ئاپئاق چېچىڭ
قەلبلەرنى قىلار نۇرىستان.

شاھالىمۇسەن،
گۈلزارلارنى سۆيۈپ ئوينىغان؟
قول سوزىدۇ
ئارمانلىرىڭ يۈرىكىم سايان ...

## باھار يۇلتۇزلىرى

باھاردا باھارچە ئىلھام بولىدۇ،
ھەر ئىلھام چېچىنى تۇغار مىڭ داستان.
كۆككە باق، چاراقلاپ يۇلتۇز كۈلىدۇ،
ئۇ باھار قىزىدەك پەرىزاتىسمان.

بۇلاقتا نەملەنگەن يۇلتۇز كىرپىكى،
پارلايدۇ كۆزىدىن ئېزگۈ بىر خىيال.
يۇلتۇزلار چېھرىدە باھار ئىستىكى،
ھەر ئىستەك شائىرغا بېرىدۇ ۋىسال.

## دەريادا كۆيلىنەر قەلبىم ساداسى

زەڭگەر دولقۇن يۇلقىنار كۆككە
قۇياش سۆيۈپ، نۇرغا تەلپۈنۈپ.
ئاق بۇژغۇنلار توخشاپ چېچەككە،
يۈرىكىمگە ھېس بېرەر كۈلۈپ.

يۈزلىرىمگە سۆيىدۇ گاھى
بالىلىقىم كەبىي ئەركىلەپ.
ئاھ، ساھىلنىڭ سالقىن ساباھى
ئىلھامىمنى ھىدلار مەست ئەيلەپ.

شاۋقۇنلىنار دەريا دەممۇدەم،
ئىستەكلىرىم كۆيلىنەر ئۇندا.

دولقۇنلاردىن كۆرۈنەر ئەتەم،
نۇر سىلكىتىپ كۆلگەندە دەريا.

ئانا دەريا شاۋقۇنلاپ ئاقار
يۈرىكىمنىڭ ساداسى بولۇپ.
ۋادىلارغا چىللايدۇ باھار
ھەر تامچىسى نۇردا يۇيۇنۇپ.

## تۇمەن دەرياسى

ئەھ، تۇمەن، نېمانچە گۈزەل ساھىلىڭ،
گىرۋىكىڭ گوياكى زەر - ئالتۇن قەسىر.
كۈندۈزى كۈلسە گەر قوينۇڭدا قۇياش،
تۈنلىرى ئاي پەرى ھۆسنۈڭگە ئەسىر.

ئاندۇر بالىغا مۇقەددەس قىبلە،
ئانامسەن ئەي تۇمەن—دولقۇنلۇق دەريا.
ۋۇجۇدۇم - باغرىمغا قۇياشتەك ئىللىق،
مەن ساڭا ئىنتىزار ئاشىقتەك گويا.

باللىق سۆكۈتتىن يېشىنگەن چېغىم،
قەلبىمگە ھېس بېرىپ ياندۇردۇڭ گۈلخان.
ئىقبالىم قۇياشىن ئۇراپ شەپەققە،
ۋىسالىم كۆكىگە چاچراتتىڭ ھامان.

تولغىنىپ ئاققاندا كۆمۈش رەڭ سۈيۈڭ،
دولقۇنلار كۆڭلۈمنى قاچىدۇ ئېلىپ.
قاينىمىڭ ۋاراقلاپ تارىخ بېتىنى،
چاقنىتار مەردلىكنى نامايان قىلىپ.

ئۇلتۇرار بويۇڭدا مەھمۇد قەشقەرى،
پەر قاققان خىيالى بۈركۈتكە تىمسال.
ئۇپۇقتىن ھالقىغان نۇرلۇق كۆزلىرى
قوينۇڭغا قۇياشتەك زەر تۆكەر تال - تال.

ھېسلىرى فونتاندەك ئۇخچىغان يۈسۈپ①
ئۇپۇقۇنلار مەۋجىدە قىلماقتا ناۋا.
نىزارى غەۋۋاستەك شۇڭغۇپ قوينۇڭغا،
دولقۇنلار ئەۋجىدە ئېيتىدۇ ناخشا.

كۆرىمەن دولقۇنىڭ يۇلقۇنۇشىدىن
نۇزۇكنىڭ ئەرك ئۈچۈن قىلغان جېڭىنى.
زۇلۇمغا ئۇرماقتا ئەنە ئۇ قىلىچ،
كۆتۈپ ئەل بەختىنىڭ نۇرلۇق تېڭىنى.

شاش، تەنتەك بورانغا پەرۋايىڭ پەلەك،
جەڭگاھنىڭ سۈبھىسى كەبى مەغرۇرسەن.
بۇلۇتقا يامىشار ئاق قۇدەك قەترەڭ،
باھاردا چاڭقىغان دەشتكە يامغۇرسەن.

نۇر چايقاپ ياشايسەن ئەسىرلەر بويى،
ئۇيقۇنى تونىدىمۇ ئەتكەچ سەن تەرك.
ئۆستۈممەن سەن كەبى نۇرغا تەلپۈنۈپ،
نۇردا بار پاك سۆيگۈ، نۇردا بار ئەرك.

ئوغلۇڭمەن، باغاشلاپ سۆيىمەن سېنى،
بۇ سۆيۈش نەسلىمدىن مىراستۇر ماڭا.
يىگىتلىك قەلبىمگە ئوغۇزدۇر سۆيۈڭ،
ھەتتاكى تىنىقىم باغلانغان ساڭا.

يىگىتلىك تۈنلىرى قىينىسا ھىجران،
باغرىڭغا قول سوزدۇم لېۋىڭنى يالاپ.
شاۋقۇنۇڭ كىشىنىشى كەلدى قەلبىمگە—
ئەسىرلەر ئارمىنىن ھۆرلۈككە چىللاپ.

سېنىڭدەك مۇقەددەس بولغان ئەقىدەم،
ئۆلمەيمەن سەن كەبى ئەسىرلەر ئېشىپ.
ئۇپۇقتا كۈلمەكتە ۋىسالىم ئەنە،
تىلىكىم دولقۇنلار ئارا مىنگەشىپ.

① يۈسۈپ — يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

ئوغلۇڭمەن، قۇياشتەك سۆيىمەن سىنى،
كاپىللۇ① يۈرىكى قولۇمدا مانا.
ئاچ كەڭرى باغرىڭنى، ئۆزەي ئەركىمدە،
چۈنكى سەن مۇقەددەس،
سۈت بەرگەن ئانا!

## سۆيگۈ ساھىلى

ئۇر سۆيگەن خىيالىم بويىنۇڭدا مارجان،
نىگاھىم قەلبىڭدە كېزەر سەيياھتەك.
چۈشلىرىڭ چۈشۈمنى ئەتكەندە ماكان،
مەنزىلىم تۈنلىرى كۆرۈنەر ئاقتەك.

تىلەيمەن كۆزۈڭدىن
يالما دەپ مېنى،
چۈنكى بار ئۇنىڭدا دولقۇن كىشنىشى.
بوغمايدۇ كەڭ دېڭىز ئاشىق ئەركىنى،
مەيلىغۇ ئاڭلانسا ۋىسال ئۆكسۈشى.

قەترەڭدە قۇياش قىپ پارلاتقىن مېنى
ۋە ياكى غەرق قىل ئۇپقۇنلىرىڭدا.
تېخىمۇ زارىقىپ كۈتەرمەن سېنى،
كۈيلەنسە ھىجرانىم دولقۇنلىرىڭدا.

ئابدۇكېرىم ئوسمان

## تۇغۇلغان كۈنۈڭ

مۇبارەك، ئامرىقىم، تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
مۇبارەك! شادلىنىپ كۈلگەن دەقىقەڭ.
تۈندىكى ئارماندەك پارلايدۇ ھەيھات،
قەلبىڭدىن ئۇرغۇغان سۆيگۈ - ئەقىدەڭ.

يىگىرمە باھارىڭ ئۆتتى جىلۋىلىك،
سۆيگۈمنىڭ دالاسى كۈي - كۈيلەپ ھەريان.
كىيىكتەك تەلمۈرسەم، ياش تۆكتۈڭ ئۈنسىز،
دىللاردا بىخ سۈرۈپ بىر ئېزگۈ ئارمان.

مۇبارەك، دىلرەبا، تۇغۇلغان كۈنۈڭ،
ئىزلىرىڭ ئېقىندەك تۇرار يالتىراپ.
بولۇتقا ياماشسا ئۈمىد يەلكىنىڭ،
بوران بوپ كۈيلىدىم لېۋىڭنى يالاپ...

مۇبارەك! ئاي پەرى، مېھرى كەڭ دالا،
يىگىرمە باھارىڭ ئاچتى گۈل چىراي.
قەلبىمدىن بۇ ئۆچمەس مىسرالىرىمنى
رىشتىمگە ئۆتكۈزۈپ بويىنۇڭغا ئاساي.

# قارىچۇقۇمغا مۆكۈنگەن دۇنيا

## تۇغۇلغان كۈنۈم

كۆزلىرىڭدە — قوي كۆزلىرىڭدە
لەيلەپ يۈرەر
يۈرىكىمنىڭ تىترىكى، ئانا!
سەبىي ھېسلار كۆچكىلى نېكەم،
ئاھ، شۇندىمۇ باللىق ئېسىم
مۆكۈپ ئويىنار
تاڭ نۇرىدەك چاچلىرىڭ ئارا.
سەبىيلىككە ئەنداز لىچكىنىڭ
مۇبارەكلەپ قۇتلۇق كۈنۈمنى،

① كاپىللو — ئەپسانىلەردىكى قۇياش خۇداسى.

سەلكىندە كۆكلەم باھارنىڭ
نۇر سىلكىتىپ يەلپۈنەر ئاستا.
ئانا،
قوي كۆزلىرىڭ سۆزۈكلۈكىگە
مېھرىڭ بىلەن سۆمەردىڭ مېنى!
شۇ كۆزۈڭگە،
قوي كۆزلىرىڭگە
تىرەن چۆكۈپ كېتىۋاتىمەن
بۆشۈكۈمنى، زاكامنى يۇدۇپ،
بالا بولۇپ،
نۇر بولۇپ گويا!

## پەردە سىلكەر شوخ شامال تىنماي

توپا ھىدى ئەپكەلگەن شامال
ئۇرۇلىدۇ رۇجەككە رەت - رەت.
ئەنە ئايمۇ كۆرسەتتى جامال،
چىق ئامرىقىم، بولدۇم بىتاقەت.

رۇجەكتىن مارايتۇ چېچەك،
پەردە سىلكەر شوخ شامال يەنە.
ئاقباش تاغمۇ تاشلايتۇ لىچەك،
چىق،
قىلايلى بىللە تەنتەنە!

## ئۇزىتىش

ئۇزاتتىم مەن سېنى ئاي كۆيگەن ئاخشام،
چاقتى چانىقىمنى كۆيدۈرگۈچ شولا.
سەن بىلەن ئۇزىدى كۆڭۈللۈك ناخشام،
ياماشتى قەلبىمگە ھىجرانلىق يىغا.

ئەركەم، ئاي كۆيدۈرگەن ئاي سۆيەت
ئەركەم،
بىرماڭا بەردىڭمۇ كۆيۈكنى پۈتۈن؟!

ئاداققى يۇلتۇزلار ئۆچكىلى نېكەم،
تىترەيدۇ نەپەستىن ئاي كۆيگەن بۇ تۈن.

## شۈرلايدۇ ئۇھ تارتىپ شامال...

چىمەنلىكتە ياندىشىپ ئۈنسىز
ئولتۇرىدۇ بىر يىگىت، بىر قىز.
تىترەپ تۇرغان قوللىرى قىزنىڭ
يېشىل چۆپنى يۇلار تىنىمسىز...

گۈگۈمغىچە سوزۇلدى بۇ ھال،
مارجان ئاستى يۇلتۇزدىن ئاسمان...
يېنىككىنە ئۇھ تارتىپ شامال،
شۈرلايدۇ ئۇلارغا بۇئان:

«سۆزلە، يىگىت، سۆيگۈڭنى قىزغا،
نازۇك قامەت بولدى بىتاقەت.
دىل ئىزھارىڭ بىھەر مۇشۇ دەم
ئامرىقىڭغا ئالەمچە راھەت.

يېشىل چۆپنى يۇلما، سەنمۇ قىز،
يېشىللىق ئۇ كۆكلەمگە پەرداز.
پاك سۆيگۈڭلار تاپقاندا ۋىسال،
ئۇ بولغۇسى ئۆچمەس پايانداز...»

## سۆيگۈم پەقەت ساغلا تالىق

قۇياش بولدۇڭ، دىلرەبا قۇياش،
نۇر چاقناتتىڭ باھار تېگىدا.
سۆيگۈم كۆزى چېقىلدى، ياندى،
ئاتەش تۆكۈپ تىنىمدىڭ ئۇدا.

سۆيگۈم كۆزى كور بولدى شۇندىن،
قات - قېتىدا سۆرىتىڭ قالدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆرمەس بولدى كۆڭۈل ئۆزگىنى،
پاك ئىسمىدە يۈرىكىڭ قالدى.

شۇنداق ھامان ھەقىقىي ئاشىق،
پاك سۆيگۈسى بىرگىلا تالىق.
ئاڭا چۆككەن قەلب سىيماسى
قۇياش كەبىي مەڭگۈ جۇلالىق.

### يامغۇردىن كېيىن ...

گۈلدۈر جىمىپ، توختىدى يامغۇر،
سۈكۈناتقا چۆمدى كەڭ سەھرا.
...
شامال ئېگىراپ ئۇچماقتا غۇر - غۇر،
جىمغۇرلۇقتىن بەزگەندەك گويا.

چال ھۇجرىسى شۇمشەيگەن بۇ دەم،
تامنى بويلاپ سىرغىيدۇ سۇلار.
توپا تاملار بولغان تامام نەم،
سامانلىرى پارقىراپ تۇرار.

ئۇۋىسىنى ئەپكەتتى قارلىغاچ،
قاراپ قالدى ئارقىسىدىن چال.
ئۆزى بۇندا يېگانە قالغاچ،
كۆزىگە ياش يامرىدى دەرھال ...

غەيرەت غوپۇرى

## غالىب ناخشىلار

### ئەسىرلەر تەزكىرىسى

تۇغۇلدۇم ئىزىقىقان يوللار ئۈستىگە،
مەندە يوق ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەلىمات.
ۋە لېكىن بار بولسا قىلدىم تەرجىمە،
روھلار ۋە سۈكۈتنى بىلىپ تىلسىمات.
يەنىلا بۇلاقتەك سۆزلىيەلمىدىم،
قېپقالدى زېمىندە كۆپلىگەن ھايات!...

### تىنچلىق ناخشىسى

ئۆتەك باسقان ئۇرۇش كەلگىلىكى
چۇقانلارنى يۈرەر ھاپاشلاپ.
تۇمانلىقتەك كۆرۈنەر دۇنيا،
قەبرە ئۈنەر، ئوقلار غۇيۇلداپ.
يۇلتۇزلارنى ئەسلىشىپ يۈرگەن
سانسىز ئەرنى قاچار ئوغرىلاپ.
ئوق ئىچىدە تۇرىدۇ دۇنيا،
كېپەن ئوراپ كەلمەكتە ھايات.
پەلسەپىلەر قالدى تېگىرقاپ،
شوئار يېزىپ تووۇلار كائىنات.
كەلگۈسىنى بۆلەيلى كۆككە،
بۇ يەر ئۆزرە قالمىسۇن غازات.

### توپىغا ئايلانغان پەرى ھەققىدە

(مەرھۇم شادكولگە بېغىشلايمەن)

بىلمەيمەن دائىما سۈكۈتلىرىمنىڭ
تولىسى ئۇ قىزنى كېتىدۇ ئىزدەپ.
شۇ قارا لەھەتكە مەھكۇم تەنلەرگە
يىراقتىن قارايمەن پىچىرلاپ سۆزلەپ.
مىنگەشىپ ئۈستىگە ئاھۇ پىغانىنىڭ،
قىلىمەن سەپەرنى دۇنيانى كۆزلەپ.

دەھشەتلىك ئىز سېلىپ ۋارقىرار تىلىم،
چۈشۈمنىڭ يوللىرى سىغدۇرماس مېنى.
چاقنىغان يۇلتۇزلار كەتسە يوقلىپ،

كېتەركەن چايقىلىپ دۇنيانىڭ قېنى.
توپىغا ئايلىنىپ كەتتى بىر پەرى،
ئۆگەتتى ۋە لېكىن روھىنىڭ تىلىنى.

## شائىر توغرىسىدا رىۋايەت

شائىرلار ھەققىدە قۇرئاندا مۇنداق
يېزىپتۇ قەۋەتلا ياخشى بىر چۆچەك:

دوزاخقا كىرىپتۇ يالغانچى شائىر،
ھەقىقەت شائىرى جەننەتكە، دېمەك.

ئۇ ئالەم قانۇنى ھەق ئىكەن شۇنداق
ۋە لېكىن بۇ ئالەم قانۇنىمۇ ھەق.
يالغانچى شائىرلار كېتەر ئۇنتۇلۇپ،
راستچىللار ياشايدۇ دىللاردا بەرھەق.

رەجەپ مۇھەممەتنىياز

## شائىرلىق سۈرىتىم

شېئىر يازىمەن
ئېلىپ مىسرالىرىمنى
خەلقىم كۆزىدىن.
بېسىپ مەھمۇد، يۈسۈپ
ئەجداد ئىزىدىن.
ياساپ قەلىمىمنى
«ھاي - ھاي تېرەك» تىن،
سىياھىنى مەن ئېلىپ
«نورۇز بۇلاق» تىن.

## سېغىنىش

سەن ئۇياقتا،
مەن بۇياقتا، جېنىم ئامرىقىم.
قارايمەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق،
ئوتلۇق كۆزلىرىمدە تەلمۈرۈپ.
تۆكۈلەر كۆزلىرىمدىن بىھېساب يۇلتۇز،
قالىمەن شەبنەملەرگە كۆمۈلۈپ.
سۆكۈتلىرىم يىغلايدۇ،
يىغانلىرىم چاقناق.
سورايمەن شامالاردىن سېنى،
شامالارغا قوشۇپ قويىمەن
دۇنيا سىغقان
يۈرىكىمگە سىغمىغان ناخشىلىرىمنى.
چەكسىز بوشلۇقتا
ئۆزەر سېغىنىش - ئىستەكلىرىم،
تېۋىشسىز سۆيۈشەر لەۋلىرىمىز.

## قۇياش ئوغلىمەن

جاھانغا كۆز ئاچقان چېغىم شۇ ھامان
ئۇپۇققا بۆلەندىم، ئۇ بولدى كۆرپەم.
چېچىلدى ئۇپۇققا كىندىكىم قېنى،
قىزىلگۈل رەڭگىدە بويالدى شۇدەم.

تاڭ سەھەر قۇياشتەك ئىللىق مېھرىدە،
جان ئانام باغاشلاپ مەڭزىمگە سۆيدى.
نۇر بولدى ئوغۇزۇم، نۇرنى ئەمدىمەن،
شۇ قۇياش نۇرىدىن قەلبىم سۆيۈندى.

قۇياشنى سۆيدۇمەن، ئۇپۇقنى سۆيدۇم،
چوڭ بولدۇم نۇر ئېمىپ قۇياش قوينىدىن.
تايچاقتەك قىيغىتتىم ئەركىلەپ، كۈلۈپ،
چۈشۈرمەي قولۇمنى ئاينىڭ بوينىدىن.

ھەربىر تال ھۆجەيرەم قۇياشتىن پۈتتى،
پارلىدى ۋۇجۇدۇم قۇياشقا ئوخشاش.
ئۈمىدىم نۇر بولۇپ تۈننى يورۇتتى،
يۈرىكىم تۇس ئالدى قۇياشقا ئوخشاش.

مەن قۇياش ئوغلىمەن، يۈرىكىم يالقۇن،
قۇياشنىڭ تەپتى بار تومۇرلىرىمدا.
نۇر بىلەن پايخانلاپ قارا تۈنلەرنى،
قۇياشتەك ياشايمەن نۇر تۆكۈپ بۇندا.

ھۇسا ئەھەت

## خوشلىشىش ئالدىدا

ئاھ، ئېغىر ھەسرەتتە ياندۇ قەلبىم،
ئانا يۇرت، سەن بىلەن خوشلىشار چاغدا.
«خەير خوش، خەير خوش!» دەيمەن يېنىشلاپ،
يۈرىكىم پۇچۇلىنىپ ھىجرىڭ داغىدا.
ئاچچىق ھىس-تۇيغۇلار قەلبىمدە قىيان،
كۆز يېشىم دەريادۇر، يۈزلىرىم ۋادا.

ئاھ، ئېغىر ھەسرەتتە ياندۇ قەلبىم،
قارىسام دىيارىم ساڭاھەر نەپەس.
سوغ تەگكەن غۇنچىدەك تىترەيدۇ تېنىم،
ھەرتىنىق ئەۋجىدە بىر ئىشق پەۋەس.
كۆزۈمگە ئالتۇندەك كۆرۈنەر شۇ تاپ،
ئۈستۈڭدە كۆرۈمسىز تۇرغان چاۋا، خەس.

ئاھ، ئېغىر ھەسرەتتە ياندۇ قەلبىم،
قانماستىن كۆزلىرىم ھۆسنىڭگە زىنھار.
كۆكرىكىم ئىشقىڭ چۇن تۇرسا زەر بولاق،
توختاشنى قىلامدۇ يۈرەك ئىختىيار؟!
بوتىدەك بوزلايدۇ تۆكۈپ پىغان، زار،
جۇدالىق زەخمىكى چېرتىپ ئۈتكەن تار.

ئاھ، ئېغىر ھەسرەتتە ياندۇ قەلبىم،
ئاھ، دەيمەن زارلىنىپ، كۆتۈرۈپ پەرياد.
سېخىي زەر قۇياشتىن ئۈزۈلمەس مېھرىم،
باغلىرىڭ بېھىشتەك تۇرسا ئۈز، سۈمبات.
خوشلىشىش ئالدىدا تارتىدۇ مېنى،
ئېھ، يۇرتۇم، قوينۇڭدا شۇ گۈزەل ھايات!

مەتقۇربان ئىسمايىل

## گۈل پۇرىقى

خۇپىيانە باقتىم شۇراڭدىن
گۈلنى پەرۋىش قىلىشلىرىڭغا.
ھاياجاندا سالدىم مەن نەزەر
گۈل ئارىلاپ مېڭىشلىرىڭغا.

ئىزلىرىڭدىن ئېچىلىپ گۈللەر
چاچتى خۇش بۇي پۇراقلىرىنى.
تىنىقىڭنى ئېپ كېلىپ بىرگە،
قۇچتى لەززەت دىماقلىرىمنى.

## قەلبىم سۆيۈندى

كېچە كۆككە باقسام تەلمۈرۈپ،
ئاي يېنىدا جىمىرلار يۇلتۇز.
كۆلگە باقسام، كۆلدىمۇ ھەتتا
ئەمەس ئىكەن ئاي قىزى يالغۇز.

بىراق باقسام يانغا تەلمۈرۈپ،
پاھ، كۆزۈمگە بىر ئاي كۆرۈندى.
شۇ ئاي يۈزلۈك جانانىنى كۆرۈپ،
قەلبىم گويا تاغدەك سۆيۈندى.

## ئالمىغا بېقىپ ...

سۇ بويىدا تۇرىمەن قاراپ،
سۇغا چۈشكەن ئالمىغا بېقىپ.
كېلەر ئالما ئالدىمغا لەيلەپ،
بىر - بىرىنى قوغلىشىپ - ئېقىپ.

ئالدىمدىكى باغدىن ئۈستەڭگە
بىرسى ئۇنى ئوينىغان ئېتىپ.
مەيلىڭ بولسا ئالما ئاتمامسەن،
دېگەن بۇ سۆز كۆڭلىگە يېقىپ،



مەمتىمىن هوشۇر

# ساراڭ

(هېكايە)

بىر نەرسە يېزىۋاتقان چېغىمدا ئۆيدىكىلەرگە: «مېنى قانداقلا ئادەم ئىزدەپ كەلسە، ئۆيدە يوق دەڭلار» دەپ تاپىلاپ قويىدىغان ئادىتىم بار ئىدى. نېمە قارا باستىكىن، بىر كۈنى هويلىدا خىيال قىلىپ تۇرۇۋىدىم، دەرۋازا شاراقلاپ قالدى. ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىشنى بىئەپ كۆردۈم-دە، بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتىم. ئالدىمدا ياش قورامىنىڭ نەچچىدىلىكىنى دەرھال پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر كىشى تۇراتتى.

— بىر ئەسەر يېزىپ كېلىۋىدىم، كۆرۈپ بېقىشقا ۋاقتىڭىز يېتەمدىكىن؟ — دەپ ناهايىتى سىپايە گەپ قىلدى ئۇ. ياق دېيىشكە ئاغزىم بارمىدى.

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭ، — دېدىم.

مېهمان ئۆيگە كىرىپلا:



— سوغۇق سۈيىڭىز بارمۇ؟ — دېدى.

— نېمە قىلىسىز؟

— ئىچىمەن.

— چاي ئىچمەمسىز؟

— سوغۇق سۇغا يەتمەيدۇ. سوغۇق سۇ — تەبىئەتنىڭ ئۆز مېۋىسى، قايىنىتىپ قۇۋۋىتىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن سۇدا نېمە مەززە بار دەيسىز؟

بىزنىڭ بۇ يازىدىغان ئاغىنىلەر ئىچىدە خىلمۇخىل ئادەملەر ئۇچرايدۇ. مېهمانىنىڭ گېپىگە ئانچە هەيران بولمىدىم.

قىزىم بىر چىنىە سوغۇق سۇ ئەكىرىپ
بېرىۋىدى، مېھمان ئۇرە تۇرۇپلا
ئىچىۋېتىپ ئورۇندۇقتا بېرىپ ئولتۇردى.
ئاندىن كاستۇمىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن
ئەسەرنىڭ ئورىگىنالىنى ئېلىپ، ماڭا سۇ-
نۇپ تۇرۇپ:

— بۇنى ھېكايە دېسەم بولامدۇ، نېمە
دېسەم بولار؟ ياراپ قالغۇدەك بولسا، ئۆز-
ڭىزنىڭ نامىدىلا ئېلان قىلىۋەتسىڭىزمۇ
بولىدۇ، — دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — مەن ھەي-
ران بولدۇم.

— ئەمدى، مېنىڭ دېگىنىم، — دەپ
چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئۇ ئورىگىنالنى
ئالدىمغا قويۇپ تۇرۇپ، — ئانچە - مۇنچە
بىرنېمىلەرنى يېزىپ كۆڭلۈمنى خوش قى-
لىپ يۈرگەن بولساممۇ، بۇگۈنگىچە بىرەر-
سىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلدۇرۇپ باق-
مىغان، قاملاشمىغان بولسا، خەق مېنى
زاڭلىق قىلىدۇ؛ قاملاشقان بولسا، «چو-
قۇم باشقا بىرەرسى يېزىپ بېرىپتۇ ياكى
بولمىسا بىر يەردىن كۆچۈرۈپ ئوغرىلاپتۇ»
دېيىشىدۇ. ئۇنىڭدىن، ئۆزىڭىزنىڭ نامىدا
ئېلان قىلىۋېرىڭ. يازغان نەرسەمنى خەق-
نىڭ ئوقۇغىنىنى كۆرسەملا، ماڭا شۇنىڭ
ئۆزى كۇپايە ...

ھەيران بولغىنىمدىن نېمە دېيىشىم-
نى ئۇقماي، ئورىگىنالنى قولۇمغا ئال-
دىم. مېھمان ھېلى سۇ ئىچكەن قاچىسىغا
قاراپ - قاراپ قويۇپ، قانداقتۇر بىر ئا-
ھاڭغا غىڭشىپ ماڭا قاراپ ئولتۇردى.

ئەسەرنى باشتىن - ئاياغ ئوقۇپ چىق-
تىم. راستىمنى ئېيتسام، تازا بىر نەرسە
چۈشىنىپ كېتەلمىدىم. ھېكايە (ئەگەر
ئۇنى ھېكايە دېيىش مۇۋاپىق بولسا) نىڭ
بەزى يەرلىرى قاملاشمىغاندەكمۇ قىلاتتى،
بەزى يەرلىرى يەنە بىر قىسمىراق تۇرات-
تى. بولۇپمۇ مەزمۇنى، ئادەمنىڭ بېشىنى
قاتۇرىدىغان نەرسىمۇ مۇشۇ. ئاپتورنىڭ
نېمە ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرمەكچى بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرماق تەس ئىدى ... يې-
قىندىن بېرى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە مۇشۇن-
داق چۈشەنمەك تەسكە توختايدىغان بىر
قىسىم ئەسەرلەر كېلىدىغان بولۇپ قالغا-
نىدى. تۇرۇپ: «بۇمۇ شۇنداق يېڭى ئۇس-
لۇبتىكى بىر نېمە بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟!»
دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئورى-
گىنالدىكى بەزى خەتلەر تازا ئوچۇق ئە-
مەستى، بەزى يەرگە كەلگەندە قەلەمنىڭ
سىياھى يېتىشمەي قالغاندەكمۇ قىلاتتى.

— ماۋۇ يەرلەر نېمانچە تۇتۇق؟ —
دېۋىدىم، مېھمان ئورنىدىن لىككىدە قو-
پۇپ، ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ، بۇ
تەرەپكە بويىنىنى سوزدى:

— قېنى، قېنى؟ ھە، كۆزدىن كەت-
تۇق دەڭە، كۆزدىن. كۆزەينەك تاقاي
دېسەم، كۆرگەن - بىلگەنلەر: «ماۋۇ نېمى-
نىڭ ھالىغا باقماي، كۆزەينەك تاقاپ كەت-
كىنىنى قاراڭلار!» دەپ قالامدىكىن، دەپ
تاقالماي يۈرىمەن ... ھېس قىلغانسىز؟ زا-
مان بەك تېز ئۆزگىرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئال-
دىنقى يىللىرىلا دېھقانلار كەتمەن - گۈر-
جەكنى كۆتۈرۈپ: «گەندە بولسا تارتى-
ۋالساق، كۆزدە ئانچە - مۇنچە سەي - كۆك-
تات بېرەرمىز» دەپ ئىشكىمىزدىن كەت-
مەيدىغان، ھازىر «ماۋۇ خالىجايىنى تارتى-
ۋەتسەڭ» دېسىڭىز، «قانچە بېرىسەن؟»
دەيدۇ، بەزىلىرى تېخى: «مېنى نېمە كۆ-
رىۋاتىسەن؟!» دەپ بىرمۇنچە رەنجىيدۇ...
ھە، ھە، سىياھى سۇسكەن، دەمسىز؟

قەلەمنىڭ سىياھى تۈگەپ قالسا، ئالدىرى-
غاندا ئۇنىڭ ئۇچىغا تۈكـۈرۈپ - تۈكـۈرۈپ
قويۇپ يازىۋېرىدىغانمۇ ئادىتىم بار، دەڭە.
ئۇنداق چاغدا سىياھ سۈمەرتمەن دېسىڭىز،
كاللىغا كەلگەن گەپ قېچىپ كېتىدۇ. ھې-
لىقى، ئىلھام قاچتى، دېگىنىمىز شۇمـ-
كىن؟ ... ھە راست، مۇشۇ تۈكـۈرۈكنىڭ
خاسىيىتى توغرىسىدىمۇ بىرنەرسە يازسام-
مىكىن دېگەنتىم، يېزىپلا قالسام ئەكىلىپ
كـۆرسىتىمەن. مەسىلەن، ئالايلى: دېھقان
كەتمەن چاپقاندا قولىغا تۈكـۈرى-
دۇ. ئۇغۇ كەتمەننىڭ سېپىنى چىڭ تۇ-
تىمەن، دەپ شۇنداق قىلىدىغاندۇ، ئەڭ قى-
زىقى، يۈگۈرۈشكە چۈشكەن تەنتەربىيىچىلەرمۇ
قولىغا تۈكۈرۈپ قويىدۇ. بەزىلەر سوقۇ-
شۇپ قالسا بىر - بىرىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرى-
دۇ، بىزنىڭ كونا ئادىتىمىزدە بالىلارنىڭ
بېشىغا چاقا چىقىپ قالسىمۇ چوڭلار تۈكۈ-
رۈپ قويىدۇ. ئىشقىلىپ، يازىدىغان بولسا
بۇمۇ خېلى قىزىق بىر نېمە بولۇپ چىقى-
دۇ جۇمۇ... ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ بۇ يىل خوتەن-
دە پاختىنىڭ باھاسى چۈشۈپ كېتىپتۇ-
دەك... سىز نېمىشقا خوتۇنىڭىزغا ۋېلىس-
پىت ئېلىپ بەرمەيسىز؟ ... مۇندىن كېيىن
قارمۇ نورمىلىق ياققۇدەك... شىمالىي قۇ-
تۇپقا يېقىن بەزى مەملىكەتلەردە كاككى
باغلاپ ئىشقا بارىدۇ دەيدۇ، راستمۇ؟...

ھېلىقى ئاپتور مۇشۇنداق باش-
ئۇچى يوق گەپلەرنى قىلغىلى تۇردى.
«يائاللا! بۇ ئاغىنىنىڭ ئەقلى جايىدا ئە-
مەسمۇ، قانداق؟» دەپ گۇمانلىنىپ قالدىم.
«نېمىدەپ جۆيلۈۋاتىسەنوي؟!» دېمەكچىمۇ
ئىدىم، تۇيۇقسىز كاللامغا: «بۇنىڭ دەۋات-
قىنىمۇ مەنىسى چوڭقۇر، ئەمما دەرھال
چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھېلىقى يېڭى
ئۇسلۇبتىكى گەپ - سۆزلەردىن بولۇپ يۈر-
مىسۇن!...» دېگەن گۇمان كەلدى - دە،
ئۆزۈمنى ھەممىنى چۈشەنگەنگە سېلىپ،
«ھە» دەپ بېشىمنى لىڭشىتىپ ئولتۇرۇ-
ۋەردىم. ئاخىرىدا:

— بولىدۇ، ئەسىرىڭىزنى تەھرىر
بۆلۈمىدىكىلەر بىر كۆرۈپ باقسۇن، كېيىن
جاۋابىنى بېرەيلى، — دېدىم.

ئۇ ناھايىتى ئەدەب بىلەن:

— رەھمەت! — دەپ ئورنىدىن
قوپتى.

«خۇداغا شۈكرى!» دەپ يۈرىكىم
ئورنىغا چۈشتى. «زادى مۇشۇ ئەسىرىدىم
سىزچە بولامدۇ - بولمامدۇ؟» دەپ يېپىشى-
ۋالغان بولسا، نېمە دېگىلى بولاتتى.

— ھېلىقى گەپنى ئۇنتۇتماڭ - ھە! —
دېدى مېھمان ئىشىك ئالدىغا بارغاندا، —
ئەسىرىم يارىغۇدەكلا بولسا، ئۆزىڭىزنىڭ
نامىدا ئېلان قىلىۋېتىڭ، يازغىنىمنى مەتبۇ-
ئات يۈزىدە بىر كۆرۈپ يۈرىكىمنى توخ-
تىتىۋالسام، كېيىنكىلىرىنى ئۆز نامىمدا ئې-
لان قىلارمەن... گەپلىرىم تاقا - تۇقا بىلىنى-
دىمۇ، قانداق؟ ھەممە نېمە ئۆزگىرىۋاتى-
دۇ، دېدىمغۇ. ھاۋارايىچۇ؟ 2 - ئايدا
يامغۇر ياغقىنىنى قارىمامسىز... بۇدا بىرلا
قاتتىق بوران چىقسا ھۆپۈپ كېلەمدىكىن،
دەيمەن...

— راست، توختىڭا، — دەپ ئۇنىڭ
سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم، — بۇ ئەسىرىڭىزگە
ماۋزۇمۇ قويماپسىزغۇ؟

— «ساراڭ» دەپلا ماۋزۇ قويۇپ
قويۇڭ!

ئاپتور چىقىپ كەتتى. «نېمىگەپ
بوپكەتتتا!» دەپ ئورنۇمدا بىر ھازا ئول-
تۇرۇپلا قالدىم. ئورىگىنالنى باشقىدىن
قولۇمغا ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتىم. ھېكايە
مۇنداق يېزىلغانىدى:

* *

بازار ئىچىدە دۇكاندار بىر ئاغىنىمىز بولىدىغان. ئۇ، تەنقىدلىنىشمۇ ئىسمى گېزىت-ژۇرناللارغا بىر چىقىپلا قالسا خۇش بولىدىغان ئەخمەقلەردىن بولمىغاچقا، ئۇنىڭ نام-شەرىپىنى بۇ يەردە «سەمەتجان» دەپ ئاتاپ تۇرايلى. سەمەتجان كىيىم-كېچەككە ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيتتى. قاچانلا قارىسىڭىز ئۇچىسىغا ئۆڭۈپ كەتكەن، ئۇزۇن-قىسقا نەرسىلەرنى كىيىۋېلىپ يۈرۈۋېرەتتى. «مال ئىگىسىنى دورىسا هارام» دەپ، ئۇنىڭ دۇكىنىمۇ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەن، پەقەت ياغىچىنىڭ خىللىقىدىنلا هازىرغىچە ئۆرە تۇرۇۋاتقان كونا دۇكانلاردىن ئىدى؛ دۇكىنىغىمۇ مىخ، سوپۇن، قارا چاي، تازىلىق قەغىزى، ئارغامچا، چاق، سېرىنكا بوياق دېگەندەك ئۇدۇل كەلگەن نەرسىلەرنى ئەكىلىپ تۆكۈپ قويۇۋېتەتتى. دۇكاننىڭ ئىچىدە مال قويىدىغان كىچىككىنە تارچۇقمۇ بار ئىدى. بىز ئۈچ-تۆت ئاغىنە هەر يەكشەنبە شۇ يەرگە كېلىپ يىغىلىپ قالاتتۇق. ئۇ يەرنى «تارچۇق» دېسەك، سەل هۆرمەتسىزلىك بولىدىغاندەكمۇ تۇرىدۇ، «كىچىك ئۆي» دەپمۇ قويايلى. بۇ ئۆي يازدا سالقىن بولاتتى، قىشتا سەمەتجان ئۇ يەرگە كونا مەشتىن بىرنى تېپىپ قويۇپ، ئازراق ئوت قالاپ قوياتتى. بىز بىر-ئىككى رومكىدىن ئىچىپ، ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلىپ، بازارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭىدىن خالىي، خېلى كۆڭۈللۈك ئولتۇراتتۇق.

نېمە پاراڭ بولىدۇ، دەيسىلەر. ئارىمىزدا غازى ئىسىملىك بىرەيلەن بار ئىدى، ئۆزىمۇ غەلىتە كىيىنىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان نېمىدى، يېقىندىن بېرى قويىنىڭ توققۇز تولۇقىدەك ئون، يىگىرمە يەردە قات-قات يانچۇقى بار بىر چاپاننى ئۈستىدىن چۈشۈرمەي كىيىپ يۈرەتتى، غەلىتە گەپلەرنى تېپىپ كىشىنى هەيران قالدۇراتتى.

«ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ پالانى يەردە بىر خوتۇن توققۇزنى تۇغۇپتۇدەك، ئۇنىڭ سەككىزى ئادەمگە ئوخشايدىكەن، يەنە بىرىنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى تېخى تەكشۈرۈۋېتىپتۇ... تۈگمەنمەهەللىدە بىرسىنىڭ بىر خورىزى بار، دەپ ئاڭلىدىم، هازىرغىچە ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان خوراز چىقماپتۇدەك، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن هېلىقى خورازنىڭ پېشانىسىدە بىرلا كۆزى بار دەيدۇ... ئامېرىكىدا هازىر ئەرلەر ئەرلەرگە ئۆيلىنىپ، خوتۇنلار خوتۇنلارغا تېگىدىغان ئىش چىقىپتۇ... گاگارىن ئايغا چىققاندا، ئىككى ئادەمنى ئۇچرىتىپتۇدەك، نېمە ئادەملەر سىلەر؟ دەپ سۈرۈشتۈرسە، ئوقەت قىلغىلى چىققان ئاتۇشلۇقلاركەن...»

مۇنداق گەپلەرنى ئۇنىڭ نەدىن تاپىدىغانلىقىغا ئەقلىمىز يەتمەيتتى. ئەنۋەر دەپ يەنە بىرەيلەن بار ئىدى. ئۆزىنى ياساپ-تۈزەپ، ئەپچىللىكىنە بۇرۇت قويۇپ يۈرەتتى. چاقچاقچىمۇ ئۇستا ئىدى. ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئەپسانە ئىشلارنى هېكايە قىلىپ، كۈلدۈرۈپ ئۈچەيلىرىمىزنى ئۈزۈۋېتەتتى. ئۆزىمۇ هەممىمىز بىلەن ئەپسانە تىللار بىلەن چېقىشقاچقا، بىزمۇ ئۇنى «هەي ئەپسانە!» دەپلا قىچقىرىۋېرەتتۇق. مەن ئۇلارغا ئوقۇغان كىتابلىرىمدىن ئانچە-مۇنچە بىر نېمىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتىم. سەمەتجان سودىسىنى قىلىپ،

پات-پات بىزنىڭ يېنىمىزغا كىرىپ بىرەر رومكا هاراق ئىچىپ، پاراڭ تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

بىر كۈنى تالادا قار يېغىپ جۇدۇن بولۇۋاتاتتى، مەشكە تازا ئوتنى قالىۋېتىپ، پاراڭلاشقاچ ئىچىپ ئولتۇراتتۇق. بىرەيلەن:

— ناسۋال بارمۇ؟ — دەپ بىز ئولتۇرغان تارچۇقلا بېشىنى تىقىپ كىردى.

— ناسۋال يوقتى، — دېدى سەمەتجان ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ.

— پاه، تازا مەززە قىلىپسىلەر-دە! — دەپ هېلىقى خېرىدار مەشنىڭ يېنىغىلا كېلىپ مۇزلىغان قوللىرىنى ئوتقا سوندى.

— ئولتۇرۇڭ، ئىسسىنىۋېلىڭ! — دېيىشتۇق.

— ناسۋال دېگەن نېمىنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، — دېدى ئۇ سەمەتجان قويۇپ بەرگەن ياغاچ يەشىككە كېلىپ ئولتۇرۇپ، — بىر قېرى ئادەم «تاپقاچ چىقساڭ» دەپ بەك جېكىپ كېتىۋىدى. سىلەرنىڭ مۇشۇ دۇكاندا بار، دەپ ئاڭلىۋىدىم.

— بار ئىدى، تۈگەپ كەتتى. هازىر، ناسۋال دېگەننى چېكىدىغانلار ئازلاپ كەتكەچكە، ياسايدىغانلارنىڭمۇ تايىنى يوق. ماڭا بىر كىشى ئەكىلىپ بېرىپ تۇرىدىغان، ئۇزۇن بولدى كەلمىدى... هاراق ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدى سەمەتجان قولىدىكى رومكىنى خېرىدارغا سۇنۇپ.

— بوپتۇ، ئىچىپ قوياي.

خېرىدار بېشىدىكى قۇلاقچىسىنى ئېلىپ تىزىغا قويۇپ، هاراقنى گۆرۈپىدە كۆتۈرۈۋېتىپ، رومكىنى قايتۇرۇپ بەردى.

— ياۋاللا، ماۋۇ سوغۇقنىڭ بولۇۋاتقىنىنى، — دېدى ئۇ ئاغزىنى ئالقىنى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ، — باشقىچە ئويلاپ قالماڭلار، ئەپلىكرەك يەرنى تاپسام، ئازراق ئىچىپ قىزىۋالىمەن، دەپ ماۋۇ بىر بوتۇلكا هاراقنى هېلىلا ماگىزىنىدىن ئېلىپ يانچۇقۇمغا سېلىۋالغانتىم. تەڭ ئىچەيلى... پەيزىڭلارنى بۇزۇپ قويدۇممۇ-يا؟!

— ياق، ئۇ نېمە دېگىنىڭىز...

ساقىيلىق قىلىۋاتقان غازى خېرىدار سۇنغان هاراقنى قولىغا ئېلىپ، بىر ئۇنىڭ ماركىسىغا، بىر خېرىدارغا قاراپ:

— هارىقىمىزمۇ يېتەرلىكتى. بوپتۇ، بۇمۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىز، — دەپ يېنىغا قويۇپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ، يەنە بىر-ئىككى رومكىدىن ئىچتۇق. خېرىدار ئۈچىنچى رومكىنى قولىغا ئېلىپ:

— بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان، دېگەن گەپ بار. بۈگۈن هەر بىرىڭلار بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، كېيىن تۇغقانمۇ بولۇپ كېتەرمىز... بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسەم قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى.

بۇ سودا بولۇپ تۇرىدىغان دۇكان بولغاچقا، بىز ئەزەلدىن بۇ يەردە ناخشا ئېيتىشمايتتۇق. نېمە دېيىشىمىزنىمۇ بىلمەي سەمەتجانغا قارىدۇق.

— قېنى، ئۇنچىلىك پەيزىڭىز بولسا ئاڭلايلى، — دېدى سەمەتجان.

خېرىدار كۆزىنى سەل يۇمۇپ، بىر قولىنى قۇلاقچىسىنىڭ تۆپىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ ناخشىسىنى باشلىدى. ئۇ كونا ناخشىلارنى بوش ئاۋازدا يېقىملىق قىلىپ ئېيتالايدىكەن.



بىر دەمدىن كېيىن تالادا جۇدۇن كۆچىيىپ، يېغىۋاتقان قار شىۋىرغانغا ئايلىنىپ كەتتى. سودىنىڭمۇ تايىنى بولمىدى.

— دۇكاننى ئىچىدىن ئېتىۋېلىپ، ئارامخۇدالا ئولتۇرىمىزمۇ-يا؟ — دەپ ئورنىدىن قوپتى سەمەتجان.

— هوي، توختاپ تۇرۇڭ، مەن بىر سەرەڭگە ئەكىرىۋالاي. سىلەرنىڭ دۇكاندا بارمۇ-يا؟

— دۇكاندا سەرەڭگە يوق. ئەنە، مەشتە ئوت بارغۇ.

— ياق، تاماكا ئالىدىغان ئىشىم بارىدى، — دەپ تالاغا ماڭدى خېرىدار.

ئۇ شۇ چىقىپ كەتكەنچە يوقاپلا كەتتى. دۇكاننىڭ ئىشىكىنى قىيا يېپىپ قويۇپ بىر-ئىككى سائەت كۈتتۇق، يوق. هارىقىمىزنى ئىچىپ، ئۆزىمىزنىڭ پارىڭى بىلەن ئولتۇرۇۋەردۇق. تۇرۇپلا، بىرەرسىمىزنىڭ ئېسىگە كېلىپ قالسا:

— هوي، هېلىقى ئاداش نەگە يوقىدىهوي؟

— جۇدۇندا كەچ قالماي، دەپ ئۆيىگىلا قاراپ ماڭدىمۇ-يا؟

— بەلكى، بىرەر يېقىن ئاغىنىسى ئۇچراپ قالغاندۇ...

— ئۆزى زادى مەستمۇ، ساقمۇ؟

— ناخشىنى يامان ئەمەس ئېيتىدىكەن-هە! — دېيىشىپ قوياتتۇق.

شۇ كۈنى قىزىق پاراڭلار بىلەن دۇكاندا خۇپتەنگىچە ئولتۇرۇپ، راۋۇرۇس تەڭشىلىپ قايتىپتۇق.

تۈن يېرىم بولغان ۋاقىتمىكىن
ئەيتاۋۇر، دۇكاندا ئولتۇرغان تۆتىلىمىزنى
ساقچى ئۆي - ئۆيلىرىمىزدىن يىغىۋالدى.
مېنىڭمۇ هاراق تازا تۇتۇپتىكەن، موتىس
كىلىتتە سىلكىنىپ ئولتۇرۇپ، ساقچى ئىدا-
رىسىگە قانداق يېتىپ كەلگىنىمنىمۇ بىل-
مەي قالدىم. كىرسەم، ئېلېكتر چىراغلى-
رى يوپيورۇق يورۇتۇۋەتكەن يوغان بىر
بۆلۈمدىكى ئۈزۈن ئورۇندۇقتا سەمەتجان،
غازى، «ئەپسانە» لار سالپىيىپ ئولتۇ-
رۇپ كېتىشىپتۇ. كۆزۈمگە ئۈستەل، ئو-
رۇندۇق، تامدىكى رەسىملەر، يۇقىرىدا
ئولتۇرغان بىر - ئىككى ساقچى خادىمى
غۇۋا كۆرۈنەتتى...

سوراق باشلاندى. «دۇكانغا كىر-
گەن بىر خېرىدارنىڭ پۇلىنى ئېلىۋاپسىلەر»
دېگەن گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى سەل پەم-
لەپ قالدىم. ھەممىمىز: «توۋا، ماۋۇ ۋەھ-
مەتنى!» دېيىشىپ ياقىمىزنى تۇتۇشتۇق.
غازىنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى. ئور-
نىدىن قوپۇپ بىر نېمىلەرنى دەپ خېلى
قايناپ باقتى... يەنە نېمە گەپلەر بولدى
ئېسىمدە يوق. ئاخىرىدا يۇقىرىدا ئولتۇر-
غان بىر ساقچى (باشلىقمىكىن دېدىم):

— ھەممىڭلار تېخىچە مەستلىكىڭلار-
دىن يېشىلمەپسىلەر، ئەتە پاراڭلىشايلى.
ئوبدانراق ئويلىنىپ قويۇڭلار! — دەپ
چىقىپ كەتتى.

بىزنى ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان بىر
ساقچى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ، هويلى-
نىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ، ئايرىم-
ئايرىم ئۆيلەرگە قاماپ قويدى. مەن كىرگەن
ئۆي چاققانغىنە ئۆيكەن. يۇقىرىدا بىر يا-
غاچ كارىۋات قويۇقلۇق تۇرۇپتۇ. نې-
مىشقا ئىسسىقكىن دېسەم، تالا تەرەپتىن
ئوت قالىنىدىغان بىر تام مېشىمۇ بارىكەن.
«يامان ئەمەسكەن، تۆتىمىزنى ئايرىۋەتمىگەن
بولسا، قانچە كۈن ياتساقمۇ پاراڭ بىلەن
گۇڭگۇر - مۇڭگۇر زېرىكمەي يېتىۋېرەتتۇقكەن» دەپ
ئويلاپ قالدىم.

ئەتىسى بىزنى سوراققىمۇ قىلمىدى.
چۈشكە يېقىن قويۇۋەتتى. ئۇقساق، ھېلى-
قى كاززاپ خېرىدار بىزنى ساقچىغا چې-
قىپ، سولىتىۋېتىپ، سەھەرگە يېقىن سە-
مەتجاننىڭ دۇكىنىغا ئوغرىلىققا چۈشۈپ،
ئۆزى تۇتۇلۇپ قاپتۇ. «ياللا، ماۋۇ ئوغ-
رىلارنىڭ ھەيلىسىنى!» دەپ ھەيرانلا
قالدۇق.

— ئەگەر بىرەرسى ئارقىڭىزدىن
كېلىپ قۇلاق تۈۋىڭىزگە بىرنى سالىدىغان
بولسا، قانداق قىلىسىز؟

— بۇ سوئالغا ھەرقانداق ئادەم:

— مەنمۇ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كەل-
تۈرۈپ قويىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق قىلالىشىڭىز
ناتايىن.

ھېلىقى ۋەقە بولۇپ بىر - ئىككى
ئايغىچە سەمەتجان دۇكىنىنى ئاچمىدى.
بىر كۈنى، زېرىكىپ چوڭ كوچىنىڭ ئوت-
تۇرىسى بىلەن كېتىۋاتاتتىم، ئارقامدىن
ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. ئۆ-
زۈمنىڭ خىيالى بىلەن بولۇپ مېڭىۋېرىپ-
تىمەن. قۇلاق تۈۋىمگە بىر نەرسە «ۋاڭ-
گىدە» تېگىپ، كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ
كەتتى. ئارقامغا ئىتتىك ئۆرۈلۈپ قارىسام،
چىرايى قاپقارا بولۇپ كەتكەن گەۋدى-
لىك بىر نېمە يەنە ئۇرماقچى بولۇپ قو-
لىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئادەم-
نىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەتراپتىكى ئادەملەرمۇ قورقۇنچىقا چۈشۈپ
بىز تەرەپكە قارىشىپ تۇرغانىكەن. كىمدۇ
بىرى «قاچ، ساراڭ!» دەپ ۋارقىرىدى. نە-
گە قاچىمەن؟ مىنۇتلا كېچىكسەم بىر
مۇشت يەپ ئۆزۈمنى يەردە كۆرۈشۈم تۇر-
غانلا گەپ. ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى
تۇتۇۋېلىپ، كانىيغا ئېسىلدىم. ئىككىمىز
پومداقلىشىپ كەتتۇق. ئىككى ـ ئۈچ تې-
پىك يېدىم، بېقىنلىرىمغىمۇ بىرنەچچە
مۇشت تەگدى. بەختىمگە ئۈستىمىزگە ساق-
چىلار كېلىپ قېلىپ، مېنى ئاجرىتىۋالدى.
ھېلىقى ساراڭ بازارنى ئاستىن ـ ئۈستۈن
قىلىپ، ئادەملەرنى سۈر ـ توقاي قىلغى-
نىچە يەنە بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى.

ساقچىلارنىڭ ئىچىدىكى جۈغى كى-
چىكرەك بىرسى ماڭا ۋارقىراپ كەتتى:

ـــ نېمىشقا ئۆزىڭىزنى ئايىمايدىغان
ئادەمسىز!؟

ـــ مەن نېمە قىلدىم؟

ـــ ئۇنىڭغا ئېسىلغىچە قاچسىڭىز
بولمىدىمۇ!

بۇ گەپكە ھەيران قالدىم. يەنە
كېلىپ بۇ گەپ بىر قانۇننى قوغدىغۇچى-
نىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتاتتى. مەن ئۇلارغا:

ـــ بىكاردىن ـ بىكار ئادەم ئۇرسا بو-
لامدۇ؟ مېنىڭ شەخسىي ئىززەت ـ ھۆرمى-
تىم دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىدى، سىلەر ئۇ-
نى تۇتۇپ جازالاپ بېرىشىڭلار كېرەك، ـــ
دېدىم.

گېپىمنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى نە-
دىن بىلەي. ساقچى ئاغىنىلەر كۈلۈشۈپ
كەتتى: «قويۇپ بەرگەن بولساق، بىقىنلە-
رىغا يەنە ئازراق مۇشت يېگەن بولسا بوپ-
تىكەن» دېيىشىۋىدى، ئەتراپتا ئولاشقان-
لارمۇ پاراققىدە كۈلۈۋېتىشتى. ئۆزۈمنى تا-
ياق يېگەندىنمۇ بەتتەر ھاقارەتلەنگەندەك
ھېس قىلدىم. جۈغى كىچىك ساقچى ئاغ-
زىنى قىيسايتىپ مەنستىمىگەندەك كۈلۈپ:

ـــ ئۇ دېگەن ساراڭ، ساراڭ بىلەن
تەڭ بولمىدىغانغا سەنمۇ ساراڭمۇ!؟ ـــ دەپ
كۆزۈمگە قادالدى.

ـــ دېمەك، ساراڭلار ئادەم ئۇرسا
بولۇۋېرىدىكەن ـ دە؟!

ـــ ساراڭغا سوت يوق، دېگەننى
ئاڭلىمىغانمۇسەن؟

جۈغى كىچىك ساقچىنىڭ چىرايى-
نى مايماق قىلىپ كۈلگەن نەپرەتلىك
كۈلكىسى جان ـ جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى...
ئۆيگە بېرىپ كۆپكۆندۈزدە كەلگەن بۇ توغ-
را بالا ـ قازانى ئايالىمغا سۆزلەپ بېرى-
ۋىدىم، ئۇمۇ:

ـــ يائاللا، خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ-
دە! راست دېگەندەك، قاچماي نېمىدەپ
ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يۈرگەنسىز؟ ـــ دېدى.

شۇندىن باشلاپ، ئىككى بىقىنىم
قىسىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. نېرۋا-
دىنمۇ مەسىلە چىققاندەك قىلاتتى. ئۆيدە
يالغۇز قالسامۇ قورقىدىغان، ئۆز ـ ئۆزۈم-
دىن چۆچۈيدىغان بولۇپ قالدىم. يېنىم-
دىن بىرسى ئىتتىكرەك دېگىنىپ ئۆتۈپ
كەتسىمۇ يۈرىكىم سىيلىپ، ئاغزىمغا تىقىلىپ
قالاتتى. ئايالىم: دوختۇرغا بىر كۆرۈنۈپ
باقسىڭىز بولامدىكىن، دەپ مەسلىھەت
بەردى.

خوتۇنىدىنمۇ قورقمايمەن، ئەمما
ئۇنىڭ گېپىنىمۇ ئوڭايلىقچە يەردە قويى-
مايمەن. ئەتىسى ئەتىگەندىلا دوختۇرخا-
نىغا بېرىپ، ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ نو-
مۇر ئالدىم. ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىگە
كىرىۋىدىم، ئوتتۇرا ياش، تولۇق كەلگەن

بىر دوختۇر ئايال قولۇمدىن قەغەزنى ئال-
دى. «ياش ۋاقتىمدا خېلى چىرايلىق بىر
نېمە بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالدىم.
ئۇنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى سەزگەندەك قىلىپ ماڭا
بىر قىسمىلا قاراپ قويدى. «ئېرىڭىزنىمۇ
جىق ئالدىغان نېمىغۇ دەيمەن؟...» دەپ
ئۆچلۈكۈم كېلىپ قالدى. دوختۇر ئاق خا-
لاتىنىڭ يانچۇقىدىن تىڭشىغۇچىنى ئېلىپ
ئۈستەلگە قويۇپ تۇرۇپ:

— نەدە ئىشلەيسىز؟ — دەپ سورىدى.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟!... سىز دوخ-
تۇر بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال ئاغرىقتىن
«نەرىڭىز ئاغرىيدۇ؟» دەپ سورىمامسىز؟ —
دەپ تېرىككۈدۈم، دوختۇرنىڭ يوغان
كۆزلىرى ھەيرانلىقتا تېخىمۇ يوغىناپ
كەتتى، — سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلمەي-
دىم؟ ئاۋۋال نەدە ئىشلەيدىغىنىمنى سور-
ۋېلىپ، ئىش ئورنۇمنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن-
لىكىگە قاراپ داۋالىماقچىمۇ سىز؟... سىزگە
مەنپەئەتى تېگىدىغان بىر يەردە ئىشلەيدى-
غان چىقىپ قالسام، پالانى ئىشىمنى مۇن-
داق قىلىۋەتسىڭىز، دېمەكچىمۇسىز؟ شۇمۇ
داۋالاش بولدىمۇ؟! — دەپ ۋارقىرىغىنىمچە
چىقىپ كەتتىم.

ھېلىقى ئايال ئارقامدىن «ساراڭ!»
دەپ قاراپلا قالدى. ئۆيگە كېلىپ ئەھ-
ۋالنى دېۋىدىم، خوتۇنۇممۇ:

— نېمە دېسە «ھە!» دەپ كۆرۈ-
نۈپ، دورىڭىزنى ئېلىپ يېنىپ كەلسىڭىز
بولمامدىمۇ، راست ساراڭكەنسىز! — دېدى.

دوختۇرنىڭ «ساراڭ» دېگىنىنىغۇ
ئاچچىقىدا تىللىغىنى دەيلى، خوتۇنۇمنىڭمۇ
«ساراڭ» دېگىنى نېمىسى؟ شۇنىڭغا قا-
راپ: راس ساراڭ بولغان ئوخشايمەن،
دەپ قالدىم. ئۇنداقتا، ساراڭ بولماقمۇ
تەس ئەمەسكەن-دە!...

بەزىدە چۈشۈمدە ھېلىقى ساراڭنىڭ
ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى كۆرۈنگەن-
دەك بولۇپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەت-
تىم... قاراڭغۇ كېچىدە ئارقا كوچىلارنىڭ
بىرىدە تەمتىلەپ كېلىۋاتسىڭىز، يولنىڭ
چېتىگە ماشىنىسىنى توختىتىپ قويغان
شوپۇر تۇيۇقسىز چىرىغىنى ياندۇرۇپ،
كۆزلىرىڭىزنى قاماشتۇرۇۋېتىد-
دۇ. ئۇنى «يولۇمنى يورۇتۇپ بېرىۋاتىدۇ»
دەپ ئويلامسىز؟ ياق، «كابىنىكىدا قىلىۋات-
قان ئەسكىلىكىمنى باشقىلار كۆرۈپ قالمى-
سۇن» دەپ شۇنداق قىلىدۇ. نۇر قانچە
كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭ دالدىسىمۇ شۇنچە
قاراڭغۇ بولىدۇ... ئۇنداقتا، ھېلىقى سا-
راڭنىڭ ئوت چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ
ئارقىسىغا نېمە شۇملۇقلار يوشۇرۇنغان
بولغىدى!؟... شۇ ساراڭ بىلەن تەڭ بولغى-
نىمغا قارىغاندا، شۇ چاغدىلا ساراڭ بولۇش-
قا باشلاپتىكەنمەن-دە!... بولۇپمۇ ھېلىقى
ۋىجىك ساقچىنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى
بىلەن شۇنچە ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ھاقارەت-
لەنگىنىمنى ئويلىسام، پۈتۈن بەدىنىم تى-
كەنلەشكەندەك بولاتتى.

ھازىرچە، ساراڭ بولغىنىمنى كۆپ-
چىلىك ئادەملەرغۇ بىلىپ كەتكۈدەك بول-
مىدى، شۇنداق بولسىمۇ ناھايىتى روھىم
چۈشۈپ كەتتى... بىر كۈنى كوچىدا كې-
تىپ بېرىپ تۇيۇقسىز ئالدىمدىلا كېتىپ
بارغان ساقچىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ
ھېلىقى جۇغى كىچىك ساقچىنىڭ نەق
ئۆزى بولۇپ، مەندىن بىر-ئىككى قەدەم
نېرىدىلا كېتىپ باراتتى. ئىككى سەكرەپ
يېتىشىپ بېرىپ، قولاق تۈۋىگە بىرنى سال-

دىم. خېلى ئەپلەپ ئۈرغان ئوخشايمەن، يولغا گۈپپىدە چۈشتى. چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتۇمغا بىر تېپەۋىدى، مەنمۇ دۈملا يىقىلدىم. قانداق قىلدى، دۈمبەمگە دىسسلاپ تۇرۇپ، قولۇمنى ئارقىغا قىلىپ باغلىۋالدى (ساقچى دېگەندە ئۈنچىلىك پەم بولمىسىمۇ بولمايدۇ-دە!) شۇ ئارىلىقتا نەدىن پەيدا بولدى، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا موتوتسىكلىتلىق بىر-ئىككى ساقچى يېنىمىزدا ئۈندى-دە، پۇت-قولۇمنى يەرگە تەككۈزمەي ساقچىغا يەتكۈزۈپ كەلدى.

— نېمە ئادەمسەن؟ نەدە ئىشلەيسەن؟ دەپ سورىدى:

— ساراڭمەن! — دېدىم.

شۇنداق دېگىنىمنىلا بىلىمەن، ھېلىقىلار ئۈستى-ئۈستىگە دۈمبالاپ كېتىشتى. ئۇقسام، ھېلىقى ۋىجىك ساقچى باشلىق ئوخشايدۇ. ساقچىلارنىڭ جۈغى كىچىكلەرنى باشلىق قىلىپ، يوغانلىرىنى ئۈرىدىغانغا قويىدىغىنىنى نەدىن بىلەي!

— مەن ساراڭمەن، يالغان بولسا خوتۇنۇمدىن سوراپ بېقىڭلار. دوختۇرمۇ بىلىدۇ... — دېۋىدىم، تېخىمۇ ئۈرۈپ كېتىشتى. شۇنىڭغا قاراپ: «بۇ ساقچىلارمۇ ساق ئەمەس ئوخشايدۇ، يېقىندىن بېرى ساراڭلار ئاۋۇپ كەتكەنمۇ، قانداق!» دەپ ھەيران بولدۇم.

تۆت-بەش ئاي قامىلىپ قايتىپ چىقتىم. قاماقتىن بوشايدىغان چېغىمدا، پۇقرا كىيىمىدىكى بىر ساقچى: «سەن ئۇنداق يالغان ساراڭ بولىۋالما-ھە! بۇ قېتىم ساڭا كەڭچىلىك قىلدۇق... تاياق يېگىنىڭنى كۆرگەن يەردە سۆزلەپ يۈرۈۋەرمە، بۇ دېگەن ئۇرىدىغان يەر» دېدى. ئۇنىڭ «يالغان ساراڭ» دېگىنىنى ئاڭلاپ خېلى روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. يېگەن تاياقنى سۆزلەپ يۈرىدىغانغا جىنىڭ ساراڭمۇمەن؟ ئۆزۈمگە سەتتە!

ئادەم دېگەن غەلىتە نېمە-دە! چىقىپلا يەنە سەمەتجاننىڭ دۇكىنىنى ئەسلەپ قالدىم. راستىنى ئېيتسام، ئۇ يەردە بولىدىغان پاراڭ، ئىچىشۋازلىقلار بىر كۈنىمۇ ئېسىمدىن چىقمىغانىدى. ئاغىنىلەرگە سۆزلەپ بېرىدىغان خېلى قىزىق گەپلىرىممۇ يىغىلىپ قالغانىدى... بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن يەكشەنبە كەلدى. «ئاغىنىلەر ھېلىمۇ شۇ دۇكانغا يىغىلىشىدىغاندۇ!» دەپ ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ، ئالدىراپ بازارغا چىقتىم. بېشىم ئايلىنىپ قالدىمۇ، نېمە بولدى، سەمەتجاننىڭ دۇكىنىنى ئوقەتچىلەر قاتارىدىن ئىزدەپ تاپالمىدىم. بىر چاغدا ئالدىمغا غازى بىلەن ئەپسانە چىقىپ قالدى. ناھايىتى قىزغىن قول ئېلىشتۇق. ئۇلار:

— نېمە بولدۇڭ؟

— كۆرۈنمىدىڭغۇ؟

— تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق، راستمۇ؟ — دېگەندەك سوئاللارنى ياغدۇرۇۋېتىشتى.

— ئالدىرىماڭلار، دەيدىغان گەپ جىق، سەمەتجان قېنى؟ — دەپ سورىدىم.

— دۇكىنىدا سودا قىلىۋاتىدىغۇ، كۆرمىدىڭمۇ؟ — دېيىشتى ئۇلار.

— دۇكان نەگە غايىب بولدى، تاپالمىدىمغۇ؟

— ھە، بۇرۇنقى سەن كۆرگەن سەمەتجان بىلەن سەن كۆرگەن دۇكان يوق. يۈرۈ، بىز سېنى باشلاپ بارايلى.

ئۇلارغا ئەگىشىپ باردىم. دۇكان ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ، مېنىڭ تاپالمىغىنىمغىمۇ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سەۋەبى باركەن: سەمەتجان دۇكانىنىڭ ئىچى-تېشىنى پىششىق خىش بىلەن باشقىدىن ياسىتىپ يېپيېڭىلا قىلىۋېتىپتۇ. ھېلىقى بىز ئۇلپەتچىلىك قىلىدىغان تارچۇقمۇ يوق بولغاندەك قىلىدۇ. دۇكانىنىڭ ئىچى ئەن رەخت، كىيىم-كېچەك، توقۇلما ماللار بىلەن تىنىپ كېتىپتۇ، دۇكانىنىڭ ئالدىغا ئېسىۋەتكەن شىپىلىك دۇخاۋا، ئەتلەس دېگەندەك خوتۇنلارنىڭ كۆزىنى ئويىنىتىدىغان ماللار دۇكان ئىچىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ، سەمەتجانىنىمۇ ئاران پەرق ئەتكۈدەك قىلىپ قويۇپتۇ. سەمەتجانىنىڭ ئۇستىدە يېپيېڭى كاستۇم-بۇرۇلكا، بېشىدا تار گىرۋەكلىك شىلەپە، بوينىدا باغلىماي (باغلاشنىمۇ بىلمەيدۇ ھەقىچان!) كەينىدىنلا ئېتىۋالىدىغان گالىستۇك، كۆزىسىمۇ سەل ماي باغلاپ قالغانمۇ قانداق، بىز بىلەن پۇكەي ئىچىدە تۇرۇپ سوغۇقلا سالاملىشىپ قويدى-دە، ئالدىدىكى خېرىدارلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى... قىممەتلىك بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك لاسىدە بولۇپ قالدىم. ئاستىمىزغا سۇنۇق يەشىكلەرنى قويۇپ كونا مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىدىغان ھېلىقى كۆڭۈللۈك چاغلارنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىگە ئېچىندىم.

— جۇرۇڭلار، سەمەتجانىنىڭ قولى بوش ئەمەسكەن، دېيىشىپ ئارقىمىزغا قايتتۇق. ھېلىقى ئىككىسى:

— باي بولۇپ، بۇ گۇيمۇ ئادەم تونۇماس بوپقالدى.

— تاپقىنىڭنى ئۇ دۇنياغا يۇدۇپ كېتەلەمتىڭ، ئاخىرىدا بىر يامان خوتۇنغا قالىدۇ...

— ھە، دەڭلار! دۇنيانىڭ كەينىگە كىرگەن ساراڭنىڭ ئىشى، — دېيىشتى.

«ھەر قانچە بولسىمۇ، سەمەتجان ساراڭ ئەمەستۇ؟!» دەپ ئويلىنىپ قالدىم.

شۇندىن كېيىن، نېمىشقىدۇ قالغان ئۈچ ئاغىنە ھەر يەكشەنبە كۈنى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا يەنە سەمەتنىڭ دۇكىنى ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالىدىغان بولدۇق. سەمەتجان بىزگە دۇكان ئىچىدە تۇرۇپ قاراپ قوياتتى، بىزمۇ ئۇنىڭغا سوغۇقلا جاۋاب قىلاتتۇق. جەم بولۇشقاندىن كېيىن، بىردەم-يېرىم دەم پاراڭلىشىشقا ئەپلىكرەك جاي ئىزدەپ كېتىپ قالاتتۇق.

كۈتمىگەندە، سەمەتجان بىر كۈنى ئۆيۈمگە كېلىپ قالدى. ساراي ئۆيگە باشلاپ ئاستىغا كۆرپە سالدىم. خوتۇن چاي قىلدى. سەمەتجان چاينى ئىچىپ ئولتۇرۇپ:

— نېمىشقا دۇكانغا كىرمەيدىغان بولۇۋالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدىراشكەنسەن، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز سوراپ، سېنى ئاۋارە قىلمايلى دېدۇق، — دېدىم.

— ياق! — دېدى سەمەتجان كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭا مەنىلىك قاراپ، — قورسىقىڭلاردىكى گەپنى مەن بىلىمەن.

— بىزنىڭ قورسىقىمىزدا نېمە بولىدۇ دەيسەن؟ ئۆزۈڭنىڭ مۇئامىلىسى شۇنداقراق تۇرىدۇ.

— راست گەپ قىلمىدىڭ. ھېلىقى سومكىنى باشقىلارغۇ بايقىمىغان، سەن كۆرۈپ قالغانتىڭ. ھەقىچان، شۇ پۇلنى ئۆزى يالغۇز جىمىقتۇرۇپ كەتتى، دېمەكچىغۇسىلەر؟

— قايسى پۇلنى دەۋاتىسەن؟ مانا، خۇدا تۇرۇپتۇ، كېپىڭنىڭ بىرىنى چۈشەنگەن بولسام...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— خۇپسەنلىك قىلما. ھېلىقى بىز ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغاندا كىرگەن خېرىدارنىڭ سومكىسى ... شۇ چاغدا تالادا تازا قاتتىق جۇدۇن بولۇۋاتتى. ھېلىقى ئاغىنە سەرەڭگە ئەكىرىۋالاي، دەپ چىقىپ كېتىپلا يوقىدى. قارىسام، سومكىسى سېنىڭ پۇتۇڭنىڭ يېنىدىلا قاپتۇ. سەن ئۇنىڭغا قاراپ-قاراپ قويىدۇڭ. مەن ئۇنى ئاستا تارتىپ، ئەسكى مىشكاپ بىلەن باستۇرۇپ قويۇپ، ساڭا كۆزۈمنى قىسىپ قويدۇم.

— تووا! بىرسى ئېسىمدە بولسا ...

— ئۇ چاغدا سومكىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى سەنمۇ بىلمەيتتىڭ، مەنمۇ بىلمەيتتىم. خەقنىڭ سومكىسىنى نېمە قىلىدۇ دەيسىلەر؟ دۇكان دېگەندە خېرىدارنىڭ سومكىسى ئۇنتۇلۇپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. مېنىڭ خىيالىمغا ئۇ چاغدا «سومكىدا پۇل بار» دېگەن نېمە كىرىپ چىقمىغانتى. نېمىنى ئويلىدىڭ دېسەڭ، باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى بىلىشكە ئوتتەك قىزىقىدىغان بىر كېسىلىم بار، دېگىنە. ئاشۇ تومپىيىپ تۇرغان سومكىدا نېمە باركىن، دەپلا قىزىققانتىم. دېسەم ئىشەنمەيسەن، ھەر كىمنىڭ سومكىسىنىڭ ئىچى قىزىق بىر دۇنياچۇ! سومكىسىغا ئەينەك سېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئەرلەر بار، ئۇبدان پىچاقتىن بىرنى سومكىسىدىن ئايرىمايدىغان خوتۇنلارمۇ بار. بىر قېتىم بىرسىنىڭ سومكىسىدىن بىر خاتىرە دەپتەرنى كۆرۈپ قالدىم. ئوقۇپ، كۈلۈپ ئۆلەي دېدىم. شەھىرىمىزدىكى ھەممە تول خوتۇنلارنىڭ ئىسىم-فامىلە، ئادرېسى، مىجەز-خۇلقى، چىراي شەكىللىرىنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە زېرىكمەي يېزىپ چىقىپتۇ. ھەقىچان، ئۆيلىنەلمەي يۈرگەن بىر بويتاقنىڭ ئىشى ... بولۇشىمۇ، ئاياللارنىڭ سومكىلىرىنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان نەرسىلەر ئاجايىپ-تە! ھەر خىل تۈگمە، ئۇپا ئەڭلىك، تازىلىق قەغىزى، ئالتۇن-جابدۇق، مۇھەببەت خەتلىرى، رەسىم دېگەندەك نېمىلەر. بىر قېتىم بىر ئايالنىڭ خاتىرىسىدىن چىققان خەتنى ئوقۇپ بېقىپ، تەسىرلەنگىنىمدىن يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالغانتىم ... بەزى سومكىلاردىن يەنە خىيالىڭغا كەلمىگەن نەرسىلەرمۇ چىقىپ قالىدۇ، مۇنداق نېمىلەرنى كۆرۈپ بولۇپلا سومكىنى دوكانغا ئەكىلىپ ئېسىپ قويىدىغان گەپ. ئىگىسى كېلىپ قالسا «رەھمەت!» دەپ، خۇشال بولۇپ ئېلىپ كېتىدۇ؛ ھېچنېمە كۆرمىگەن بولۇپ، ئىچىمدە كۈلۈپ، رەھمىتىنى ئېلىپ ئولتۇرۇۋېرىسەن ... ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، سىلەر كەتتىڭلار. دۇكاننى تاقاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئېسىمگە ھېلىقى سومكا كەلدى. قايتىپ كىرىپ، سومكىنى مىشكاپنىڭ ئاستىدىن تارتىپ ئېلىپ ئاچسام، ئۈستىدە بىر كىر لۆڭگە تۇرۇپتۇ. لۆڭگىنى شۇنداق كۆتۈرمەيمەنمۇ، ياللا! كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدۇ، راستىمۇ! دەپ قالدىم. مەستلىكىممۇ تارقاپ كەتكەندەك بولدى. سومكىنىڭ ئىچى لىققىلا پۇل. چىراغقا يېقىن تۇتۇپ قارىسام، ھەممىسى بەش كويلۇق، ئون كويلۇق پۇللار ئىكەن، پۇرلەشكەنلىرىمۇ بار؛ تاراقلاپ تۇرىدىغانلىرىمۇ بار؛ بەزى پۇللار چېچىلىپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى بانكىدىن يېڭى چىققان بويىچە باغلاقلىق ... كەيپىچىلىكتە پىكرىمنى دەرھال يىغالمىدىم. «نېمە بولسا بولسۇن، بۇ جىق پۇلكەن، دۇكاندا قويماي ئۆيگە ئېلىپ كېتەي» دېدىم. سومكىنى ئۆيگە ئاپىرىپ، خوتۇنغىمۇ كۆرسەتمەي، كۆمۈرخانىغا تىقىپ

قويدۇم... ئۇنىڭ ئۇ يېقىندىكى ئىشلاردىن ئۆزۈمنىڭ خەۋىرى بار: بىزنى شۇ كېچىدىلا ساقچىغا يىغىۋالدى. تۈزۈك سوراقمۇ قىلماي سولاپ قويدى، ئەتىسى قويۇۋەتتى. ئۆيۈمنى ئاختۇرۇشقان بولسىمۇ تېپىپ ئالالتى، لېكىن شۇ كېچە ھېلىقى ئەخمەق ئۆزى دۇكانغا ئوغرىلىققا چۈشۈپ ئىشنى بۇزدى. ئۇقسام: بۇ ئۇنىڭ چوڭ بىر تەۋكادا بىر كېچىدە ئۇتتۇۋالغان پۇللىرى ئىكەن. شۇ كۈنى ئۇ بىزنىڭ دۇكانغا كىرگەندىمۇ ئوبدانلا مەستىكەن، بىزمۇ ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغاچقا سەزمەپتۇق. ئۇ دۇكانغا سومكىسىنى تاشلاپ قويغىنىنى ئۇنتۇپ، خېلى يەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ. كېيىن سەل ئېسىگە كېلىپ، پۇلنى بىزنى تىقىۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ساقچىغا مەلۇم قىلىپ، بىزنى يىغدۇرۇپ كەپتۇ. ساقچىلار بىزنى قامىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى خېرىداردىن: زادى سەن نېمە ئادەم؟ ئۇنچىۋالا پۇلنى سەن نەدىن ئېلىۋىدىڭ؟ نېمىگە كۆتۈرۈپ يۈرەتتىڭ؟ دەپ كوچىلىغىلى تۇرغانىكەن، ئۇمۇ قورقۇپ قاپتۇ. ئارىلىقتا ساقچىدىن غىپلا قىلىپ چىقىپ كېتىپ، دۇكانغا تېگىپتۇ. مېنىڭ دۇكىنىمدىن نېمە ئوغرىلايدۇ دەيسەن؟ سومكىسىنى ئاقتۇرۇپ كىرگەن گەپ!...

— توۋا، ئەسلى مۇنداق ئىش-دە!؟

— مانا ئاغىنە، سەندىن يوشۇرىدىغان ھېچ گەپ يوق.

— كېيىن قانداق بولدى، سومكىسىنى قايتۇرۇپ بەردىڭما؟

— ساراڭمۇ مەن! سومكىدىكى ئۇنىڭ پۇلىمىدى، ھەممىسى خەقنى قاقشىتىپ ئۇتۇۋالغان پۇللار. بۇلىۋالغان بىلەن ئوخ-شاش. خۇدا ئۇنىڭغا بۇيرۇمىغاچ، ماڭا ئۇچقاچتۇرغان...

بولغان ۋەقەلەرنى باشقىدىن كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. سەمەتجان:

— بۇ سىرنى مەندىن باشقا سەن بىلىسەن. سومكىنىڭ ئىشىنى ھازىرغىچە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىغانسەن، دەپ ئىشىنىمەن. مەنمۇ ئادەمگەرچىلىكنى بىلمەيدىغان ئادەم ئەمەس... ھېلىقى پۇللارنى ھازىرچە دۇكانغا دەسمىي قىلىپ تۇردۇم. پايدىسى بولسا يەنە تەڭ كۆردىمىز. ئاز بولسىمۇ ماۋۇ ئىككى مىڭ كوي پۇلنى سەن تۇرمۇشۇڭغا ئىشلىتىپ تۇر، — دېدى-دە، ئىككى باغلام پۇلنى ئېلىپ ئالدىمغا قويدى.

— قوي، بۇ پۇلۇڭنى مەن نېمە قىلىمەن! — دەپ ئۇنىڭ قاچقاندەك كەينىمگە داجىپ، پۇلنى نېرى ئىتتەردىم.

— ئال، سېنىڭ ھەققىڭ، — دېدى ئۇ، — ئاڭلىسام ھېلىقى قىمارۋاز ئالدىڭنى توراپ ئۇرغانمۇ ئوخشايدۇ...

— قايسى قىمارۋاز!؟

كۆز ئالدىمغا كۆزلىرى يېنىپ تۇرغان ھېلىقى ساراڭ كەلدى، راست، شۇ چاغدا دۇكانغا ناسۋال سوراپ كىرگەن خېرىدار شۇ ئەمەسمىدى؟ ئېسىم نەگە كەتكەندۇ-ھە! ۋاي بىچارە، پۇلىنىڭ دەردىدە ساراڭ بوپتىكەن-دە!...

سەمەتجان كەتتى. ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرىپ، پۇلنى خوتۇنۇم كۆرۈپ قالمىسۇن، دەپ ئالمان-تالمان نېرىراق بىر يەرگە تىقىشتۇردۇم.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئارامىم بۇزۇلدى. ئۆزۈمنى خۇددى بىرسىنىڭ جىنايى ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



شىغا شېرىك بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ بازارغىمۇ بارالمايدىغان، ھېلىقى ئىككى ئاغىنەمنى كۆرسەممۇ خۇدۇكسىنىپ قاچىدىغان بولۇپ قالدىم... كېچىدە ياتسامىلا ئوت يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى؛ سەمەتجان قويۇپ كەتكەن ئىككى باغلام پۇل مەن تىقىپ قويغان يەردىن ئۇچۇپ چىقىپ، بېشىمنىڭ تۆپىسىدە ئايلىنىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. سەمەت نېمىدەپ بۇ گەپلەرنى ماڭا ئاشكارىلاپ يۈرىدۇ، بۇ پۇلنى قويۇپ كەتكىنى نېمىسى؟ قارىغاندا، ئۇمۇ مىڭىسى قوچۇلۇپ ساراڭ بولغىلى تۇرغان ئوخشىمامدۇ؟...

مەھەللىمىزدە ناھايىتى نامرات ئۆتىدىغان بىر تۇل خوتۇن بولىدىغان، ئويلاـ ئويلا، «بۇنداق پۇلنى ئاشۇ خوتۇن خەجلىسە، ھالال» دېگەن يەرگە كەلدىم-دە، پۇلنىڭ مىڭ سومىنى ئايرىپ، بىر كېچىدە ئاستا ئاپىرىپ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ چىقتىم. ئىككى كۈندىن كېيىن ئايالىم:

— قاراڭ، ئاۋۇ قۇدۇق بار ھويلىدىكى كەمبەغەل خوتۇننى بىلمىسىزغۇ، مىڭ سوم پۇل تېپىۋالغانىكەن، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. جىنىڭ ساراڭكەن! — دېدى.

يائاللا! بۇ دۇنيادا ساق ئادەم قالمىدىمۇ-نېمە؟

قالغان مىڭ سومنى قانداق قىلىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالدىم. سەھرادا بىر تۇغقىنىمىز بولىدىغان، ئۆيىگە چىقىپ قالسا، ئەر-خوتۇن بىر بولۇپ كەچكىچە كىچىك بالىسىنى ماختاپ غىدىقىمىغا تېگەتتى.

— قاراڭ-قاراڭ، گەپلىرىنىڭ تاتلىقلىقىنى.

— مەكتەپكە بارمايلا ھېلىتىن خەتلەرنى يېزىپ يۈرىدۇ.

— ھەدىلىرى نېمە قىلسا، شۇنى دورايدۇ.

— چوڭ بولسا قانداق ئادەم بوپكەتە، دەيمىز، — دېيىشىپ كېتەتتى.

چوڭ بولغان باللىرىمۇ بار ئىدى، قانداق ئادەم بوپكەتكىنىنى تايىنلىقتى. بۇنداق چاغلاردا چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ «ھە، ھە، ھە!»، «پاھ، پاھ!»، «قالتىسكەن جۇمۇ!» دەپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئىلاج يوقتى.

«ماختىسا ئۆزىنىڭ ئاغزى، نېمە بولسا بولسۇن، شۇ ياقىلارغا چىقىپ، بىر ئىككى كۈن تۇرۇپ مېڭەمنى سەگىتىپ كىرەي» دېدىم. يېزىنى بىر ھەپتىچە ئايلىنىپ قايتىپ كەلسەم، ئايالىم بۆلەكچىلا خۇشال ھېجىيىپ كېتىپتۇ. «بۇمۇ ساراڭ بولغان ئوخشىمامدۇ!؟» دەپ يۈرىكىم جىغىغىدە قىلىپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭوي! — دېۋىدىم.

— پۇل يوق، پۇل يوق، دەۋاتاتتىڭىز، مىڭ تەڭگە پۇلنى ئەجەپ ئوبدان يەرگە تىقىپتىكەنسىز-ھە؟ — دېۋىدى، تىلىم گەپكە كەلمەي قالدى.

— پۇ... پۇلنى دەمسەن، نېمە قىلدىڭ؟

— ھازىرقى ۋاقىتتا، مىڭ تەڭگىگىز قانچىلىك پۇل. باللارغا بىر قۇر كىيىم ئاپتىمەن، قەرزلىرىمىزنى تۆلىدىم، بەش كىلو گۆش، گۈرۈچ، ئۇن، ماي، سۈتنىڭ پۇلى، ئۆزۈمگە بىر قۇر نەرسە... شۇنداق قىلىپ تۈگىدى.

«ئۇھ!» دەپ بىر ئىڭرىدىم يۈكتىن يېنىكلىگەندەك بولۇپ قالدىم. «ئارىمىزدا ساقتىن مۇشۇ خوتۇن قالغان ئوخشىمامدۇ!؟» دەپ خاتىرجەم بولدۇم. لېكىن، ھېلىقى

ئەسكى مەشتە يالقۇنجاپ ئوت كۆيۈپ تۇرىدىغان تارچۇق ئۆينى، قىزغىن پاراڭلار بولۇپ تۇرىدىغان كۆڭۈللۈك كۈنلەرنى يوقاتقىنىمىزنى ئويلىساملا كۆڭلۈم غەشلىككە تولىدىغان بولۇپ قالدى...

* *

ئەتىسى بۇ ھېكايىغا «ساراڭ» دەپ ماۋزۇ قويۇپ، تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرگە كۆرۈپ بېقىڭلار» دەپ تاشلاپ بېرىپ قايتىپ كەلدىم. مۇنچە غۇلغۇلا بوپكېتىشىنى نەدىن بىلەي، كەچكە يېقىن تەھرىر بۆلۈمگە بارسام، ھەممە تەھرىر بىر بۆلۈمگە يىغىلىپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇقسام، ھېلىقى ھېكايىنى ھەممىسى قولدىن-قولغا ئېلىپ ئوقۇپتۇ. ئۇلار مۇدېرنىزم، يېڭى پرۇزىچىلىق، سىمۋولىزم، ئاڭ ئېقىمى دېگەندەك، چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ كاللىسىنى تېخىمۇ تۇتۇق قىلىۋېتىدىغان گەپلەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— قالتىس ھېكايىلىقىدا گەپ يوق.

— مۇدېرنىزم دېگىنىمىز نەق مۇشۇ.

— مۇدېرنىزم دەپلا قويساڭ بولمايدۇ، بۇ مۇدېرنىزمنىڭ پالانى تۈرىگە كىرىدۇ.

— يېقىندا بىر ژۇرنالدا چەت ئەل يازغۇچىسى پالانچىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى بىر ئەسىرىنى كۆرگەندەك قىلىۋىدىم.

— ماياكوۋسكىنىڭ «سولغا مارش» دېگەن شېئىرىمۇ مۇدېرنىزمنىڭ تارمىقى بولغان فوتورىزمغا مەنسۇپ...

بۇ گەپلەردىن ھېچنېمە چۈشەنمەي «بارغانسېرى دۆتلىشىپ كېتىۋاتىمەنمۇ، قانداق؟ چۈشتىكى سۈتنىڭ ئورنىغا سوغۇق سۇ ئىچسەم بوپتىكەن...» دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى. شۇ ئارىدا بىرەيلەن:

— ھوي ئاغىنىلەر، سىلەر شۇنداقمۇ دەيسىلەر، مەن ئۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى قىلچە چۈشەنگەن بولسام ئۆلەي! — دەپ قالدى.

— سەن نېمىنى بىلىسەن!؟ — دېدى ئۇنى بىرسى رەت قىلىپ، — چۈشىنىكسىز، ئەمما، قىزىقارلىق قىلىپ يېزىشنىڭ ئۆزى ماھارەت. فرېيۇد: «سەنئەت چۈش دېمەكتۇر» دېگەن.

«بۇ، فرېيۇد دېگىنى كىم بولغىيدى؟» دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، يەنە بىرەيلەن مەندىن:

— سىزچە مۇشۇ ھېكايە زادى قانداق؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ھە!؟ — دەپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۆزۈممۇ نەق مۇشۇنداق سوئالنىڭ قويۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ماڭا تىكىلگەنىدى. «ھېچنېمە چۈشەنمىدىم» دېيىش ساۋاتسىزلىقىمنى ئاشكارىلاش بولىدىغانلىقىنى پەملەپ قالدىم-دە، - يېڭى ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرنى ئالدىراپ رەت قىلىۋەتكەن بىلەنمۇ بولمايدۇ. قېنى، ئۆزۈڭلار مۇزاكىرە قىلىپ بېقىڭلار، — دەپلا چىقىپ كەتتىم.

ھېلىقىلار تېخىمۇ قاتتىق ۋاراڭ-چۇرۇڭغا چۈشۈپ كەتتى. «ھەي، مۇشۇلارمۇ ساراڭ بولۇپ قالمىغاندۇ؟ خۇداغا ئامانەت!» دەپ قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شىغا شېرىك بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ بازارغىمۇ بارالمايدىغان، ھېلىقى ئىككى ئاغىنەمنى كۆرسەممۇ خۇدۇكسىنىپ قاچىدىغان بولۇپ قالدىم ... كېچىدە ياتسامىلا ئوت يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى؛ سەمەتجان قويۇپ كەتكەن ئىككى باغلام پۇل مەن تىقىپ قويغان يەردىن ئۇچۇپ چىقىپ، بېشىمنىڭ تۆپىسىدە ئايلىنىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. سەمەت نېمىدەپ بۇ گەپلەرنى ماڭا ئاشكارىلاپ يۈردۇ، بۇ پۇلنى قويۇپ كەتكىنى نېمىسى؟ قارىغاندا، ئۇمۇ مېنىڭدەك قوچۇلۇپ ساراڭ بولغىلى تۇرغان ئوخشىمامدۇ؟ ...

مەھەللىمىزدە ناھايىتى نامرات ئۆتىدىغان بىر تۇل خوتۇن بولىدىغان، ئويلا-ئويلا، «بۇنداق پۇلنى ئاشۇ خوتۇن خەجلىسە، ھالال» دېگەن يەرگە كەلدىم-دە، پۇلنىڭ مىڭ سومىنى ئايرىپ، بىر كېچىدە ئاستا ئاپىرىپ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ چىقتىم. ئىككى كۈندىن كېيىن ئاڭلىدىم:

— قاراڭ، ئاۋۇ قۇدۇق بار ھويلىدىكى كەمبەغەل خوتۇننى بىلمىسىزغۇ، مىڭ سوم پۇل تېپىۋالغانىكەن، ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. جىنىڭ ساراڭكەن! — دېدى.

يائاللا! بۇ دۇنيادا ساق ئادەم قالمىدىمۇ-نېمە؟

قالغان مىڭ سومنى قانداق قىلىشىمنى بىلمەي گاڭگىراپلا قالدىم. سەھرادا بىر تۇغقىنىمىز بولىدىغان، ئۆيىگە چىقىپ قالسا، ئەر-خوتۇن بىر بولۇپ كەچكىچە كىچىك بالىسىنى ماختاپ غىدىقىمغا تېگەتتى.

— قاراڭ-قاراڭ، گەپلىرىنىڭ تاتلىقلىقىنى.

— مەكتەپكە بارمايلا ھېلىتىن خەتلەرنى يېزىپ يۈرىدۇ.

— ھەدىلىرى نېمە قىلسا، شۇنى دورايدۇ.

— چوڭ بولسا قانداق ئادەم بوپكېتەر، دەيمىز، — دېيىشىپ كېتەتتى.

چوڭ بولغان باللىرىمۇ بار ئىدى، قانداق ئادەم بوپكەتكىنى تايىنلىقتى. بۇنداق چاغلاردا چىرايىغا زورلاپ كۈلكە يۈگۈرتۈپ «ھە، ھە، ھە!»، «پاھ، پاھ!»، «قالتىسكەن جۇمۇ!» دەپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئىلاج يوقتى.

«ماختىسا ئۆزىنىڭ ئاغزى، نېمە بولسا بولسۇن، شۇ ياقلارغا چىقىپ، بىر ئىككى كۈن تۇرۇپ مېڭەمنى سەگىتىپ كىرەي» دېدىم. يېزىنى بىر ھەپتىچە ئايلىنىپ قايتىپ كەلسەم، ئايالىم بۆلەكچىلا خۇشال ھىجىيىپ كېتىپتۇ. «بۇمۇ ساراڭ بولغان ئوخشىمامدۇ!؟» دەپ يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭوي! — دېۋىدىم.

— پۇل يوق، پۇل يوق، دەۋاتاتتىڭىز، مىڭ تەڭگە پۇلنى ئەجەپ ئوبدان يەرگە تىقىپتىكەنسىز-ھە؟ — دېۋىدى، تىلىم گەپكە كەلمەي قالدى.

— پۇ... پۇلنى دەمسەن، نېمە قىلدىڭ؟

— ھازىرقى ۋاقىتتا، مىڭ تەڭگىڭىز قانچىلىك پۇل. باللارغا بىر قۇر كىيىم ئاپتىمەن، قەرزلىرىمىزنى تۆلىدىم، بەش كىلو گۆش، گۈرۈچ، ئۇن، ماي، سۈتنىڭ پۇلى، ئۆزۈمگە بىر قۇر نەرسە ... شۇنداق قىلىپ تۈگىدى.

«ئوھ!» دەپ بىر ئېغىر يۆتىلىپ يېنىكلىگەندەك بولۇپ قالدىم. «ئارىمىزدا ساقتىن مۇشۇ خوتۇن قالغان ئوخشىمامدۇ!؟» دەپ خاتىرجەم بولدۇم. لېكىن، ھېلىقى

ئەسكى مەشتە يالقۇنجاپ ئوت كۆيۈپ تۇرىدىغان تارچۇق ئۆيىنى، قىزغىن پاراڭلار بولۇپ تۇرىدىغان كۆڭۈللۈك كۈنلەرنى يوقاتقىنىمىزنى ئويلىسام‌ىلا كۆڭلۈم غەشلىككە تولىدىغان بولۇپ قالدى...

* *

ئەتىسى بۇ ھېكايىگە «ساراڭ» دەپ ماۋزۇ قويۇپ، تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرگە كۆرۈپ بېقىڭلار» دەپ تاشلاپ بېرىپ قايتىپ كەلدىم. مۇنچە غۇلغۇلا بوپكېتىشىنى نەدىن بىلەي، كەچكە يېقىن تەھرىر بۆلۈمگە بارسام، ھەممە تەھرىر بىر بۆلۈمگە يىغىلىپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇقسام، ھېلقى ھېكايىنى ھەممىسى قولدىن-قولغا ئېلىپ ئوقۇپتۇ. ئۇلار مۇدېرنىزم، يېڭى پىروزىچىلىق، سىمۋولىزم، ئاڭ ئېقىمى دېگەندەك، چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ كاللىسىنى تېخىمۇ تولۇق قىلىۋېتىدىغان گەپلەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— قالتىس ھېكايىلىقىدا گەپ يوق.

— مۇدېرنىزم دېگىنىمىز نەق مۇشۇ.

— مۇدېرنىزم دەپلا قويساڭ بولمايدۇ، بۇ مۇدېرنىزمنىڭ پالانى تۈرىگە كىرىدۇ.

— يېقىندا بىر ژۇرنالدا چەت ئەل يازغۇچىسى پالانچىنىڭ مۇشۇ خىلدىكى بىر ئەسىرىنى كۆرگەندەك قىلىۋىدىم.

— ماياكوۋسكىنىڭ «سولغا مارش» دېگەن شېئىرىمۇ مۇدېرنىزمنىڭ تارمىقى بولغان فوتورىزمغا مەنسۇپ...

بۇ گەپلەردىن ھېچنېمە چۈشەنمەي «بارغانسېرى دۆتلىشىپ كېتىۋاتىمەنمۇ، قانداق؟ چۈشتىكى سۈتنىڭ ئورنىغا سوغۇق سۇ ئىچسەم بوپتىكەن...» دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى. شۇ ئارىدا بىرەيلەن:

— ھوي ئاغىنىلەر، سىلەر شۇنداقمۇ دەيسىلەر، مەن ئۇ ھېكايىنىڭ مەزمۇنىنى قىلچە چۈشەنگەن بولسام ئۆلەي! — دەپ قالدى.

— سەن نېمىنى بىلسەن!؟ — دېدى ئۇنى بىرسى رەت قىلىپ، — چۈشەنمىكسىز، ئەمما، قىزىقارلىق قىلىپ يېزىشىنىڭ ئۆزى ماھارەت. فرېيۇد: «سەنئەت چۈش دېمەكتۇر» دېگەن.

«بۇ، فرېيۇد دېگىنى كىم بولغىيدى؟» دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، يەنە بىرەيلەن مەندىن:

— سىزچە مۇشۇ ھېكايە زادى قانداق؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ھە!؟ — دەپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۆزۈممۇ نەق مۇشۇنداق سوئالنىڭ قويۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇراتتىم. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ماڭا تىكىلگەنىدى. «ھېچنېمە چۈشەنمىدىم» دېيىش ساۋاتسىزلىقىمنى ئاشكارىلاش بولىدىغانلىقىنى پەملەپ قالدىم-دە، -يېڭى ئۇسلۇبتىكى ئەسەرلەرنى ئالدىراپ رەت قىلىۋەتكەن بىلەنمۇ بولمايدۇ. قېنى، ئۆزۈڭلار مۇزاكىرە قىلىپ بېقىڭلار، — دەپلا چىقىپ كەتتىم.

ھېلقىلار تېخىمۇ قاتتىق ۋاراڭ-چۇرۇڭغا چۈشۈپ كەتتى. «ھەي، مۇشۇلارمۇ ساراڭ بولۇپ قالمىغاندۇ؟ خۇداغا ئامانەت!» دەپ قالدىم.

www.uyghurkitap.com

غاپپار تەۋەككۇل

# تەڭرىگە ئىلتىجا

(ھېكايە)

1

«ئاھ، خۇدا! مەن سېنىڭ ئاجىز بەندەڭ، مەندەك بىر قۇلۇڭنىڭ پىغانلىق ئاھلىرىغا قۇلاق سالغىن! ئى، جىمى مەخلۇقلارغا جان ئاتا قىلغۇچى ۋە بەخت-سائادەت بېغىشلىغۇچى قۇدرەتلىك ئاللا، بۇ دۇنيادا ھېچقانداق خولۇق كۆرمەي ئۇ دۇنياغا كەتكەن ناتىۋان بەندەڭگە جەننەت ئاتا قىلغايسەن!

ئەي، جىمى مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى، ئۇلۇغ تەڭرىم، مەن بارلىقىمنى ئۇ دۇنيا ئىشلىرى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەن. بەختىمنىڭ پەقەت ئۇ دۇنيادىلا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، لېكىن سېنىڭ غەزىپىڭگە ئۇچرىغان ھەرقانداق كىشى ئۇ دۇنيا ۋە بۇ دۇنيادا خارلىنىپ ئۆتەرمىش. مېنى مۇنداق پاجىئەلەردىن ساقلىغايسەن! مەن پاك بىر ئايالنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا يۈزىنى ئېچىپ گۇناھ ئىشلارنى قىلىشىدا، شۇنداقلا بۇ دۇنيا بىلەن ۋاقىتسىز خوشلىشىشىغا سەۋەبچى بولدۇم. بۇ گۇناھىمنى بىر ئۆمۈر ئىبادەت ئارقىلىق يۇيۇشقا تەييارمەن. توۋا قىلدىم، قىلغان گۇناھلىرىمغا مىڭ مەرتىۋە توۋا قىلدىم. ئەي، شەپقەتلىك ئاللا، جەننەتتە ئىككىمىزنى مۇرادىمىزغا يەتكۈزگەيسەن...»

مۇسلىم ئاخۇن ئۆزىنىڭ غېرىبانە كولبىسىدە، تىتىلىپ كەتكەن كىگىز جەيناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تىترەپ تۇرغان ئورۇق قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خۇددى يەمگە ئىنتىلگەن قوشقاچ بالىسىدەك بويىنىنى قىلىبىغا سوزۇپ، ياشلىرىنى يامغۇردەك ئاقتۇزۇپ، تولىمۇ مىسكىن ھالەتتە تەڭرىگە ئىلتىجا قىلماقتا ئىدى.

2

— مەن مۇسلىم بىلەن موللامنىڭكىدە ئوقۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمنى ئەسلىسەملا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ بۇرنۇمغا مۇشت ئاتقىنى ئېسىمگە كېلىدۇ، — دېگەنى-

دى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى مۇسلىم
توغرىلىق سۆز ئاچقىنىدا، ــ ئۇنىڭ بىر
قىزغا ناھايىتى ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلەتـ
تىم. قىزنىڭ چىرايىنى ئەسلىيەلمەيمەن.
ئىشقىلىپ، خېلى چىرايلىق قىز ئىدى.
ئاڭلىسام، توققۇز يېشىدىن باشلاپ يۈزىنى
يېپىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ، مۇسلىم بىلەن
بىر جايدا تۇرغان چاغلىرىدا يۈزىنى
ئېچىۋېتەتتى. ئىككىسىنىڭ ھەر دائىم
مەكتەپكە بىرگە كېلىپ بىرگە قايتىۋاتقانـ
لىقىنى كۆرەتتىم. بىر قېتىم موللامنىڭ
مۇسلىمگە ئەمدى قىز بىلەن بىرگە يۈرمەسـ
لىك توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى
ئاڭلاپ قالغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسـ
نىڭ بىر جايدا تۇرغانلىقىنى ئانچە
كۆرمەيدىغان بولدۇم، مەن تېخى ئۇ
چاغلاردا ئون ياشتا بولۇپ، بىر نەرسىنى ئانچە
چۈشىنىپ كېتەلمەيتتىم. ھازىر ئويلاپ باقسام،
موللامنىڭ شۇ چاغلاردا 20 لەرگە كىرگەن
ئوغلى بار ئىدى. موللام بۇ ئەخلاقلىق، ھەم
چىرايلىق قىزنى شۇ ئوغلىغا ئېلىپ
بېرىشنى كۆزلەۋاتقان بولسا كېرەك. شۇ
ۋاقىتلاردا ئۇلار 14 - 15 ياشلاردا
بولۇپ، غەيرىي ھېسسىياتلاردا بولىدىغان
مەزگىل ئەمەس ئىدى. مەن كەپسىزلىك
قىلىپ قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىۋېتىپ، بىقىـ
نىنى چىمدىۋالغىنىم ئۈچۈن، مۇسلىمدىن
بۇرنۇمغا بىر مۇشت يەپ موللامنىڭكىدىن
شۇ كەتكەنچە، يېشىمنىڭ چوڭ بولۇشىغا
قارىماي، پەننىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىلـ
لىقىغا كىردىم. مانا، ئالىي مەكتەپنى
پۈتتۈرگىنىمگە نەۋاق. مەن مۇسلىمنىڭ
شۇ تايىقىغا رەھمەت دېسەم بولىدۇ،
بولمىسا نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرەر ئىدىمـ
كىن - تاڭ!

ئوتتۇقۇچىنىڭ مۇسلىم توغرىسىدا
بىلىشى شۇنچىلىك ئىكەن، لېكىن مەن
مۇسلىم توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرـ
نى بىلىشنى خالايمەن. قاراڭلار، ئۇنىڭ
ئەلپازىغا، ئۆزى يەردە ئۆمىلەشنى ياخشى
كۆرىدۇ - يۇ، مېنىمۇ ئۆزىگە شېرىك قىلىۋالـ
ماقچى. ئۇ زادى نېمىنى كۆزلەۋاتقاندۇ؟!

3

«قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا ئىگەم
مېنىڭ ئىرادەمنى سىناپ تۇنىنى، مۇشۇنداق
ئۇزۇن قىلىۋاتامدۇق - قاندا ق؟ ئاللا
مۇشۇنداق بىر دۇنيانى بەندىلىرىنى سىناش
ئۈچۈن ياراتقان - دە، مېنى كېسەلگە بەرداشـ
لىق بېرىپ ئۆزىنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلـ
تۈرەلەمدۇ دەپ سىناۋاتامدۇ تېخى، بۇنى
قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا ئۆزى بىلمىسە ئاجىز
بەندە نېمىنى بىلسۇن! خېلى كۈنلەر
بولدى مەسچىتكە بارالمىدىم. نامازنى ئۆيـ
دە بىر ئامال قىلىپ ئوقۇپ تۇرۇۋاتىمەن.
ئەر كىشى ئۈچۈن ئۆيدە ئوقۇغان ناماز
دۇرۇس بولمايدىكەن. بۈگۈن نېمىـ
دېگەن بىلەن خۇدانىڭ رەھمى كەلگەن
ئوخشايدۇ. سەللىمازا ياخشى بولغانىدەك
قىلىمەن. خۇدا بۇيرۇسا، بۈگۈن پەرھىزلىـ
رىمنى ئادا قىلىشنى باشلايمەن. مەن
بىلەن قېرىشقاندەك بۇ تۈنمۇ تازا ئۇزۇن
بولدىغۇ. ھەر نېمە قىلسا ئاللا قىلىدۇ - دە.
ھېلىقى سائەت دېگەن نەرسىغۇ بولىدىغان
نەرسىكەن ئۆزى. زادى قايسى ۋاقىت
بولغاندۇ؟»

مۇسلىم بۈگۈن خۇشاللىقىدا ئۇخلىـ
يالمىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ سالامەتلىكى
ئەسلىگە كەلگەندەك قىلدۇ. تاڭ ئاتقاندا
مەسچىتكە بارىدۇ، ھاياتىدىكى مەنىلىك

www.uyghurkitap.com



هەم كۆكۈللۈك ئىشلىرىنى باشلايدۇ. ئۇ، خۇپتەن نامىزىنى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ كۆكۈلدىكىدەك ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەتە نامازغا كېچىكىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ، ئۇخلىماسلىقنى قارار قىلدى. هازىر ئۇنىڭ تېنى بەكمۇ ئاجىزلىشىپ كەتكەن، ياتسا هېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاپ كېتىشى مۇمكىن. ۋاقتىدا نامازغا تۇرالمىسا، بۇ نېمىدېگەن ئازابلىق ئىش - هە! خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن. بۇ قاراپ تۇرۇپ گۇناھ قىلغانلىق بولماي نېمە؟ دەهشەت، نېمىدېگەن دەهشەت بۇ!

ئۇ كىرىسىن چىراغقا ياغ قۇيۇپ، ئوچاققا ئوتۇن سېلىپ قويغاندىن كېيىن، ئوچاق ئالدىدىكى قوي تېرىسى ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قۇرئاننىڭ ياد ئېلىپ بولغان ئون نەچچە پارىسىنى تەكرارلىدى. مۇشۇ تەرىقىدە تاڭنىڭ ئاتقان - ئاتمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن نەچچە رەت سىرتقا چىققان بولسىمۇ ۋاقىتنى مۆلچەرلىيەلمىدى. قار يېغىۋاتاتتى. كېچە شۇنداق جىمجىت ئىدىكى، هېچقانداق ئاۋۇش ئاڭلانمايتتى. ئۇ بىر قېتىم سىرتقا چىققىنىدا، توخۇنىڭ چىللىغىنىدەك بىر ئاۋاز قۇلىقىغا كىردى. «خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن؟ خۇدا، ئۆزۈڭ هەممىگە قادىر» دەپ ئويلىدى - دە، كەشىنى شىپىلدىتىپ يۈرۈپ تەرەت ئالدى.

ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن مەسچىتنىڭ ئارىلىقى تۆت چاقىرىمچە كېلەتتى. هازىر مەسچىتلەر بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆپىيىپ، كىشىلەر يىراققا بارمايدىغان بولدى. لېكىن مۇسلىمنىڭ ئۆيى مەهەللىنىڭ خېلى چېتىدە بولغاچقا كۆپرەك يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى. چۈنكى مەسچىتكە بېرىش ئۈچۈن يولنى قانچىكى كۆپ باسسا ساۋاب شۇنچە كۆپىيىپ، جەننەت يولى شۇنچە قىسقىرايدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى.

مۇسلىم ئۆيىدىن چىقىپ خېلى يەرگە بارغاندىن كېيىنلا، مەسە - كالىچىنى كىيىشنى ئۇنتۇپ، تەرەت كەشى بىلەن چىققانلىقىنى بىلدى. ئۇ كەينىگە يانماقچى بولدى - يۇ، دەرهال يالتايدى. «نېمە قىلىۋاتىمەن - هە؟ مۇشۇنچىلىك ئىشنى دەپ خۇدا يولىدىن يانماقچى بولۇۋاتقىنىمنى قارا. تۇۋا قىلدىم، قىلغان گۇناهلىرىمغا تۇۋا!» مۇسلىم يولنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ ئىككى دولىسى ئارىسىغا بارغانسېرى كىرىپ كېتىۋاتقان بېشىنى ئۇزۇن پاختىلىق تونىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغانىدى. ئۇ تېخى ماغدۇرىغا تولۇق كەلمىگىنى ئۈچۈن دەلدەڭشىپ ئاران ماڭاتتى، بەزىدە تېيىلىپ - يىقىلىپمۇ چۈشەتتى، بەزىدە تەرەت كەشى چۈشۈپ قېلىپ قار ئارىسىدىن ئاران تاپاتتى. ئۇ قىيىنىلىۋاتقىنى بىلەن بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆكۈللۈك هەرىكەت ئىدى.

ئۇ مەسچىت ئالدىغا كەلگەندە تەرلەپ چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى. تېخى مەسچىتنىڭ ئىشىكى ئېچىلماپتۇ. «خۇداغا شۈكرى، ئۈلگۈرۈپتىمەن - دە» ئۇ يېنىك تىنىۋالدى. يوغان دەرۋازىنىڭ زەنجىرىنى هاسىراپ - هۆمىدەپ ئاران ئاچتى.

ئۇ مەسچىت ئىچىگە كىرىپ مىهراب ئالدىدىكى گىلەمنىڭ ئۈستىدە يۈكۈنگەندىن كېيىن، چىشىنى يىرىپ كۈلۈپ قويدى - يۇ، شۇ زامان قاپىقىنى تۈرۈلدى. «نېمىگە كۈلىمەن؟! ئاللا كۈلكىنى راۋا

كۆرمەيدۇ، بولۇپمۇ مەسچىتتە... گۇناھقا پاتقۇم كەپتۇ - دە، توۋا قىلدىم، قىلغان گۇناھلىرىمغا توۋا!» ئۇ بىئارام بولۇشقا باشلىدى.

ئۇ سۈكۇت ئىچىدە خېلى ئولتۇردى. «ماۋۇ ھاماقەتلىكىمنى قارىمامدىغان، جامائەت كەلگۈچە قازا بولۇپ كەتكەن نامازلىرىمنى ئوقۇپ تۇرمامدىمەن.» ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن نامازغا بېرىلدى.

مۇسلىم ئۆزى قانائەت قىلغۇدەك ناماز ئوقۇدى، ئاندىن نامازنىڭ خۇلاسىسىنى چىقىرىش ئۈچۈن قول كۆتۈردى.

ئۇ قول كۆتۈردى، پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترىدى، يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئاللاغا تاپشۇرۇۋاتقاندەك قوللىرى تىترىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى. بۇ ياش ئارقىلىق خۇدادىن ئۇ دۇنيالىق بەخت تىلىمەكتە، بىر ئايالنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلىشنى تىلەمەكتە، جەننەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ مۇرادىغا يەتكۈزۈشنى تىلىمەكتە... ئۇنىڭ ئۆزۈپ - ئۆزۈپ ئۆكسۈشلىرى مەسچىت ئىچىدە ئەكس سادا بېرىپ تۇراتتى.

خېلى ۋاقىت ئۆتتى. مۇسلىمنىڭ قولى دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن، لېكىن ئاۋازى توختىغانىدى.

بىر ۋاقىتتا مەزىننىڭ سوزۇق ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىنى يېرىپ ئۆتتى. جامائەتمۇ بىر - بىرلەپ كەلدى. ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدىغان چاغدا بىرەيلەن مۇسلىمنى يېنىككىنە تۈرتۈپ قويدى، لېكىن ئۇ پەسەنت قىلماي تۇرۇۋەردى. ناماز ئاخىرلاشقاندا، بىرسى ئۇنى شۇنداقلا تۈرتۈپ قويۇۋىدى، ئارقىسىغا يىقىلدى. ئۇنىڭ پۇت - قولى قېتىپ قالغان، ئەمما دۇئا قىلىۋاتقان ھالىتىنى بۇزمىغانىدى. جامائەت ئولىشىپ كېلىپ ئۇنى قوتقۇزۇشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېخى سوقۇشتىن توختىماپتۇ.

## 4

— قارىسىلا، ئاۋۇ مۇسلىماخۇن ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭغا باللار نېمىشقا چالما ئاتىدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ پېشانىسىنى يېرىۋېتىشتى ھارامىلار. چاپسان بېرىپ باللارنى قوغلىۋەتسىلە. مەن باراي دېسەم مۇشۇ پۈتۈم... باللارنى كەتكۈزۈۋەتسىلە! ناھايىتى ياخشى قىللا جۇمۇ. كىچىك - چوڭ ھەممىسى شۇ بىچارىنى بوزەك قىلىدۇ. ئۇ باللارغا نېمە قىلغان بولغىيتتى؟

— مەكتەپتىن يېنىۋاتقان باللاركەن دېسىلە. مۇسلىماخۇن ئۇلارغا ساۋاق ئۆگەتتىپ قويىمەن، دەپ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ. يەنە «مەكتەپتە ئوقۇيمەن» دەپ ئاۋارە بولماڭلار. بۇ تۆت كۈنلۈك جاھان. بۇ دۇنيادىكى ۋاقىتڭلارنى خۇدا يولىدىكى ئىشلارغا سەرپ قىلىڭلار...» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلغان چېغى. كىچىك باللار ئەمەسمۇ، مۇسلىماخۇنغا چالما ئاتقىلى تۇرۇپتۇ. لېكىن - زە...

— لېكىن، دەيلىغۇ؟

— ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئازراق دەردى بارمۇ نېمە؟ كىچىك باللارنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ، قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى قارىمامدىلا.

— ئاز دەرد تارتتىمۇ ئۇ بىچارە. ياش ۋاقتىدا ھېلىقى سالىم موللامنىڭ كېلىنى بىلەن چاتاق تېرىپ قويۇپ...رەمەتلىكنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، تولىمۇ

ياخشى جۇۋان ئىدى، شۇ چاغدا بولۇشىغا دۇمبا يېگەن گەپ.

— ئۇ ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھۆددە يېرىنى تېرىماي تاشلىۋېتىپتىكەن، دادامنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇنىڭ يېرىنى مەن تېرىۋاتىمەن. ئۇ: «بۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە تېرىقچىلىق قىلىپ جاننى ئۇپرىتىش ھاجەتسىز» دېگۈدەكمىش.

— ئۇ نېمە دېسە مەيلى، سىلى ساۋاب ئاللا، ساۋاب! مۇھىمى شۇ.

— ئۇنى زاراتگاھلىقتىن يەرلىك كولتىۋاپتۇ، دەمدۇ نېمە؟

— كولتىۋالسىمۇ كولتىۋالغاندۇ. كولتىپ قويسا ساۋاب ئەمەسمۇ.

— ئۇنى ھەر كېچىسى ئاشۇ يەرلىكتە قونۇپ كىرىدىكەن، دېيىشىۋاتىدۇ.

— تووۋا دېسىلە، كىم كۆرۈپتۇ؟ مۇشۇ كۈنلەردە خەق يوتىسىغا ئۇرۇپلا گەپ تاپىدىغان بولۇپ كەتتى. شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟

5

تۈن كېچىدە قەبرىستانلىق يېنىدىكى چوڭ يولدا بىر گەۋدە پەيدا بولدى. بۇ مۇسلىم ئىدى.

مۇسلىم قەبرىستانلىقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە توختاپ، ئەتراپقا بىر قارىۋېلىپ، قەبرىستانلىق ئىچىگە بۇرۇلدى.

ئۇ يېڭىلا كولانغان گۆرنىڭ قېشىغا كەلگەندە توختاپ، بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دىككىدە تاشقى گۆرگە سەكرەپ چۈشۈپ، ئىچكى گۆرنىڭ ئاغزىغا تىزىپ قويۇلغان كېسەكلەرنى يۆتكەشكە باشلىدى. «خېلى جىق تىزىپتىكەن - دە، كاساپەت» مۇسلىم چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتتى.

مۇسلىم بىر چاغلاردا ھەتتا كۈندۈزىمۇ قەبرىستانلىق يېنىدىكى يولدىن ئۆتكەندە، يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەپ كېتەتتى. ھازىر بولسا بۇ قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق ماكان ئۇنىڭغا ئاجايىپ خۇشاللىق بېغىشلىماقتا.

ئۇ كېسەكلەرنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆمىلەپ گۆرنىڭ ئىچىگە كىردى-دە، ئۇگدىسىغا سوزۇلۇپ ياتتى. «پاھ، بۇ راھەتنى قارا!» ئۇ ئاجايىپ ھوزۇرلىنىپ كەتتى. ھازىر ئىيۇل ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولغاچقا، كېچىسىمۇ ھاۋا شۇنداق دىمىق ئىدى. ئۇنىڭ تېنى خېلىلا ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولۇپ، كىچىككىنە ھەرىكەت قىلسىلا ھاسىراپ تەرلەپ كېتەتتى. خېلى ئۇزاق يولنى پىيادە بېسىپ كەلدى، كېسەكلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پاختىلىق تون چاپىنى بىلەن ئىسسىق دەستىدىن دېمىنى ئالالماي قالغانىدى. يېڭىلا كولانغان يەرلىك تاشقىرىغا قارىغاندا شۇنداق نەم، تولىمۇ سالقىن بولۇپ، كىشىگە راھەت بېغىشلايتتى. مۇسلىم ھاياتىنىڭ ئاجايىپ شېرىن لەززىتىنى سۈرۈۋاتقاندەك ھوزۇرلىنىپ كەتتى. «پاھ، بەخت دېگەن مۇشۇ جايدا ئىكەن ئەمەسمۇ!؟ نېمە دېگەن راھەت، نېمە دېگەن خاتىرجەم جاي بۇ - ھە! ئىنسانلار نېمانچىۋالا ئەخمەق! ھايات قىممەتلىك دېيىشىدۇ تېخى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تۈگەيدىغان ھاياتلىرىنى بەختلىك قىلىمىز دېيىشىپ، پالاقلاپ يۈرگىنى يۈرگەن. ئۆلۈمنى قورقۇنچلۇق بىلىدۇ. ھازىرچە جەننەتنى قويۇپ تۇراي، مۇنۇ ئاخىرەتلىك ئۆيۈم بەختىنىڭ باشلىنىشىنى كۆرسىتىۋاتامدۇ! ئاز كۈنلەر قالدى. ئا-

زاب بىلەن تولغان بۇ دۇنيادىن بىراقلا قۇتۇلىمەن، خۇداغا شۈك كەلتۈرۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرمەيمەن. خۇدا ماڭا ئاتا قىلغان ئۇ دۇنيادىكى... ۋاھ، ئاجايىپ-ھە!»

«جەننەت!...جەننەت!...» دەپ پىچىرلىدى ئۇ ھاياجان بىلەن. «مەستۈرە...مەستۈرە، بەلكى...مەستۈرە مېنى ئۇ جايدا كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندۇ، مېنىڭ كېلىشىمگە تەقەززا بولۇۋاتقاندۇ. شۇ چاغدا ئىككىمىزگە ھېچ كىشى توسالغۇ بولالمايدۇ. ئاللا ئىگەم، پەقەت ئىككىمىزنى ئۇ دۇنيادا مۇرادىمىزغا يەتكۈزمەكچى بولغان-دە، شۇڭا ھېلىقى چاغدا...»

...مۇسلىم باغدا ئۆزى يالغۇز ئايلىنىپ يۈرۈپ تولىمۇ ھۇزۇرلانغاندەك بولدى. ئايرىلغىنىغا ئالتە ئايچە بولغان بۇ باغنى ئۇ نېمىشقا سېغىنمىسۇن؟! ئۇ مەستۈرە بىلەن مۇشۇ باغدا كىچىك چاغلىرىدا تالاي قېتىملاپ قوغلىشىپ ئوينىغان، تالاي قېتىملاپ دەرەخ سايىلىرىدا ئولتۇرۇپ قېلىن-قېلىن قۇرئانلارنى ئوقۇشقان ئەمەسمىدى! ھازىر بولسا مەستۈرە بۇ ئۆيىنىڭ كېلىنىگە ئايلانغان. مۇسلىمنىڭ ئۆمرىمىزنى خۇدا يولىدىكى ئىشلار بىلەن بىرگە ئۆتكۈزسەك دېيىدىغان خىيالى بەربات بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، تويىنىڭ كېيى چىقىش بىلەنلا بۇ ئائىلىگە كېلىشنى توختاتقانىدى. بۇ توغرىدا سورىغۇچىلارغا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. مۇھىمى، موللامىنىڭمۇ ئۇنى ئىزدىمىگىنى ھەيران قالارلىق ئىش. بۈگۈن نېمە ئىشى بارىكىن، ئۇنى چاقىرتىپتۇ. ئۇ كەلگەندە موللام ئۆيدە يوق ئىدى. قۇشناچىم ئۇنى باغدا بىرئاز دەم ئالغاچ ساقلاپ تۇرۇشنى ئېيتتى.

باغقا يۈزى يېپىلغان بىر چوكان كىردى. مۇسلىم چوكاندىن كۆزىنى دەرھال قاچۇرۇپ باشقا ياقلارغا قاراشقا باشلىدى، لېكىن يېنىدىلا «مۇسلىم!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئۇنى يەنە قايرىلىپ قاراشقا مەجبۇر قىلدى. يېنىدا يۈزى ئوچۇق ھالدا مەستۈرە تۇراتتى. مانا بۇ ئالتە ئايدىن بېرى كۆرۈشكە شۇنچە تەقەززا بولغان مەستۈرە. ۋاھ، ئۇ ئاجايىپ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئورۇقلاپ كەتكىنىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بىراقلا ئۇن نەچچە ياش چوڭىيىپ كېتىپتىمۇ نېمە؟ «ياق، مۇنداق قىلىش...ئاھ، خۇدا! بىر ئادەمنىڭ ئەمرىدىكى ئايال بىلەن بىر يەردە تۇرۇش...بىرسى كىرىپ قالمىغىيدى». ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىغا ھېچنەرسە كىرمەيتتى. ھازىر ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا شۇنداق بىر يېڭى ھېسسىيات ئېقىمى ئاقماقتىكى، بۇ ئۇنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن دىنىي ئەقىدە ۋە شەرىئەتنىڭ بارلىق قائىدە-نىزاملىرىنى ھەيدەپ چىقارماقتا ئىدى. «مەستۈرە بىر نېمىلەرنى دەۋاتامدۇ-نېمە؟ يىغلاۋاتقان ئوخشايدۇ. كۆزلىرىدە ياش» مۇسلىم ئۆزىنى بارا-بارا ئاشۇ «يېڭى ھېسسىيات»نىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرماقتا. ئۇنىڭ خىيالىدا «گۇناھ، كەچۈرگۈسىز گۇناھ» دېگەن ئوقۇم غىل-پال چاقناپ ئۆتتى. بۇ خىل ئوقۇم ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى توسۇشقا ھېچقانداق تەسىر قىلالمايتتى. ئۇ مەستۈرىنى تازا قانغۇدەك كۆرۈۋالغۇسى، باغرىغا مەھكەم باسقۇسى كېلەتتى. مەستۈرىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغان ئوخشايدۇ. مۇسلىمگە يېقىنلاشتى. ئەمدى مۇسلىمنىڭ خىيالىدا ھېچنەرسە قالمىدى، ئۇ، بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادىكى،

uyghurkitap.com

پۈتۈن ئالەمدىكى ھېچنەرسىنى ئويلىمىدى. ئۇ مەستۈرىنى مەھكەم قۇچاقلىدى. مەستۈرەمۇ ئىككى قولىنى سوزۇپ مۇسلىمنىڭ بوينىغا گىرە سالدى...

بىر چاغدا مۇسلىمنىڭ بېشىغا قاتتىق نەرسە تەگدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھېچنەرسىنى سەزمىدى...

«شەيتان كۈچلۈك كەلگەن شۇ چاغدا» دەپ ئويلىدى مۇسلىم ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

مەستۈرەنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئاڭلانغان كۈنلەردە ئۇنىڭ كاللىتەك زەربىدىن زەخىملەنگەن بېشى تېخى ساقايمىغانىدى. ئۇ، مەستۈرىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئويلاپ يۈرمىدى. خۇدا بەندىسىنىڭ جېنىنى ھەر خىل سەۋەب بىلەن ئالىدۇ-دە. ئۆلۈم ياش-قېرىنى تاللىمايدۇ، ئەلۋەتتە. پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولسا، جاننى بېرىدىغان گەپ.

بەلكى ئۇ مەستۈرىنىڭ ياش ئۆلۈپ كېتىشى، خۇدا ئىككىسىنى ئۇ دۇنيادا مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن كۆرسەتكەن كارامىتى دەپ ئويلىسا كېرەك. شۇڭا مۇشۇ چاققىچە ئاللانىڭ ئۆزىگىمۇ شۇنداق كارامەتلەرنى كۆرسىتىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى. ئەپسۇس، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالغانلار «ۋەيلۇن» دوزاخقا تۇتۇرۇق بولارمىش.

لېكىن ئۇ، كېيىنچە ئۆز «گۇناھى»نى يۇيۇش ئۈچۈن كۆپرەك ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ قالدى. چۈنكى، كېيىن ئۇ مەستۈرىنىڭ ئۆلۈمى مېنىڭ سەۋەبىمدىن بولغان، دېگەن ئويلاردىمۇ بولۇپ قالغانىدى. ھېچخى يەنە، بىر ئادەمنىڭ ئەمرىدىكى ئايال بىلەن... ئەگەر ئۆمرىدىكى ساۋابلىرى شۇ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن يەتمىسە، ئۇ چاغدا...

«جەننەتتە شۇنداق ياشايمىزكى،— دەپ ئويلىدى مۇسلىم يەنە گۆردىكى قاراڭغۇلۇقتا كۆزىنى تىكىپ، — ياق، دادام بىلەن ئانامنىمۇ... راست، مەستۈرەنىڭ دادىسى بىلەن ئانىسىنىمۇ يېنىمىزغا ئەكىلىۋالىمىز. ئاللا ئۇلارغىمۇ جەننەت ئاتا قىلار. ئۇلارمۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزدى-دە، توغرا، توغرا. موللامنىمۇ قېشىمىزغا ئەكىلىۋېلىشىمىز كېرەك. بولمىسا دەرسنى كىم بېرىدۇ؟ موللامنىڭ ھېلىقى ئوغلى... موللامغۇ ياخشى ئادەم، ئوغلى-زە. ئۇ دىنسىزنى خۇدا چوقۇم دوزاخقا تاشلايدۇ، ئۇ دوزاختا كۆيۈشى كېرەك، يىلان-چايانلارغا يەم بولۇپ كەتسۇن» مۇسلىم ئەمدى موللامنىڭ ئوغلىنىڭ دوزاختا كۆيۈۋاتقان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا موللامنىڭ ئوغلى دەھشەتلىك ئوتتا قىلدەك تولغىنىپ ئازابلانماقتا ئىدى. مۇسلىم ئۆزىنىڭ بۇ لەززەتلىك خىيالىدىن سۆيۈنۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى قەبرىنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاۋاتقان ئىككى قاغىنى چۆچۈتىۋەتتى. قاغىلار قاراڭغۇلۇقتا ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ پالاقلىشىپ، قەبرىستانلىقنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى. قەبرىستانلىق خېلى ۋاقىتقىچە تىنچلانمىدى. بۇ چاغدا يىراق-يېقىندىكى خورازلارمۇ چىللاشقا باشلىغانىدى. مۇسلىم تاڭنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى پەملىدى. بۇ جايدىن ئەمدى كېتىش كېرەك. خۇدا بۇيرۇسا، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق كېلىپ تۇرىدۇ.

ئۇ گۆردىن ئۆمىلەپ چىقىپ، كېسەكلەرنى ئاۋۋالقىدەك تىزىپ قويدى.

6

مۇسلىمنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ ئانچە بەك قايغۇرۇپ كەتمىدىم. بۇ مېنىڭ مۇسلىمنىڭ ئۆلۈمىگە خۇشال بولغانلىقىم ئەمەس، چۈنكى مۇسلىم پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇ دۇنيا ئىشلىرى ئۈچۈن ئاتىۋەتكەنىدى، ئۇ دۇنيادا چوقۇم بەختلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. قىياس قىلىشىمچە، مۇسلىم ئارزۇسىغا يەتكەنىدى.

بىز مۇسلىمنىڭ جەسىتىنى قەبرىستانلىقتىن قايتۇرۇپ كېلىپ، يۇيۇپ تاراپ، كېپەنلىگەندىن كېيىن، قايتا ئېلىپ ماڭدۇق.

ئۇنى يەرلىكىدە قويۇپ، يەتتە كەتمەن توپا تاشلىغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن ئاخۇنۇمغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈردۇق. مەن مۇسلىمنىڭ كېسەك بىلەن ئېتىۋېتىلگەن گۆرىنىڭ ئاغزىغا قاراپ قولۇمنى كۆتۈرگىنىمچە، ئاللاغا شۇنداق ئىلتىجا قىلدىم:

ئەي، ئۇلۇغ تەڭرى! سەن ئالەمدە ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ، بەندىلىرىڭنى ئارزۇ - مۇرادىغا يەتكۈزگۈچى بولساڭ، مەنمۇ سېنىڭ بەندەڭ بولۇش سۈپىتىم بىلەن سەندىن شۇنى تەلەپ قىلاي: مۇسلىمغا شەپقەت كۆرسىتىپ ئۇنى ئېلىپ كەتتىڭ، لېكىن ئۇ ئۆز «كەسپى» نى باشقىلارغا مىراس قالدۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۇلارمۇ ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار پۈتلىرىمغا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ مېنى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن يۈرىكىم لەختە - لەختە بولۇپ كەتتى. سەن ئۇلارنى بۇ پەيلىدىن ياندۇرۇپ، مېنىمۇ مۇراد - مەقسەتلىرىمگە يەتكۈزگەيسەن!

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت

# باھار كۈيلىرى



ئابدۇرېھىم مۇھەممەت 1962-يىلى 2-ئايدا ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئۆجمە يېزا قونساق كەنتىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1983-يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئاقتۇ ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى.

ئۇ، 1981-يىلدىن باشلاپ ھەۋەسكار سۈپىتىدە ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەنىدى. ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ۋە بەزىلىك گېزىت-ژۇرناللاردا 160 پارچىگە يېقىن شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. بىر قىسىم شېئىرلىرى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان كوللېكتىپ توپلام —«ئۆركەش» كە كىرگۈزۈلدى.

## سەھەر

ياپراقلاردا يالتىرايدۇ تەر،
تاڭ نۇرىدىن يۇيۇنغان ئورمان.
ئۇپۇق پۈركۈپ لالە رەڭ گۆھەر،
شاخ - شاخلاردىن تامچىلايدۇ قان.

پەرىزاتتەك نەپىس كۆكۈش ھور
ساھىللاردىن كۆتۈرمەكتە بوي.
كۆيگەن كەبى ئوتتا ئىپەك تور.
يۇتتى باغلار ھورنى، چېچەپ بوي.

سايلاق يېزام، بۆككىدە قىشلاق،
ئەمدى ئاستا بەرمەكتە شاۋقۇن.
ئۈچ - تۆت گۆدەك، ئۇلار بەك ئۇششاق،
قوي ھەيدىشىپ كەلمەكتە تۈيغۇن...

## كەل سېغىنساڭ يېزامغا مېنىڭ

ئاق تەڭگىدەك ئاقارغان قۇياش،
ئاپتاپ ئاقار يېگىنىسىمان تىنىك.
چوغلانماقتا چوققىلاردا تاش،
ئىز باسىمسۇن دېگەندەك كىمىك.

تاتارغان قۇم، ئۇسسىغان توغراق،
مەلىمىزنىڭ يېنىدا شۇ جاي.
چىقسا شامال كۆيلەيدۇ قامغاق،
قوشۇپ كۆيلەر سامادا تورغاي.

كەل، دىلبىرىم، سەھرايىمغا كەل،
بەك چىرايلىق كۆلمەكتە باھار.
گەر سېغىنساڭ قىش ھۆسنىمۇ تەل،
ئاق چېچەكتۇر مىسلى ئاپئاق قار.

## كەچ

قۇشلار بەزمە قۇرۇشقان بوستان،
كۆمۈش قىرغا قىيسايماقتا كۈن.
مىس رەڭگىدە قىزارغان ئاسمان،
لەشكەر يىغار ئۇپۇقلارغا تۈن.

سائەت «چىك ـ چىك» چىكىلدار ئۇماق،
تار پەنجىردىن كىرمەكتە گۇگۇم.
دەريا ئاقار بۇژغۇن ياساپ ئاق،
يىگىت ياتار چىمنى قۇچۇپ دۈم.

تار پەنجىردىن كىرمەكتە گۇگۇم،
قىز ئالدىرار، يۈرىكى تەشنا.
«كەچۈر جېنىم...»،
«كەلدىڭمۇ گۈلۈم؟...»
تىڭشاپ شۇنى ئاقماقتا دەريا...

## قۇش ۋە ئوۋچى

ياقۇتسىمان پارلايدۇ قۇياش،
تۆكۈلمەكتە ئۇپۇقلارغا زەر.
تاغلار ئېتىپ بۇلۇتنى ھاپاش،
كۆك شىشىدەك سۈزۈلەر سەھەر.

تاڭ شەبنىمى كەتمىگەن ئورمان،
گۈپۈلدەيدۇ سەھەر سالقىنى.
پىرۇزىدەك چىرايلىق جاھان،
(يېشىللىقنىڭ ئۆچمەس يالقۇنى.)

چېغىر يولدىن كەلمەكتە ئوۋچى،
جەينىكىگە قونغان «ئەزرائىل»
(تىۋىش تىڭشاپ بارماقتا قۇشى،
قالغان ئوۋنىڭ تەقدىرىدە قىل.)

ئوقتەك ئۇچۇپ قاچتى بىر توشقان
جىلغىلاردىن دومىلاپ بەزەن.
يۈرىكىگە يېپىشماقتا جان،
بىر قېچىشنى سېزىپ بارار تەن.

قۇش ئېتىلدى ئېغىر سىلكىپ پەر،
ۋەھشىي تىرناق سانجىلدى بېرىپ.
تىرناق ئەمەس ئاقاتتى زەھەر،
تاقەتسىزلىك جىسمىنى كېزىپ.

......
ھالقىغاندى ئۇلار ئورماندىن،
ئۇچراپ قالدى يەنە بىر ئاھۇ.
ئاسان ئەمەس كېچىش بۇ جاندىن،
بار ئەلۋەتتە ئۆلۈمدە قايغۇ.

قاچتى جانۋار قىيالار تامان،
بۇلۇتلاردەك يۈكسىلىپ يەڭگىل.
خەيرلىكتۇر بۇ دەم تاغ ـ داۋان،
تەقدىر ئارا تەۋرىمەكتە قىل.

ئوتلۇق تىرناق سانجىلدى يەنە،
كۆلۈپ كەتتى ئوۋچى ئامەتتىن.
(ئۆلۈك جانغا قىلىشىپ تەنە،
يايرار ئوۋچى ئۆيدە راھەتتىن.)

ئەپسۇس، قۇشنىڭ قورساقلىرى ئاچ،
خۇرۇم قاپقۇچ سېلىندى باشقا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئاھ، ئىنساپسىز، ئىگەم، نېرى قاچ ...»
قۇش كۆزلىرى تولماقتا ياشقا ...

## بۇرادىرىمگە

نېمە بولدۇڭ، ئەزىز ئاغىنەم،
رەستىلەردە تۈنلەر تىمىسقاپ؟
نىسى ئىشرەت قىلماىدۇ ئەلەم،
ھەر بوتكىدا قەرزىڭ بىھېساب.

چاۋا-چاتقال قالايدۇ ئاپاڭ،
بارمىقىدا كۈنلەرنى ساناپ.
«ئوغلۇم ماناش ئالسا ...» دېگەن ئاڭ
ئارمانلارنى تۇغماقتا شۇ تاپ.

ھېچ مەنىسىز سورۇنلاردا، ئاھ،
پۇللىرىڭنى تۈگەتتىڭ خەجلەپ.
ئەپسۇس، تېخى قەرزدار بولۇپ گاھ،
ئاي توشقۇچە يۈرسەن ئەسنەپ.

زەنگەر ساما ئەمەستۇر ئىنسان
مەڭگۈ شۇنداق ساقلايدىغان رەڭ.
گۈل تەقدىرىڭ بىر كۈنلەر خازان
ۋە سالىسەن كەچمىشلەرگە زەڭ ...

## ياز كېچىسى چىللايدۇ شۇنداق ...

تۇيغۇلارنى چىللايدۇ تۇيغۇ
سوغۇق شامال كۆيلىگەن كېچە.
ئاي نۇرىغا ئەگىشىپ ئۇيقۇ،
قارىچۇقلىرىم تەۋرەيدۇ خىرە.

بوستانلارغا كېتىمەن شۇڭغۇپ
ياپراقلارنىڭ كۆيلىرى بىلەن.
تۇمانلارغا ئېسىلماق بولۇپ،
قول سوزىمەن بوشلۇققا بەزەن.

يېشىل چىملىق نەمخۇش، يۇمشاق قاش،
كۆپۈكلەردىن يۇمشىغان گىرۋەك.
كېچىك چاغلار ئۇچكە چاقىقان تاش
دەيدۇ يەنە: «سەن تېخى گۆدەك ...»

تومۇزغىلار چىرىلدار تىنماي،
نۆۋەت بىلەن قاۋايدۇ ئىتلار.
قىشلاقلاردىن كېلىدۇ ناي-ناي،
يىراقلاردىن تىڭشايدۇ باغلار.

ياز كېچىسى چىللايدۇ شۇنداق،
تاتلىق ھېسلار قۇچماقتا نىگاھ.
كەل نىگارىم، كېچىلەر خۇشۋاق،
سېغىنماقتا سېنى دىللار، ئاھ ...

## قىشمۇ شۇنداق ياسايدۇ باھار

قويۇق چاتقال، سۈكۈتتە ئورمان،
يۇرت كۆيىدىن يىراق بۇ ئەتراپ.
ئاچچىق شامال قاقشال شاخ ئارا
بۆرىلەردەك ھۇۋلايدۇ قۇتراپ.

كەچكى شەپەق پۈركۈگەندە ھەل،
گۈل رەڭگىدە تاۋلىنىدۇ قار.
قار چۈمكىگەن ئاشۇ ئورماندا
قىشمۇ شۇنداق ياسايدۇ باھار.

## تۈن سۈرىتى

يۈكسەك قىرلار يوشۇرغان گەۋدە،
سىڭىپ كەتكەن بوشلۇققا تۇپراق.
يېشىل ئورمان كۆرسەتمەس سىما،
قارا تۈندىن رەڭ ئىچكەن قىشلاق.

داش قازاندەك قاپقارا ئاسمان،
چاچ رەڭگىدە تاۋلىنىدۇ يەر.

ئۈستەك ئېغىر تەۋرەيدۇ كېچە،
بۇلۇت كۆككە قاراپ ئۈنتىلەر.

ئالتۇن نەيزە تاشلايدۇ يۇلتۇز
يەر كۆكسىگە سانجاق ۋە سانجاق.
يېپىلغاندەك بېتىگە پىستان،
كۈمۈش پەتنۇس پارلايدۇ ئاپئاق.

تۇمان ئۈچرە سىلجىپ بارار ئاي
ۋە سوزغانچە چوققىلارغا قول.
قارلىق تاغلار ئاچقاندا رومال،
شوخ كېپىنەكلەر ئىزدەپ يۈرەر يول...

### ئويغان دەريا، كۈلسۇن لالىلەر

يەنە سۆيگۈ قۇچماقتا قۇياش،
يۈرىكىدە پىراقتەك يالقۇن.
يېشىللىقنى زېمىن قىپ ھاپاش،
كۆتۈرمەكتە باغلاردا ئۇيقۇن.

سايدا يۈلغۇن، كەپتەر پۈتىدەك
قىزغۇچ رەڭدە چىقارماقتا بىخ.
تاغلار ئېچىپ كۈمۈش رەڭ كۆكرەك
ۋە شەپەققە تەلمۈرمەكتە، ئېھ!

ئويغان دەريا، كۈلسۇن لالىلەر،
ساھىللارغا يېقىن چوغ-لاۋا.
تاڭ شامىلى چېكىپ كۆزنەكنى،
بوستانلاردا قوزغىسۇن ناۋا.

ئويغان دەريا، كۈلسۇن لالىلەر،
سۆيگىنىنى سېغىنىدى سەھرا.
تىنىقلارنى قوشقاندا سەھەر،
قۇچاقلاشسۇن سەددىپ قاش دەريا...

### غەيۇر ھېسلىرىم

نۇر خەزىنىسى مېنىڭ بىر جۈپ قارىچۇقۇم،
تۈن كۆكسىنى تىلىپ تاشلار قىلىچتەك.
تېشىۋېتەر ئۇپۇقلارنى كىرپىكىم،
باقسام قۇياش ئېرىپ كېتەر سىمابتەك.

گەر يۆلەنسەم بېشىم قويۇپ قىياغا،
قاراسلايدۇ يۈكسەك تېنى تاغلارنىڭ.
يېرىم تىنسام، سۈمۈرىمەن ھۆپپىدە
جاھان كېزەر ھىدلىرىنى باغلارنىڭ.

بىر پىرقىراپ كېزىنىپ چىقسام چۆللەرنى،
ئۇسسۇزلۇقۇم بولالمايدۇ دېڭىزلار.
دومىلسام چوققىلاردىن توقايغا،
تىنىپ كېتەر سىرلىق ئۈڭكۈر-جىلغىلار.

كەمەن قىلسام رەڭدار ھەسەن-ھۈسەننى،
ساداق بولۇر سامان يولى ئاشۇ ئان.
ئاھ، ئاشۇنداق خىياللاردىن ئۆرگىلەي،
مېنىڭ بولۇپ قالار بىردەم بۇ جاھان.

قۇربان ئەمەت

## ئېكران سىرتىدىكى سۈرەتلەر

### ئاھۇ كۆزۈڭ ئاققۇزغان دەريا...

ئاھۇ كۆزۈڭ ئاققۇزغان دەريا
دولقۇنلاندى ژېنالقلىرىڭدا...
ھەسرەت ھىدى تارقىتىپ دۇنيا،
ئوت ياندۇردى دىماغلىرىڭدا.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىرپىكلىرىڭ چاقناتقان پانۇس
شولا يايدى دەريا يۈزىدە.
نازۇك لېۋىڭ توسمىسى، ئەپسۇس،
ئېقىنلارنى توستى ئۆزىدە.

مەجنۇنتاللىق دەريانىڭ بويى،
چېچىڭ سۆيەر دەريالىرىڭنى.
كۆزۈڭ — ئۇپۇق، كۆرسەتسە قۇياش،
نۇرغا چۆمكەر سەھەرلىرىڭنى.

پاتتى قۇياش ئۇپۇققا ھارغىن،
دەريالىرىڭ دولقۇنلار بىراق.
چۆمۈلدىڭ ئاڭا يۇلتۇزلار،
ئاي ئەگىيدۇ كېتەلمەي يىراق.

ئاھۇ كۆزۈڭ ئاققۇزغان دەريا
.ولقۇنلاندى زىناقلىرىڭدا.
ەس، مۇڭلانما، كۆلمەكتە قۇياش
جىلۋە بىلەن بۇلاقلىرىڭدا.

## موھتاجلىق

بىھىردۇ شوخ دەريا ياڭراق بىر سادا،
گۈركىرەر شىۋىرغان، گۈركىرەر بوران.
سەمرىگەن بۇلۇتلار ھالسىرايدۇ گاھ،
قۇيۇلغان يامغۇرى ياسايدۇ قىيان.

بىر بوۋاي قول سوزۇپ تىلەيدۇ: «خۇدا،
قىيانىدىن كەپىمىز قالسىكەن ئامان.»
قىردىكى كۆلچەكتە نىمجان بېلىق، ئاھ،
ھاياتلىق تىلەيدۇ كەلكۈندىن شۇئان.

## مۇھەببەت

گاچىلارنى قىلار ناخشىچى،
ئەمالارنىڭ كۆزىنى روشەن.
ئاجىزلارنى داۋان ئاشقۇچى،
كۆرۈمسىزنى گۈللەردەك لېۋەن.

تەلەپ قىلما ئۇلاردىن ئەمما،
تىل،
كۆز،
كۈچ ۋە گۈزەللىك ئەبەت.
ئاھ، ئۇلارغا ئەبەدىي ھەمراھ،
بار قىلغۇچى يوقنى مۇھەببەت.

## يۇلتۇزلۇق ئاخشام

كىرپىكلەردىن ياغدۇرۇپ ئاق نۇر
ئاي مارايدۇ قايرىلسا پەردە.
سالقىن شامال يۈگۈرىدۇ غۇر - غۇر
خاتىرجەملىك كۆلگەن مەھەلدە.

ئاستا مېڭىپ يۈرەر ياش ئانا،
تۆشەك ئارا پۇشۇلدار بوۋاق.
ئىشىك ياقتىن كىرگەندە ئاتا،
سالقىن بىرەر رەيھاندىن پۇراق.

تاتلىق تامشىپ، ئويغىنىپ بوۋاق
ئاتىسىغا سالار چىڭ كىرە.
ياش ئانىنى سۆيەر بەك ئوماق،
ئېھ، بۇ ئەجەب ئىللىق مەنزىرە.

پەردىلەرنى چۆمكەيدۇ ئاتا،
تۆشىكىگە باش قويسا بوۋاق.
كۆلەر ئۆيدە تولۇن ئاي گويا
نۇر سەپكەندەك بىر ئالتۇن تاۋاق.

تەبىئەتنىڭ ئەللەيلىشىدە،
گۈلزار ئارا ئۇخلايدۇ قورا.
سانسىز يۇلتۇز شېرىن چۈشىدە،
بىتاقەتتە ئىزدەيدۇ جورا...

نۇرمۇھەممەت چېلىل

## ئۆڭۈمۇ بۇ چۈشۈمۇ؟

بەك ئويناتچان قىزلاردەك،
قىزارغانچە كۈن پاتتى.
ئەللەي ئېيتىپ نەدىدۇر
ئانا مۈڭلۈك كۈي قاتتى.
چاقناۋاتقان يۇلتۇزلار
تېپىشماقتەك بىلىندى.
شېرىن خىيال ئىلكىدە
كۆز ئۇيقۇغا ئىلىندى.
نەچچە قوچقار بىر يولى،
ئۈسسۈشكەندەك بىراقلا،
ئايان بولدى چۈشۈمگە
تالىشىشلار شۇ تاپتا.
فوسفورمىكىن دەپتىمەن
غەزەپلەنگەن كۆزلەرنى.
نەشتەرمىكىن دەپتىمەن
يىرىك - قوپال سۆزلەرنى.
ياش قۇرامى ئوخشىماس،
ئەقىدىسى، تىلى بىر.
بىر كېمىدە ھەممىسى،
جېنى بىرۇ، دىلى بىر.
قىرىپ قويۇپ گېلىنى
سۆز باشلىدى «ئا» كىشى.
خېزىر سۈپەت، مويسپىت،
ساقاللىرى ئاق كىشى:
«يەر دەسسىدىم تۇغۇلۇپ،
ئاق سۈت ئېمىپ ئانامدىن.
تەلىم ئېلىپ يېتىلدىم
بوۋام بىلەن دادامدىن.
مۇقەددەس ۋە ئۇلۇغدۇر
مېنىڭ ئۈچۈن ئەنئەنە.
ئەنئەنىمىز دەخلىسىز،
قىلسۇن دەيمەن تەنتەنە!»
تۇرۇپ كەتتى تۇساتتىن،
غەزەپلىنىپ «ب» ئوغۇل.
چىراي - شەكلى مىسالى
ياشناۋاتقان غۇنچە گۈل:
«زامان يېڭى، بىز يېڭى،
قۇرۇق كەپە — ئەنئەنە.
ئوت قويىمىز ئاڭا بىز،
قىلىپ بايرام، تەنتەنە...»
قوپتى دەرھال «س» كىشى،
ئېگىز بويلۇق، چاساقال.
قوشۇمىسى تۈرۈلگەن،
كۆزلىرىدە غەيرى ھال:
«سۆيگۈنى بار ئەزەلدىن
ياخشى كۆرۈپ بارچىنىڭ.
لازىمى يوق مەن ئۈچۈن
شىپىڭ بىلەن سارچىنىڭ.
مەڭگۈ ياماپ كىيىمەن
بوۋام كىيگەن چاپاننى.
قىلىپ ئۇنى تەۋەررۇك،
ساقلايمەن ھەم شاننى.»
تۇردى دەرھال «ن» كىشى:
«بىز يېڭىلىق ئىگىسى.
ھەدېسىلا كونىنى
ماختىغىنىڭ نېمىسى؟!
قاچانغىچە سۆرەيمىز
بۇقۇسنى، ساپاننى؟!
كۆرۈۋاتساق تراكتور
يەر ئاغدۇرغان جاھاننى.
كونا ھامان كونىدۇر،
يوق ئۇنىڭ ھېچ ياخشىسى.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ شۇڭا ئېيتقىنىم
يېڭى زامان ناخشىسى...»
دېدى بىرسى: «ياراتقان
ئەمەسمۇ بىز مۇقامنى.
ھەيران قىلدى بۈگۈن ئۇ،
جەلپ قىلىپ جاھاننى.
ئۇنىڭ تىلى بەك گۈزەل،
ئۇدارلىرى رىتىملىق.
مۇقاملىرى، نەغمىسى
بىر-بىرىدىن يېقىملىق.
ئەجدادىمىز . مۇشۇنداق
تۆھپىلەرنى ياراتقان.
شۆھرىتىنى مىللەتنىڭ
ھەر تەرەپكە تاراتقان.
ئېيتقىنىمىز ئەزەلدىن
خەلق سۆيگەن ناخشىغۇ!؟
‹مودەنخان› ۋە ‹لەيلىگۈل›
بىر-بىرىدىن ياخشىغۇ!
ياخشى-ياماننى ئايرىماي،
چۆرۈۋەتسەك بولامدۇ؟!
ئاڭا بىزنىڭ خەلقىمىز
تەخىر قىلىپ تۇرامدۇ؟!
زەر قەدرىنى باشقىلار
زەرگەرچىلىك بىلەمدۇ!؟
ئوت قويغانغا ئەنئەنە
شۇنچە ئاسان كۆيەمدۇ؟!»
چاقماق چېقىپ تۇساتتىن،
پەيدا بولدى بىر ئىنسان.
گويا خىزىر سىياقى،
سۆز باشلىدى پاك ۋىجدان:
«يول بولمىغان جاھاندا
ئەجدادلار ياراتمىغان،
ئەۋلادلىرى كېيىنكە يېتىپ،
شۆھرىتىن تاراتمىغان.
بارار ھامان يۈكسىلىپ
ئىنسانلارنىڭ ئوي-ئېڭى.
سېلىشتۇرساق ئۆتمۈشكە،
بۈگۈن پارلاق ھەم يېڭى.
بولماس ئىدى بۈگۈنمۇ،
بولمىسا ئەل ئۆتمۈشى.
ساۋاق بولدى بىز ئۈچۈن
ئەلنىڭ ھەر خىل كەچمىشى
دەرەخ نېچۈن ياپيېشىل؟
كۈچ مەنبەسى يىلتىزدا.
مېۋە بېرىپ ياشنايدۇ
توختاپ قالماي بىر ئىزدا.
ماختىمايلى بەلەن دەپ،
كۆرۈنگەنلا كونىنى.
زىيان تارتساق قىيىندۇر
تولدۇرۇۋېلىش ئورنىنى.
ماختىمايلى ئالدىراپ
‹يېڭى› دەپلا ھەممىنى.
ئۆتەلەمدۇ سىناقتىن،
سىناپ كۆرەيلى ئۇنى.
تىللىمايلى كونىنى
ھە دېسىلا «يامان» دەپ.
ئالتۇن داندىن كەچمەيلى
بىللە ئىكەن سامان دەپ.
ئۆسۈپ چىققان يېڭى بىخ
بولار ئاخىر باراقسان.
ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتى
بولار بىر كۈن نامايان.
بولغىنىدەك ھەر ئىشنىڭ
شاكىلى ھەم مېغىزى،
باردۇر ئالتۇن كانىنىڭمۇ
قۇم، شېغىلى، سېغىزى.
‹ئۇ كونا›، ‹بۇ يېڭى› دەپ،
تاللىشىمىز نېمىنى؟
تەر ئاققۇزۇپ، كونىدىن
تۇغدۇرايلى يېڭىنى.

بىرگە زۆرۈر ھەر قاچان
ئىشنىڭ تۈزۈك بولغىنى.
گۆھەر كۆزى ياراشقان
ئالتۇن ئۈزۈك بولغىنى...»

مەن ئويغانسام كۈن چىقىپ،
چىرايلىق تاڭ ئېتىپتۇ.
گۈل شېخىدا بۇلبۇللار
خۇشال نەزمە قېتىپتۇ.

ئويلاپ باقسام بۇ ئىشلار
رىئاللىقتا كۆرگەندەك،
ئادەملەرمۇ تونۇشلا،
دائىم بىللە يۈرگەندەك.
«شائىرچاقىمەن» ئاتاقتا،
ئەپلەشمىگەن ئىشىممۇ!
ئويلاپ بېقىڭ دوستلىرىم،
ئوڭۇممۇ بۇ چۈشۈممۇ؟!

ئابدۇسەمەت خېلىل

## ۋەتىنىم

سۆيگۈنۈم سەن ۋەتەن — نىگارىم،
كۆيگۈنۈمسەن ۋەتەن — باھارىم.
يۈرىكىمدە مۇھەببىتىڭ جەم،
سېنى گۈللەش يۈرەك قارارىم.

ھاياتىمنىڭ شەرەپ - شانىسەن،
بايلىقىمنىڭ پۈتمەس كانىسەن.
سەندە ئۆستۈم تېپىپ بەختىمنى،
ئىجادىمنىڭ چىن بۇلاقى سەن.

گۈلزارىڭغا قاراپ تويمايمەن،
قۇچىقىڭدا ئەركىن يايرايمەن.
بۇلبۇلۇڭمەن سېنىڭ خۇشئاۋاز،
سېنى كۈيلەپ مەڭگۈ سايرايمەن.

## ئايلىنىمەن پەرۋانە كەبى

لاپ ئەمەستۇر نىگارىم سېنى
گۈزەللىكتە پەرىزات دېسەم.
قىلىۋالدىڭ مېنى مەھلىيا،
چىدالمايمەن بىردەم كۆرمىسەم.

يارىلىپسەن شۇ قەدەر بەرنا،
خىجىل سەندىن كۆكتە ھىلال ئاي.
ياشالمايمەن دۇنيادا سەنسىز،
بولغاچقا سەن ئوماق، خۇشچىراي.

ئېسىۋالغىن بوينۇڭغا تۇمار،
ئەنسىرەيمەن تەگمىگەي دەپ كۆز.
ئايلىنىمەن پەرۋانە كەبى،
ئۇچراشقاندا تىلغا كەلمەس سۆز.

دىلىمدىكى ئوتلۇق تىلەكنى
دېمىسەممۇ ئۆزۈڭ بىلىسەن.
بىلىپ تۇرۇپ نېچۈن، ئەي جانان،
ناز ئىلكىدە قېچىپ يۈرىسەن.

مەجنۇن كەبى ئىشقىڭدا كۆيۈپ
يۈرمەكتىمەن كۆزۈمنى ياشلاپ.
كۆل قىلىشقا چىدايسەن قانداق
مېنى ھىجران ئوتىغا تاشلاپ!

## ۋىجدان ۋە جان

بەزىلەر ۋىجدان دەپ ئايرىلار جاندىن،
بەزىلەر جاننى دەپ كېچەر ۋىجداندىن.




توختى ئايۇپ

# قۇم باسقان دېڭىز

(پەيۋەست)①

## سەككىزىنچى باب

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلىجان، — دېدى قاۋۇل ئەسكەر ئات ئۈستىدىلا، ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز-كۆزىنى يۇيۇۋاتقان ئەلى بىلەن سالاملىشىپ، — ياخشى ئۇخلىدىڭىزمۇ-قانداق؟

— بۇ يەرنىڭ پاشىلىرى قالتىس ئىكەن-دە... — دېدى ئەلى گەدىنىنى قاشلاپ، — ئورمانلىقتىن ھازىرلا قايتىشىڭىزمۇ، كېچىدە بىرنەرسە ئاتتىڭىزغۇ دەيمەن.

— قاۋاندىن بىرسى يەر چىشلىدى، — قاۋۇل ئەسكەر ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنى يۈگىنى بىلەنلا قويۇپ بەردى، — كاساپەتلەر، مۇشۇنداق ئېتىپ، ئۇرۇق-ئۇجۇقىنى قۇرۇتۇپ تۇرمىسىڭىز نە قوغۇن-تاۋۇزغا، نە ياش كۆچەتلەرگە تىنچلىق يوق. ياۋا توڭگۇز دېگەننى كۆرگەنمۇسىز؟ كۆرمىگەن دەمسىز؟ ئۇنداق بولسا ئەمدى كۆرىسىز. كاساپەتلەر، كېچىچە توپ-توپ بولۇپ يۈرىدىغان نېمىلەر ئۇ. قوغۇن-تاۋۇزلۇققا بىر كىرىۋالدىمۇ، ئېغىناپ-تىلغاپ، يېرىپ دېگەندەك ھەممىنى ۋەيران قىلىدۇ. كۆچەتلەرگە يەتكۈزىدىغان زىيىنى تېخىمۇ ئېغىر. يىلتىزىنى كولاپ، نوتىلارنى سۇندۇرۇپ كارغا كەلگۈسىز قىلىۋېتىدۇ.

— شۇڭا كېچىچە ئۇخلىماي چىقىمەن دەڭا.

— ئۇخلىمايدىغىنىم راست، لېكىن بۇ يالغۇز ياۋا توڭگۇز ئۈچۈنلا ئەمەس، — قاۋۇل ئەسكەر ئىشىك ئالدىدىكى قۇرۇق كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېتىپ تۇچ غاڭزىسىغا

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

تاماكا باستى، — ئوتتۇنچىلار يامان، كېچىسى سەللا غەلەت بولدىڭىزمۇ، بولدى! توغراقلار-
لى كېسىپ ئوغرىلاپ قېچىشىدۇ. ھە، بولدىڭىزمۇ ئەمدى، يۈرۈڭ. چاي ئىچىمىز، ئاندىن
سىزنى توغراقلىقلارنى ئايلاندۇرىمەن.

ئۇلار ئەمدىلا چاي ئىچىشكە ئولتۇرغاندا سىرتتا ئاتنىڭ كىشنىگەن ھەم بىرسىنىڭ «قاۋۇل ئاكا!» دەپ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. سىرتتا چىلان توروق ئات ئۈستىدە چىرايى چۆل ئاپتىپىدىن كۆسەيدەك قارايغان، پۇتىغا چورۇق تارتقان، يىرتىق كىيى-يىملىك، ئون ئالتە ياشلاردىكى بالا كۆرۈندى. قاۋۇل ئەسكەر ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ئەلىگە قاراپ كۆكۈش كۆزلىرىنى قىسىپ كۈلدى:

— قالتىس ئىزچى بولدى بۇ كوسپۇرۇش، مىسالى، يوقلىپ كەتكىنىگە ئۈچ كۈن بولغان پاخلاننى ئىزىغا قاراپ جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە كەتكەن بولسىمۇ تاپماي قويمايدۇ.

— مالچىمۇ؟

— ھەئە، تاللىق قوتاندىكى قېرى مالچى ئاغىنەمنىڭ ئوغلى، — ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرغان مالچىدىن سورىدى، — چاي- پاي ئىچەمسەن؟

— رەھمەت، قوينۇمدا كۆمەچىم بار.

ياش مالچى ئەلىگە قىزىقسىنىپ قاراپ قويدى- دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ شۇ ئانلا قېلىن قومۇشلۇقلار ئارىسىدا غايىب بولدى.

— بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشى مۇشۇنداق، — دېدى قاۋۇل ئەسكەر ئاتنىڭ يايلىلىرىنى تاراۋېتىپ، — بىر قارىسىڭىز ئاجايىپ، ئەمما شەھەرلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ جاپالىق. مال نەگە ماڭسا ئارقىسىدىن سوكۇلداپ يۈرىدىغانلا گەپ. قورسىقى ئاچسا يەيدىغىنى كۆمەچ، ئىچىدىغىنى قىرتاق سۇ، ھە، ئات مىنىپ كۆرگەنمۇسىز؟ قورقماڭ، بۇ ياۋاش ئات، ئەمما يورغىلىشى قالتىس. شۇڭا بىزنىڭ جەننەتخان بىر يەرلەرگە مۇشۇ ئاتنى مىنىپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مانا، چۇلۋۇرىنى تۇتۇڭ ئەمىسە.

ئۇ ئەلىنىڭ ئاتنى مىنىشىگە ياردەملىشىپ بولۇپ ئاندىن ئۆز ئېتىغا ئەپچىللىك بىلەن مىنىۋالدى.

ئۇلار تار جىلغىدىن ئوچۇقچىلىققا كۆتۈرۈلدى. توغراق بىلەن بۈك يۇلغۇن، ئاندا-ساندا كۆرۈنۈپ قالىدىغان توقايلىق تاغ يايلاقلىرىدەك گۈزەل ۋە تارتىملىق ئىدى. سارغايغان قومۇشلۇقلار ئارىسىدا پات-پات كاللارنىڭ سوزۇپ مۆرىدىشلىرى، قوي-ئۆچكىلەرنىڭ مەرەشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— مانا قاراڭ، — قاۋۇل ئەسكەر ئەلىگە ئەتراپتىكى توقايلىقنى قولىدىكى قىسقا دەستىلىك قامچىسى بىلەن ئىما قىلىپ دېدى، — مۇشۇ يەر سىزچە قانچىلىك كېلەر؟ چامامدا مىڭ مودىن كەم ئەمەسقۇ دەيمەن. تېخى ئون يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەر ھەتتا قاۋان توڭگۇزمۇ ئۆتەلمەيدىغان بۈك توغراق، يۇلغۇنلۇق ئىكەنمىش، كاساپەتلەر ھەممىسىنى نابۇت قىلىشىپتۇ. كەسكەننى كېسىپتۇ، ئوتتۇنچىمۇ كېسىپتۇ، كادىرمۇ كېسىپتۇ. كەسكەن-كەسكەننىڭ، ئالغان-ئالغاننىڭ بولۇپ كېتىپتۇ. يەنە نېمە قىلىشىپتۇ دېمەمسىز، خام بەڭ چېكىپ كاللىسى ئايلىنىپ قالغانلاردىن يەنە بىرمۇنچىسى كېلىپ ئاشلىق تېرىماقچى بوپتۇ.

دۆلەتنىڭ مۇشۇنداق قىممەتلىك ئېسىل بايلىقىنى ئوت قويۇپ تۈگىتىپتۇ. ئەمدى بىلگەنسىز ئۇكام. ئاق قار ـ كۆك مۇز ئۈستىدە يېتىپ ۋەتەن چېگرىسىنى قوغدىدۇق، ئۇرۇشتۇق، قانلىرىمىزنى تۆكتۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن؟ ۋەتىنىمىزنىڭ مۇشۇ بايلىقلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ـ دە، ئەمما بۇنى ياتلار ئەمەس، ئۆز ئادەملىرىمىز كېلىپ نابۇت ـ خانىۋەيران قىلغىلى تۇرسا، ئۇنىڭغا ئۇرۇشنىڭ ئاسارىتىنى، قان ئاققۇزۇشنىڭ ئازابلىرىنى تارتقان قايسىبىر جەڭچى چىداپ تۇرالايدۇ دەيسىز؟ مانا مەن چىداپ تۇرالمىدىم. شۇڭا شەھەردە خىزمەت ئىشلەشتىن ۋاز كېچىپ مۇشۇ يەرنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىنى تاللىۋالدىم. مەن خۇددى كۈيۈنلۈن، قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ قار ـ مۇزلىرىنى، ھەتتا ھەر بىر پارچە قورام تاشلىرىنىمۇ ئاسراپ قوغدىغاندەك بۇ يەرنىڭ ھەممە نەرسىسىگە مۇھەببەت باغلىغان، مەن مۇشۇلارنى ئامان ـ ئېسەن قوغدىيالىسام‌لا ئۆزۈمنى ھېلىمۇ ئالدىنقى سەپتە قاراۋۇللۇقتا تۇرىۋاتقاندەك خۇشال ھەم شەرەپلىك ھېس قىلىمەن. مېنىڭ ھازىر كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدىغىنىم ـــ مۇشۇ يەرلەرنىڭ ۋەيران قىلىنغان ئورمانلىقىنى قانداق قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بۇ ئىشقا جىق ئۇرۇنۇپ كۆردۈم. توغراق نوتىلىرىنى قەلەمچە قىلىپ تىكىپمۇ، يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ كۆچۈرۈپمۇ، ھېچقايسىسىدىن تۈزۈكرەك نەتىجە چىقىرالمىدىم. سىز مۇشۇ ساھەدە ئوقۇپ كەلگەن زىيالىيسىز، ماڭا بىر ياردەم قىلماسسىزمۇ، ئۇكام؟

— ياردەم قىلىش ئەمەس، بىرلىكتە ئىشلەيمىز، ـــ دېدى ئەلى توقايلىقنىڭ توپا تەركىبىگە، نەم ـ قۇرغاقلىقىغا ئىنچىكە سەپسېلىۋېتىپ، ـــ دەريا بۇ يەردىن قانچىلىك يىراق كېلىدۇ؟

— ئىككى كىلومېتىرچە كېلەر.

كەلكۈن سۈيى بۇ يەرگە يىلدا نەچچە قېتىم كېلەلەيدۇ؟

ـــ تۇراقلىق ئەمەس، گاھىدا يىلدا بىر قېتىم، گاھى يىللىرى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم.

ـــ بۇ بىزنىڭ ئورمان يېتىشتۈرۈشىمىز ئۈچۈن ياخشى شارائىت، ـــ دېدى ئەلى ھاياجانلىنىپ ـــ بىز كەلكۈن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ توغراق ئۇرۇقلىرىنى تېرىش ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز.

ـــ توغراق ئۇرۇقىنى تېرىش دەمسىزا؟ ۋاھ، مۇنداقمۇ ئۇسۇل باردەك، ـــ دېدى قاۋۇل ئەسكەر ھەم ھەيران، ھەم خۇشال بولۇپ.

ـــ توغراق ـــ قاپاق توغراق، ئاق توغراق، شىنجاڭ قارا توغرىقى دەپ بىرنەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ. توغراقنىڭ ئاتىلىقى بىلەن ئانىلىقى ئايرىم تۈپلەردە بولىدۇ. توغراق تۆتىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدىن بەشىنچى ئاينىڭ ئاخىرىغىچە چېچەكلەيدۇ. ئاقسۇ ۋىلايىتىدە سۇ كۆپ جايلاردا تۆتىنچى ئايدا چېچەكلەيدۇ. مېۋىنىڭ پىشىشىمۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ئۇرۇقى ئالتىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدىن يەتتىنچى ئاينىڭ باشلىرىغىچە پىشىپ بولىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ پىشقاندىن كېيىن شامالدا ئۇچۇپ ئىسراپ بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەتتىنچى ئايدىلا ئۇرۇقلىرىنى يىغىۋېلىشقا باشلايمىز. بۇ دەل كەلكۈن مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ. بىز سۇ ئۈستىگىلا ئۇرۇقلارنى چاچىمىز. ئۇرۇقلار لاتقىلارغا چۆكۈپ، يىگىرمە تۆت سائەت، ياكى قىرىق سەككىز سائەتتە، بىخلىنىپ ئۈنۈپ چىقىدۇ.

— پاھ، مۇنداق دەڭ، — دېدى قاۋۇل ئەسكەر قىسىق كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، —
ئىش سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەكلا بولىدىغان بولسا، ئادەم تېرىسىمۇ ئۇنىدىغان يەرلەر دەڭا
بۇ، ئەمىسە، سىز بۇگۈندىن باشلاپ ماڭا ئوقۇتقۇچى. مەن سىزگە ئوقۇغۇچى بولاي، قانداق
دېدىم، ئۇكام؟
ئەلى ئۇنچىقمىدى. ئۇلار چۇچۇكبۇيا ئۇرۇقلىرىنى تاراقشىتىپ، پۇتلىرىنى يالاپ ئۆتكەن قومۇ-
شلۇقلارنى ئارىلاپ، يىراقتا — كۈنپېتىش تەرەپتە گويا يېزىنىڭ كۆجۈم مەھەللىرىدەك كۆرۈنۈپ
تۇرغان توغراقلىققا يۈرۈپ كەتتى. ئورمانلىق ئارىسىدا غايەت زور قۇم دۆۋىسى گويا مىسىرنىڭ
ئەل ئېھرام پىرامىدىسىدەك ھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ قارىماققا ئورمانلىق ئى-
چىگە چۆككەن سېمىز نار تۆگىگە ئوخشاپ كېتەتتى، ئۇلار ئۆمۈچۈك تورىدەك ھەر تە-
رەپكە سوزۇلغان چىغىرىيوللارنى كېسىپ قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. قۇم دۆۋىسىنىڭ
ئورنى ئاز دېگەندىمۇ يىگىرمە مودىن كەم ئەمەس ئىدى. يانتۇ تەرىپى خېلى يەرلەرگى-
چە سوزۇلغان، شەرققە قاراپ تۇرغان قىسمى قىلىچ بىلەن كەسكەندەك تىك ۋە قور-
قۇنچلۇق ئىدى. ئۇنىڭ تۆۋىدىكى قازاندەك بۇلدۇقلاپ قاينىۋاتقان بۇلاق يېنىدا كونى-
رىغان، لاي سۇۋاقلىرى يامغۇر سۈيىدىن تىلىم - تىلىم كېسىلىپ كەتكەن پاكار بىر ئېغىز-
لىق ئۆي چوقچىيىپ تۇراتتى.
بۇ قۇملۇقنىڭ ئىسمى «ۋالىي دۆڭ»، — دېدى قاۋۇل ئەسكەر ئاتتىن چۈشۈپ ۋە
قوللىرىنى بۇلاق سۈيىدە يۇيۇۋېتىپ داۋام قىلدى، — مالچى ئاغىنەم ھىلەكۋاينىڭ ماڭا
دەپ بېرىشىچە، ۋىلايىتىمىزنىڭ پېشقەدەم ۋالىيسى تۇردىيوپ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ھو-
قۇقىدىن ئېلىپ تاشلانغان مەزگىلدە تارىم دەرياسى بويلىرىنى ئېشەكلىك ئايلىنىپ يۈرۈپ،
مۇشۇ دۆڭگە كېلىپ قالغانىكەن. دەل شۇ مەزگىلدە مۇشۇ ئەتراپتا توغراق كەسكۈچىـ
لەر چۆمۈلىدەك يامراپ كەتكەن چاغ ئىكەن. تۇردىيوپ ۋالىي ئۇلارنىڭ بىرلىرىگە نەس-
ھەت قىپتۇ، بىرلىرىگە كايىپتۇ، بىرلىرىنى «مۇشۇنداق قانۇنسىز توغراق كېسىدىغان بول-
ساڭ، ھوقۇقۇم ئەسلىگە كەلگەن ھامان ئالدى بىلەن سېنى جازالايمەن، كۆرمىدىڭمۇ
ئالدىڭدىكى مۇنۇ قۇملۇقنى؟ توغراقلىقنى كېسىپ قۇرۇتۇۋەتسەڭ، ئۇنىڭ كاساپىتىدىن
قانچىلىك مۇنبەت يەرلەر قۇم ئاستىدا قالىدۇ؟ توغراق كېسىشنى توختات، بولمىسا كېيىن
بۇ ئىشقا كاللاڭ بىلەن جاۋاب قىلىسەن» دەپ ھەيۋە قىپتۇ. ئۇ شۇنداق قىلىپ، توغراق
كەسكۈچىلەرنى قوغلىۋېتىپتۇ. ھىلەكۋاي بىلەن بىللە مۇشۇ ئۆينى سېلىپ، توغراقلىقنى
ئىككى ئايچە بېقىپتۇ. كىشىلەر بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ۋالىينىڭ ھەقىقەتەن توغرا،
خاسىيەتلىك ئىش قىلغانلىقىنى ھېس قىلىشقان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن
بۇ قۇملۇقنى «ۋالىي دۆڭ» دەپ ئاتاشقان، — ئۇ سۆزىدىن توختاپ، نېمىنىدۇر ئويلان-
غاندەك بىر پەس شۈك بولۇپ قالدى. ئاندىن ئېتىغا مىنىپ، ئىگەر ئۈستىدە مەزمۇت
ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلىپ دېدى، — تۇردىيوپ ۋالىي ھوقۇقى ئەسلىگە كەلگەن-
دىن كېيىن، نېمىشقا ئاشۇلارنى ياخشىراق ئەدەبلەپ قويمىغاندۇ دەيمەن، كاساپەتلەر
ئەمدى يەنە ئاستا - ئاستا مارىلاپ كەلگىلى تۇردى. سەللا بىخەستەلىك قىلىسىڭىز ئۇلار
توغراقلارنى كېسىپ ھارۋىلاپ، ماشىنىلاپ ئېلىپ قېچىشىدۇ. مەن بۇ دۆرەم ناھىيىگە بېرى-

شىمدا ئەزىزووۋ هاكىمغا ئەرز تۇتتۇم. هەممە ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ ئىنـكاس قىلدىـم.
قاراپ تۇرۇك. ئەزىزووۋ هاكىم ئەمدى كەسكىن تەدبىر كۆرىدۇ. توغراقـلارنى ئوغرىلىقچە
كېسىپ، شەهەردە يۇقىرى باهادا ساتقان جىنايەتچىلەرنى جازاغا قانۇنىي تارتـىدۇ. كۇلۇزانـ
سىزغۇ، سىز بىلمەيسىز، ئەزىزووۋ هاكىم قالتىس رەهبەر جۇمۇك، ئېتىكىزنىڭ بېشىنى بۇياقـ
قا بۇراك، ئۆيگە قايتىمىز ئەمىسە، مەن بېرىپ كۆزۈمنىڭ ئازراق ئاچـچىقىنى چىقىرىدـ
ۋالمىسام بولمايدۇ.
ئەلى ئات ئۈستىدە كېلىۋېتىپ قاۋۇل ئەسـكەرنىڭ قىزغىن، جان كـۆيەرلـىكىدىن
سۆيۈنسە، دادىسىغا باغلىغان ساددا ئەقىدىسى ئۈچۈن ئۆكۈندى. سىز بىلمەيسىز، دەيدۇ
تېخى، ئۇ دادىسىنىڭ ئەمەلىـكتە نېمىـلەر ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، قايسى ئىشـلار ئۈچۈن
شاپاشلاپ يۈرگىنىنى نېمىشقا بىلمىسۇن؟...

## توققۇزىنچى باب

سېغىنىش ۋە ئىنتىزارلىقنىڭ ئۇماق تەبەسسۇمـى ئىچىدە تېخىمۇ چىرايلىـق بولۇپ
كېتىدىغان گۈلجەننەت بىر كۈنلۈك ئىش هەلەكچىلىكىدە توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن، كىيىمـ
لىرى يىرتىلغان، هارغان، ماغـدۇرسىزلانغان قاۋۇل ئەسكەرنى هەمىشە ئىشىك ئالـدىغا
چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا ئامراق. ئۇ بىرىنچى بولۇپ يۇمشاق شىۋاق سۈپۈرگە بىلەن ئۇنىڭ
ئۈستىباشلىرىنى سۈپۈرۈپ، دوپپىسىنى قاقىدۇ. ئاندىن قولىغا سۇ قۇيۇپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى
يۇغۇزۇپ، پاكىزە لۈڭگە بىلەن باش ـ كۆزلىرىنى قانداق سۈرتكەنلىرىگە هەۋەس، ئامراقـ
لىق بىلەن قاراپ تۇرىدۇ، شۇ چاغدا قاياقتىندۇر هۆل توغراق تايىقىنى ئات ئېتىپ مىنـ
گىنىچە هېكمەت قىيغىتىپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. بىر كۈنـ
لۈك ئەمگەك هارغىنلىقى گۈلجەننەتنىڭ خۇش چىرايىدىن، مېهرىبانلارچە كۈتۈشلىرىدىن
نەگىدۇر تارقاپ كەتكەن قاۋۇل ئەسكەر ئوغلىنى قولتۇقىدىن دەس كۆتۈرۈپ، بېشى ئۈسـ
تىدە ئايلاندۇرىدۇ. ئوچۇق بەدەنلىرىگە يىرىك ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى سۈركەپ، يۈزلىرىنىـ
سۆيۈپ، يالاپ گۈلجەننەتنىڭ ئۇنىڭغا سىڭگەن يېقىملىق، تونۇش پۇراقلىرىـنى يېنىپ ـ
يېنىپ هىدلايدۇ. بۇ چاغدا بالا بۇلبۇلدەك كۈلىدۇ، ئانا كۈلـىدۇ، دادا كۈلـىدۇ. هەمـ
مىنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولىدۇ. ئاندىن ئۇلار داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ
تاماق يېيىشكە تۇتۇش قىلىشىدۇ. كەچكى تۇمان بىلەن قاراڭغۇلاشقان بۇ پىنهان توغـ
راقلىق ئىسسىق تاماقنىڭ مەززىلىك هىدى بىلەن تولـىدۇ. مانا بۇ بەخت. ئىنسانـلارنىڭ
هەممىسىگىلا نىسىپ بولىۋەرمەيدىغان ئالەمچە بەخت! قاۋۇل ئەسكەر ئۈچۈن جان كۆيەرلىك،
ئوغلى ئۈچۈن مېهرىبانلىق ۋە پىنهان ئورمانلىقتىكى مۇشۇ ئاددىي ئۆيى ئۈچۈن پايىپېتەكـ
لىك گۈلجەنـنەت ئۈچۈن هەممىـدىن ئەلا. ئۇ مۇشۇ پىنهان، خىـلۋەت ماكانـدا بەش
يىلدىن بېرى تىنچ، خاتىرجەم ياشاۋاتقىنىغا قارىماي، نېمىشقىدۇر قاۋۇل ئەسـكەر سىرتقا
كەتكەن ۋاقىتلاردا ئۆزىنى يالغۇز، غېرىب، ئاللىقانداق قورقۇنچ ۋەهىمىسى ئىچىدە هېس
قىلاتتى، بۇنداق چاغدا هېكمەتمۇ خۇددى ئانىسىنىڭ يۈرەك هېسلىرىـنى چۈشەنگەنـدەك،

قۇچىقىغا ئۆزىنى تاشلايتتى - دە، قارا قاتتەك قاپقارا، ئوماق كۆزلىرىنى ئانىسىغا تىكىپ، ئۇنىڭدىن نېمىلەرنىدۇر تەلەپ قىلغاندەك بولاتتى. بۇنداق چاغدا گۈلجەننەت كۆڭلىدە دېگۈدەك ئېيتىپ، ئۆزىگە ياد، ئوغلىغا تونۇش بولۇپ كەتكەن ھېكايە - چۆچەكلەرنى سۆزلەشكە باشلايتتى. ئۇنىڭ ئېيتقان ھېكايىسى ئەلۋەتتە قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ۋەتەن تۇپرىقىنى تاجاۋۇزچىلاردىن قوغداش ئۈچۈن قانداق كۈرەش قىلغانلىقى، يارىدار بولغانلىقى... قاتارلىق باتۇرلۇق داستانى بولاتتى.

بۈگۈن قاۋۇل ئەسكەر بىلەن ئەلى ئورمانلىقتىن خېلىلا كەچ قايتىپ كەلدى. ئەلى ئاتتىن چۈشۈپلا، ئۇدۇل ياتىقىغا كىرىپ كەتتى. قاۋۇل ئەسكەر بۈگۈن نېمىشقىدۇر كەيپى تېتىك ۋە خۇشال ئىدى. ئۇ ئەمدىلا يۈزلىرىنى يۇيۇپ بولۇشىغا، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇستىبېشى ھەتتا يۈز - كۆزلىرىمۇ لاي بىلەن بۇلغانغان ھېكمەت يۈگۈرۈپ كەلدى. قاۋۇل ئەسكەر ئۇنى ئاسمانغا بىر - ئىككى ئېتىۋېتىپ:

— بەللى، ھېكمەتجان، بۈگۈن زەيلىك چاپتىڭىزمۇ بالام؟ — دېدى.

ھېكمەت مەينەت ئالقانلىرىنى كەينىگە يوشۇرۇپ، دادىسىغا تىلىنى چىقىرىپ ھىجايدى.

— دادا، مىلتىقىڭنى بەشەگچۇ.

— نېمە قىلىسىز؟

— شاگا ئوخشاش توڭگۇز ئاتىمەن.

— شەيتان! — قاۋۇل ئەسكەر مىلتىقنى ئۆشنىسىدىن ئېلىپ ھېكمەتنىڭ مۈرىسىگە ئېسىپ قويغاندىن كېيىن، گۈلجەننەتكە دېدى، — تامىقىڭىزنى ئۇسۇڭ، ئەمىسە مەن ئەلىنى چاقىرىپ چىقاي.

— ئەلى، ئەلى، دەپ ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەيدىغان بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ، قاپىقىڭىزنى تۈرمەڭ دەيمەن، نېمانداق ئۆچلۈك قىلىدىغانسىز ئۇ يىگىتكە. ئىككىمىز بۈگۈن تاللىق قوتاندىكى توقايلىقنى قايتىدىن توغراق ئورمانلىقىغا ئايلاندۇرۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتۇق. ئۇ ماڭا بۇنىڭ چارە - ئۇسۇللىرىنى سۆزلەپ بەردى. نېمىشقىمۇ ئۇنىڭ بىلگەنلىرىنى مەن بۇرۇنىراق بىلىۋالالمىغاندىمەن؟ بىلگەن بولسام ئالتە - يەتتە يىلدىن بېرى خېلى ئىشلارنى قىلىۋالاركەنمەن. بىز ئەمدى ئەتىدىن باشلاپ، كەلكۈن سۈيى چىقالمايدىغان يەرلەرگە ئېرىق چاپماقچى بولدۇق. دادىڭىزدەك بىلىمى چوڭقۇر ياخشى يىگىت ئىكەن ئۇ!

— سىز نېمىشقا ئالدىراپلا ئۇنى ماختاپ كېتىدىغانسىز!... — دېدى گۈلجەننەت ئۆگۈپ، تاتىرىپ.

كەچ كىردى. گۈلجەننەت قاۋۇل ئەسكەرنى ھەر كۈندىكىدەك دۈم ياتقۇزۇپ مەيىپ پۇتىنى ئۇۋۇلاشقا، ئومۇرتقا سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققان گۆشسىز دۈمبىسىنى تاتىلاشقا كىرىشتى. ئەمما ئەلى توغرىسىدىكى تالاش - تارتىش تاكى قاۋۇل ئەسكەر ئورمانغا كېچىدىكى مۇھاپىزەتچىلىككە ماڭغۇچە داۋاملاشتى.

ئەلى كەچكى تاماقتىن كېيىن كۆل بويىدىكى ئېسىل چىملىق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ

خىيال ئارىلاش ئورمانىنىڭ كەچكى مەنزىرىسىگە قاراپ ئولتۇردى. شىمالدا كەچكى تۇمان بىلەن غۇۋالىشىپ، بۆرە تېرىسىدەك كۈل رەڭ تۈس ئالغان يۇلغۇن، قومۇشلۇق جەنۇبتا قىزغۇچ شەپەق بىلەن باشقىچە جۇلالىنىپ، ئالتۇندەك سارغىيىپ ياتقان توغراقلىق كۆزگە تاشلىناتتى. ئاسماندا لەيلىشىپ يۈرگەن پارچە-پارچە بۇلۇتلار شىمالدا چوغى ئۆچكەن كۈلدەك، غەربتە خۇددى ئاسمانغا ئېتىلىپ، مۇئەللەقتە ئېسىلىپ قالغان قىپقىزىل لاۋىدەك ھەيۋەت ۋە جىلۋىدار بولۇپ كۆرۈنەتتى. شىمال تەرەپتىن سوقۇۋاتقان كەچكى كۈز شامىلى كۆل بويىدىكى قومۇش، يېكەنلەرنى يەلپۈتەتتى. ئارىسىدا قوي پادىلىرى ئوتلاۋاتقاندەك شىلدىرلىغان ئاۋاز كېلەتتى. ئەلى تاكى ئاشۇ مەنزىرىلەر قويۇقلىشىۋاتقان تۈن قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە كۆزدىن يۆتكەنگە قەدەر قاراپ ئولتۇردى. ئاندىن، ئۆچكەن قۇياش نۇرى بىلەن تەڭ تېزلا سوۋۇغان ھاۋادىن توڭلاپ ئۆيگە قايتىپ كىردى ۋە شامنى يېقىپ بىر ئايدىن بېرى يېزىشتىن توختاپ قالغان قېلىن خاتىرىسىنى قولىغا ئالدى:

«مەن ئەمدى بۇ قۇرلارنى ئېلېكتر نۇرى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇرغان ئازادە ياتىقىمدا ئەمەس، شىنجاڭنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىدىكى تارىم ۋادىسىدىن جايىنى تەخمىنەن كۆرسىتىشكىلا بولىدىغان تەبىئىي توغراقلىقنىڭ ئايدىڭكۆل دېگەن يېرىدە، شامنىڭ پىلىلداپ تۇرغان كۆڭگا نۇرىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ يېزىۋاتىمەن. ئەينەك ئورنىغا كۆزنەكلىرىگە نېپىز سۇلياۋ پەردە مىخلانغان دېرىزىنىڭ سىرتىدىن ئۈرۈمچىدىكىدەك ماشىنىلارنىڭ تىنىمسىز گۈركىرەشلىرى، پويىزلارنىڭ پات-پات بىرىپ قالىدىغان سوزۇق سىگناللىرى، قوشنىلارنىڭ تېلېۋىزور ياكى ئۈنئالغۇسىدىن چىقىۋاتقان ناخشا-مۇزىكىلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ. شۇتاپتا كارىۋىتىمنىڭ ئاستىدىكى تورقا چاشقانلارنىڭ كىتىرلاشلىرى ۋە سەت چىرقىراشلىرى، ئەتراپىمدا پاشىلارنىڭ گىڭىلداشلىرى، سىرتتا چېكەتكىلەرنىڭ تېنىمسىز چىرىلداشلىرىدىن باشقا ھەممە سادالار ئۆچكەن. مەن شۇ تاپتا خۇددى تاباپ قىمارۋاز ئوشۇقنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن «دەتتىنكام» دەپ يەرگە ئاتقىنىدەك، تەقدىر-قىسمىتىمدىن ئىبارەت بۇ قولۇمدىكى ئوشۇقنى مەن بۇرۇن ھېچقانداق تەسەۋۋۇر قىلمىغان غەيرىي بىر سىرلىق ماكانغا ۋە مەن بىلەن ئاجايىپ سىرلىق باغلىنىشى بولغان گۈلجەننەت، ھېكمەت ۋە قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاتتىم. كېيىنكى كۈنلىرىم قانداق بولىدۇ، مېنى قايسى قىسمەتلەر كۈتۈۋاتىدۇ؟ بۇ خۇددى ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئۆلۈم سائىتى بەلگىسىز بولغاندەك ماڭا قاراڭغۇ، مەن بۈگۈن قاۋۇل ئەسكەرگە توغراق ئۇرۇقىنى تېرىش ئارقىلىق كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ پەقەت كىتابتىنلا ئالغان نەزەرىيىۋى بىلىمىمدىن ئىبارەت، خالاس. بۇلار بۇ يەرنىڭ تۇپراق شارائىتىغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ يوق، بۇ ھەقتە ئالدىن ھۆكۈم چىقىرىش قىيىن. مۇبادا ئۇنىڭغا دېگەنلىرىم ئەمەلىيەتتە نەتىجىسىز بولۇپ چىقسىچۇ، ئۇ چاغدا قاۋۇل ئەسكەر ماڭا ھازىرقىدەك مېھرىبان، دوستانىلارچە مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. كىم بىلىدۇ، گۈلجەننەتنىڭ ماڭا تىكىلگەن نەپرەتلىك كۆزلىرىگە ئۇنىڭ گۇمان ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن قادىلىدىغان كۆزلىرى قوشۇلامدۇ تېخى. ئۇ چاغدا ماڭا بۇ يەردە

ياشاش. چۆلدە چاڭقاپ ئۆلۈشتىن قىيىن بولدىغۇ! مەن مۇشۇ تەرەپلەرنى ئويلىسام، خۇددى بار بىساتىمنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىترەك باسىدۇ. ئەمما شۇنداقتىمۇ، مەن يەنىلا مۇشۇلار بىلەن بىللە ھايات كەچۈرۈشكە بەل باغلىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددى. ئۇ بولسىمۇ گۈلجەننەتنى ھەم ئۇغلۇمنى ھايات ئۇچراتقانلىقىم. گۈلجەننەتنىڭ شۇ تاپتىكى غەزەپلىك ئالىيىشلىرىمۇ، قاۋۇل ئەسكەرنىڭ بىر كۆنلىرى قىيىسىق، كۆك كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، مىلتىقىنى كۆكسۈمگە تىرەپ «كۆزۈمدىن يوقال!» دەپ ۋارقىراش ئېھتىماللىمۇ مەن ئۈچۈن بەرىبىر. مەن بۇ يەردە ئىككى تۈرلۈك مەقسەت ئۈچۈن ياشايمەن، بىرى، مەن خۇددى رەخمەتوۋ① تاختايغا قىلغان مىخ ئۈستىدە يېتىپ ئۆزىنى چېنىقتۇرغىنىدەك، مەنمۇ ئۆزۈمنى مۇشۇ ئېغىر جاپالىق مۇھىتتا تاۋلاپ، ۋۇجۇدۇمدىكى مۇشۇ ئەسىر ياشلىرى ئۈچۈن ھاقارەت بولىدىغان بارلىق ئىللەت - ساختىلىق، ئىرادىسىزلىك، ۋاپاسىزلىق ۋە قورقۇنچاقلىقتىن خالاس بولماقچىمەن؛ يەنە بىرى، گۈلجەننەتنى، ئۇنىڭ يوقاتقان بەختىگە، ئىستىقبالىغا ئېرىشتۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيمەن. ئالدىنقىسىغا پەقەت ئىرادە ۋە چىدام بىلەنلا ئېرىشىش مۇمكىن، كېيىنكىسىچۇ؟ مەن گۈلجەننەتكە ھەيران: ئۇنى مۇشۇنداق چۆل - جەزىرىدە ئۆزىدىن يىگىرمە نەچچە ياش چوڭ بىر مېيىپ ئىشچى بىلەن ياشاشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە نېمە؟ بۇ ئاياللار پىسخىكىسىدىكى تەقدىرگە تەن بېرىش ھېسسىياتىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىمىدۇ؟ ياكى مۇھەببەتتىن بىزار بولغان بىر ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە ھەسرەت ۋە بەختسىزلىكنى راۋا كۆرۈشىمىدۇ؟ ئۇنداق بولىدىغان بولسا مېنىڭ يۈرىكىمدىكى بەش يىلدىن بېرى ساقايماي ۋاتقان ئازاب يارىسى تېخىمۇ چوڭايغان بولىدۇ - دە، بۇ توغرىلىق ئەلۋەتتە گۈلجەننەت بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلاپ بېقىش كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇ راستىنلا ئۆزىنىڭ بەختسىز تەقدىرى تۈپەيلىدىن قاۋۇل ئەسكەرگە بېقىنىپ ياشاشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان بولسا، مەن ئۇنىڭ بەش يىلدىن بېرى مۇزدەك سوۋۇپ قاتقان يۈرىكىنى قايتىدىن ئىللىتىشقا، ياشلىق باھارىنى باشقىدىن گۈللىتىشكە، بۇرۇنقى قىلغان ۋاپاسىزلىقلىرىم ئۈچۈن ئۇنىڭ خىزمىتىنى ئۆمۈرۋايەت قىلىشقا تەييار. ئەمما مەن ئۇنىڭ بايا قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئالدىدا پايىپېتەك بولۇپ، ئۇنىڭ بەت - بەشرە چىرايىغا مېھىر بىلەن تىكىلىپ، كىيىملىرىنى قېقىپ كەتكەنلىرىنى، قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، تومۇرىمدا كۈندەشلىك، رەشىك قېنى شۇۋۇلداپ كەتتى. گۈلجەننەت مېنى كۆرسۇن دەپ ئەتەي شۇنداق قىلغانمىدۇ، ياكى ئۇنى راستىنلا شۇنداق ياخشى كۆرەمدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ نەزىرى شۇنچە يارىتىپ قالغان بولغىيدى؟ مەن بۇ ئىشنىڭ تەكتىنى ئويلاپ يەتتىم. قاۋۇل ئەسكەر مېھرىبانلىق ۋە جان كۆيەرلىك بىلەن گۈلجەننەتنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان. ئەگەر ياخشى كۆرۈش ۋە مۇھەببەت ئۈچۈن پەقەت مېھرىبانلىقلا كۇپايە قىلىدۇ دېيىلسە، ئۇ چاغدا مۇھەببەتنىڭ قەدىر - قىممىتى بەك تۆۋەنلەپ كەتكەن بولمامدۇ؟ مانا بۇلار ماڭا قاتتىق ئەلەم قىلىدۇ. ئاھ، گۈلجەننەت، سېنىڭ ئەسلىدە

---

① رەخمەتوۋ — روسىيە يازغۇچىسى چېرنىشېۋسكىنىڭ «نېمە قىلىش كېرەك» ناملىق رومانىدىكى باش قەھرىمان.

ئەبەدىي ماڭىلا مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك جىسمىڭ مۇشۇ قېرى توكۇر تەرىپىدىن بۇلانغان، ئەمدى سېنىڭ بىر چاغلاردىكى مامۇقتەك يۇمشاق، سۈتتەك ئاپئاق، ئىپپەتلىك بەدىنىڭ يات بىر ئەرنىڭ قۇچاقلاشلىرىدىن كىرپە تېرىسىدەك يىرىكلەشكەندۇ؟ ياشلىقىڭنىڭ ئاتەشلىك سۆيگۈسى يالىنداپ تۇرىدىغان چوغدەك قىزىق لەۋلىرىڭ ئۇنىڭ ئاچكۆزلەرچە سۆيۈپ، يالاشلىرى بىلەن سوۋۇغاندۇ؟ مەن سېنى بايا ئەبەدىي سۆيىمەن، سېنىڭ خىزمىتىڭنى مەڭگۈ قىلىشقا تەييار، دەپ يازدىم. دۇرۇس، بۇنداق دەپ يېزىشقىمۇ ئاسان، ئەمما سېنى راستىنلا بۇرۇنقىدەك ساپ ھېسسىيات، چەكسىز ھاياتىي ئىپتىخار ۋە ۋىسالىغا يەتكەن پاك مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن سۆيەلىشىم مۇمكىنمۇ، سۆيۈش مۇمكىن ئەمەس، ئۇ خۇددى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئۈجمىنى بىر چاڭگال قۇم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېگەندەك تەس ۋە لەززەتسىز بىر ئىش. قانداق قىلسام بولار؟ بۇ يەردە ھازىر ماڭا بىردىنبىر خىيالىي ھەمراھ بولىدىغان، كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىدىغان، ئازاب ۋە ھەسرەتلىرىمنى يېڭىشىمگە ياردەم بېرىدىغان يۈرەك پارەم — ئوغلۇم ھېكمەت بار. ئۇ مېنىڭ ۋۇجۇدىمدىن تېمىپ چۈشكەن. ئۇ مېنىڭ بىر چاغلاردىكى كىرسىز، پاك مۇھەببىتىمنىڭ شېرىن مېۋىسى. ئەمدى ئۇنى يات بىر ئەرنىڭ «ئوغلۇم» دەپ چاقىرىشىنى خالىمايمەن. ئۇنى مېنىڭ ئەرلىك غۇرۇرۇمغا قىلىنغان چىدىغۇسىز ھاقارەت دەپ بىلىمەن. دۇرۇس، قاۋۇل ئەسكەر ھېكمەتنى كىچىكىدىن تارتىپ، ئاسراپ بېقىپ چوڭ قىلغان. مەن ئۇنىڭ ئەجرىنى ئارتۇقى بىلەن ئۇنىڭغا تۆلەپ قايتۇرىمەن. ھېكمەت... ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم، ئۇ مېنىڭ جان جىگىرىم...»

سىرتتا تۇيۇقسىز ئاتنىڭ كىشنىگىنى ۋە يەرنى چاپچىغىنى ئاڭلاندى. ئەلى خاتىرىدىن بېشىنى كۆتۈردى، قاۋۇل ئەسكەر سىرتتىن تووۇلىدى:

— تۈن تەك بولدى ئەلىجان، تېخىچە ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟

— ھازىر ئۇخلايمەن، — ئەلى ئىشىككە چىقتى، — ئورمانلىقتىن ئەمدى كېلىۋاتامسىز؟ ...

— ھەئە.

— كىرمەمسىز ئۆيگە؟

— رەھمەت، ئۆيگە ئالدىراپ قالدىم، قارىمامسىز، گۈلجەننەتنىڭمۇ تېخى چىرىغى ئۆچمەپتۇ. مېنى ساقلاپ، ئىشىككە قاراپ ئۇخلىماي ئولتۇرغان يېرى دەڭا ئۇ، — قاۋۇل ئەسكەر بۇ سۆزنى مەغرۇرلىنىش ۋە ماختىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئېيتتى. ئەلىنىڭ غەزەپ، ئىچى تارلىق ۋە رەشىق بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ئەسەبىي تۇيغۇلارنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى. قاۋۇل ئەسكەر ئېتىنى ئويىنىتىپ، ئىشىكى تەرەپكە چاپتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئەلى ئۆيىگە خاپا يېنىپ كىردى ۋە خاتىرىسىنىڭ ئاپىغىغا مۇنۇلارنى يازدى: «ياق، قاۋۇل ئەسكەرنىڭ بۇ ئېبلىس توكۇرنىڭ گۈلجەننەت بىلەن ماختىنىشىنى ئاڭلىغاندىن، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە ياشاۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرغاندىن كۆرە، ماڭا ئۆلۈم ياخشى...»

## ئونىنچى باب

ئەلىنىڭ قاۋۇل ئەسكەر بىلەن بىللە تاللىق قوتان توقايلىقىغا كەلگۈن سۈيى-ى چىقىرىش ئۈچۈن ئېرىق چېپىدىغان ئاتقىنىغا بىر ھەپتىدىن ئاشتى. قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئېيتىشىچە، تارىم دەرياسىنىڭ قىشلىق تاشقىنىدىن پايدىلىنىپ، بۇ يەرگە توك ياتقۇزۇۋېلىشقىمۇ بولىدىكەن. شۇڭا ئۇلار تاشقىننىڭ ئېقىپ، يامرىشىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدىرىمىسا بولمايتتى. مانا، كەچكۈز، تەبىئەتنىڭ جىمى ھۆسنىدە سېرىقلىق. قۇياشنىڭ ھالسىرىغان سارغۇچ نۇرى سەھەرنىڭ توپا چاڭلىرىدەك يۇپقا قىروسىنى ۋە كۆل چۆرىسىدە ئۇتقان نېپىز مۇزلارنى تېزلا ئېرىتىۋەتكىنى بىلەن، ئۇششۇك تېگىپ سالپايغان ئوت - چۆپلەرگە، يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈۋاتقان توغراقلارغا قايتىدىن ھاياتلىق بېرىشكە ئاجىز ئىدى. ئىككىيلەن دەسلەپتە تاللىق قوتان توقايلىقىنى بىر كۈن پىيادە ئايلىنىپ، كەلگۈن سۈيىنى توسۇۋېلىش ئېھتىمالى بولغان ئېدىر - دۆمبەللەرنى كۆرۈپ چىقتى. ئاندىن شۇلارنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ئېرىق چېپىشقا كىرىشتى. ئەلى بويىنىنىڭ ئېگىزلىكى مۆرىسىگىچە كېلىدىغان مۇنۇ ئاقساق، مەجرۇھ كۈشەندىسىگە ھەيران: ئۇ كېيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، مايكىچان بولۇۋېلىپ، كەتمەن چېپىشقا بىر كىرىشسە، ئىككى سائەتسىز توختىمايتتى. تارتۇقلار بىلەن خۇددى قوپال يامالغان كۆينەككە ئوخشاپ قالغان قارامتۇل بەدەنلىرى تەر بىلەن پارقىراپ، بىلىكىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى ئەتىسز تېرىسى ئارىسىدا مۇشتۇمدەك كۆپۈپ چىقاتتى. ئەلىنىڭ قوللىرى ئىككىنچى كۈنىلا ئۈزۈمدەك قاپىرىپ چىقتى. شور توپىدىن كالپۇكلىرى چاك-چاك يېرىلىپ، ھە دېگەندىلا ئۆزىنى نەم توپا ئۈستىگە تاشلايتتى. ئىككىسىنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى ھەر كۈنى گۈلجەننەت ھېكمەت بىلەن بىللە ئۆز قەرەلىدە ئىش ئورنىغا ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ ھەر كۈنى كېلىپلا، ھوردىن سارغايغان كونا داستىخاننى پاكىزە بىر يەرگە سالىدۇ - دە، ئالىيۇمىن كورىدا ئېلىپ كەلگەن، ھورى چىقىپ تۇرغان ئىسسىق ئاشنى ئىككى قاچىغا ئۇسۇپ، بىرىنى قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ ۋە قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئاشنى قانداق ئىچىشلىرىگىچە سەپسېلىپ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرىدۇ. گۈلجەننەت ئېرىنىڭ يېنىدا گويا يەنە بىر ھەمراھنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇغاندەك، ئەلىگە كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويمايدۇ. شۇڭا ئەلىگە قاۋۇل ئەسكەر سۇنغان تاماقنى تۇمشۇقىنى بوغۇپ قويغان موزايدەك ئۈن - تىنسىز ئىچمەكتىن باشقا ئامال يوق. تاماقتىن كېيىن تويۇپ كېكىرىپ، ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەن قاۋۇل ئەسكەر گۈلجەننەت بىلەن چاقچاقلىشىدۇ، تاماقلىرىنى ماختايدۇ. ھېكمەتنى غىدىقلاپ، كۈلدۈرۈپ ئۇنى يېنىپ - يېنىپ سۆيىدۇ، قۇچاقلايدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ ئولتۇرۇش ئەلى ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئازاب. شۇڭا ئۇ چاپىنىنى ئۈستىگە تاشلاپ، ئېرىقنىڭ نېرىقى بېشىدىكى يالغۇز توغراق تۈۋىگە — يېڭىلا بەرگىدىن تۆكۈلگەن غازان ئۈستىگە سۇنايلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمىدۇ، قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالىدۇ...

...بىر ھەپتە ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى...

... ھەر ئىككىيلەن ئۈن - تىنسىز، چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلگىنىچە ئېرىق

چېپىشىۋاتاتتى. قاۋۇل ئەسكەر ئۇشتۇمتۇت كەتمەن چېپىشتىن توختاپ، ئەتراپتىن بىر نەرسىنىڭ ھىدىنى ئالغاندەك قىلدى. ئۇ ئالدىراپ نېرىدىكى يالغۇز، قېرى توغراققا يامىشىپ چىقتى ۋە ئەتراپقا خېلىغىچە زەڭ سېلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، توغراقتىن يامىشىپ چۈشۈۋېتىپ:

— بايا بۇرنۇمغا توغراق پورىقىنىڭ ئىسى پۇرىۋىدى. مانا، گۇمانىم توغرا چىقتى ئەمەسمۇ قاراڭ، كاساپەتلەر توغراقلىقنىڭ ئارىسىغىلا ئوت يېقىشىپتۇ. ئورمانغا ئوت تۇتىشىپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ مەن شاققىدە بېرىپ، ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىپ قويايچۇ خۇنسىلارنىڭ، زورۇقماڭ، چامىڭىزنىڭ يېتىشىچە چېپىپ تۇرامسىز، ئوكام، — دېدى - دە، قىر ئۈستىدىكى مىلتىقنى ئېلىپ، ئاقساپ، پايپاسلىغىنىچە، يىلتىزىدىن كۆكلەپ چىقىۋاتقان توغراق نوتىلىرى ئارىسىدا غايىب بولدى.

كۈن چۈشكە يېقىنلاشقان، سارغۇچ تۇمان ئارىسىدىكى قۇياش يالغۇز توغراق ئۈستىدە پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئەلى ئەتىگەندىن بېرى چاپقان يېرىنى ھېسابلاپ كۆردى، ئۈچ مېتىرغىمۇ يەتمەپتۇ. قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئۈنچىلىك يەرنى چېپىپ بولغىنىغا قاي زامان؟ چۈشلۈك تاماققىچە ھېچ بولمىغاندا، بەش مېتىر يەرنى چېپىپ بولۇشى كېرەك. ئۇ توغراق يېنىغا بېرىپ، قاپاقتىن سۇ قۇيۇپ ئىچتى، چاچلىرى ئارىسىدىن غۇرقىراپ قۇيۇلۇۋاتقان ئاچچىق تەرنى بارمىقى بىلەن پېشانىسىدىن سېرىپ چۈشۈرۈپ، كەتمەننى قولىغا ئالدى...

— ئەكە، ئاشنى ئۆزۈم كۆتىيمەن، ھى...ھى...

ئەلى بېشىنى كۆتۈردى. نېرىراقتا — توغراق نوتىلىرى ئارىسىدىكى چىغىر يولدا ھېكمەت ئانىسىنىڭ قولىدىن نېمىنىدۇر تالاشقىنىچە جېدەل قىلىپ، پىلتىڭلاپ كەلمەكتە، ئەلىنىڭ يۈرىكى ھودۇقۇش ۋە ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى، پېشانىسىنى سوغۇق تەر باستى. ئۇ، قاۋۇل ئەسكەر كەتكەن تەرەپكە قارىدى، ئۇنىڭ ھېلىغىچە قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ، گۈلجەننەتنىڭ قولىدىكى كورىنى قورۇغان چىملىق ئۈستىگە قويۇپ، بېشىدىكى يانغا قىيشىيىپ قالغان ياغلىقنى تۈزەۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، بىر خىل ئوڭايسىزلىق ئىچىدە كۈلۈمسىرىدى:

— قاۋۇل ئاكام ھازىرلا كېلىدۇ...

— نەگە كەتكەن؟

— ئوتۇنچىلارنىڭ قېشىغا، ئورمانلىق ئىچىگە ئوت يېقىشىپتىكەن، شۇنى ئۆچۈرگىلى...

گۈلجەننەت ئۈنچىقمىدى، ھېكمەت ئەلىنى خۇددى بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئانىسىنىڭ پۇتىغا يېپىشقىنىچە، ئۇنىڭغا قارا قاتتەك چىرايلىق كۆزلىرىنى تىكىپ، يېتىرقاش ۋە قىزىقىش ئىچىدە قاراپ تۇراتتى، ئەلى ھېكمەتنىڭ ئۆزىگە ئۈنسىز، ياتسىنىپ قاراشلىرىدىن، ئۇنىڭ بالىلىق سەزگۈلىرىدىكى يوشۇرۇن ئىنتىلىش ۋە ئامراقلىق تۇيغۇسىنى سەزدى. ئۇ ھېكمەتكە تەلمۈرۈپ، ئاستا - ئاستا ئويغىنىۋاتقان ئاتىلىق مېھرى بىلەن قاراۋاتقاندا، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ...

— ئوغلۇم...— ئاستا پىچىرلىدى ئۇ كۈچسىز، تىترەڭگۈ بىر ئاۋازدا.

— نېمە، نېمە دەۋاتىسىز؟! — دېدى گۈلجەننەت كۆزلىرىنى غەزەپتىن چەكچەيتىپ، — ئاغزىڭىزغا بېقىپ سۆزلەڭ جۇمۇ!

— راست ئەمەسمۇ... مەيلى، ئاچچىقلان، سەن ئاچچىقلىنىشقا ھەقلىق گۈلجەننەت.

— «سەن» لىمەڭ، كېمىڭىز ئىدىمەن «سەن» لەيدىغان؟

— ماقۇل، — ئەلى ئىتائەتمەنلەرچە بېشىنى تۆۋەن سالدى، — نېمە ئىلاج؟ ھەممە گۇناھ مەندىن ئۆتتى، ئەمدى سىز مېنى نېمە دەپ ھاقارەتلىسىڭىزمۇ ھەقلىق.

— ماڭا ئەمدىكى پۇشايماننىڭ نېمە كېرىكى، ئەڭ ياخشىسى، ئۇ گەپلەرنى ئېغىزىڭىزغا ئالماڭ، — گۈلجەننەت كورىدىكى پولونى تەخسىگە دۈۋىلەپ ئۇسۇپ ئەلىگە سۇندى، — قېنى، يەيدىغىنىڭىزنى يەڭ، ئەمما ھاكىمنىڭ ئوغلىدەك، داشۆ پۈتتۈرگەندەك گەۋدىڭىزنى ھېلىمۇ كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇڭ، دۈگدەيمەڭ، بۇنداق قىلىق ئەرلەرگە بەك سەت.

گۈلجەننەتنىڭ بۇ گېپى ئەلىنىڭ يۈرىكىگە زەھەرلىك ئوقيادەك سانجىلدى. ئەمما گۈلجەننەت بۇ سۆزى ئۈچۈن ئەلىدىن بەتتەر ئازابلانماقتا، ئەلى بۇلارنى قىز چاغلىرىدىكى نومۇس - ئىزانى ھېلىمۇ ئۇنتۇمىغان گۈلجەننەتنىڭ پولو ئۇسۇۋاتقان قولىنىڭ تىترەشلىرىدىن، كۆز چاناقلىرىدىكى ياشنىڭ سىمابتەك لىغىلداشلىرىدىن بىلدى.

— راست ئېيتتىڭىز گۈلجەننەت، ئەمما مەن يەلكەمنى بېسىپ كېلىۋاتقان ئېغىر ئازاب تېشىنى يەنە ئالدىڭىزدا كۆتۈرۈۋېرىشكە ئاجىز كەلدىم، قۇربىتىم يەتمىدى.

— سىز ئەمدى ھېكمەتنى كۆرۈپلا شۇنداق دەۋاتامسىز؟

— ياق، گۈلجەننەت، ئەزىرايى!... بۇ ئازابلىرىم يالغۇز ھېكمەتكە ئۆز ۋاقتىدا ئىگە بولۇشتىن قورققانلىقىم ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى... سىزنىڭ بەختىڭىزنى ئوغرىلىغانلىقىم.

— ئۇنى سۆزلىمەڭ، ھەممىسىنى بىلىمەن، — گۈلجەننەت ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى: شۇ چاغدا چەتتە نېمىندۇر ئويناۋاتقان ھېكمەت ئەلىگە قەھرى بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ:

— ھەي، ئاپامنى نېمىشقا يىغلىتىسەن؟ دادامغا دەيمەن! — دەپ ۋارقىرىدى قولىدىكى چالمىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.

— ئۇر، بالام، — ئەلى ئەسەبىي تىترەك ئىچىدە ئۇمچەيدى، — يۈرىكىمگىلا ئۇر! مۇشۇنداق يۈرەكنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۇرۇپ مىجىۋەت! گۈلجەننەت... — ئۇ گۈلجەننەتكە تۇغرىلاندى، — سىز ھەممىنى بىلگەنما؟

گۈلجەننەت ئۈنچىقمىدى، ئۇ يىغىسىنى توختاتقان، ئەمما مۆرىسى ئۈنسىز ئىچكى يىغىدىن سىلكىنمەكتە ئىدى.

— سايىم جۇرېنىنىڭ ئايالى ماڭا ئۆز ۋاقتىدا ئېيتقان.

— سىز نېمىشقا شۇ چاغدا قارشى چىقمىدىڭىز؟

— شۇنداق قىلسام سىزچە توغرا بولارمىدى؟ — گۈلجەننەت ئەلىنىڭ كۆزلىرىگە ئۆتكۈر سوئال نەزەرىدە تىكىلدى.

— توغرا بولاتتى، ئۆز بەختىڭىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىڭىز كېرەك ئىدى - دە،

ئېيتىڭا، ياكى سىز مېنى ئايىمىدىڭىزمۇ؟

— سىزنى ئايىمىدىم، مۇھەببەتنى ئايىدىم.

— مۇھەببەتنى ئايىدىم دېدىڭىزما؟ — ئاستا پىچىرلىدى ئەلى تامدەك تاتىرىپ، — مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۆزىڭىزگە تېگىشلىك بولغان ئالىي مەكتەپكە بېرىش ھوقۇقىڭىزدىن ۋاز كەچكەنمىدىڭىز؟

— ئەلۋەتتە، مۇھەببەت مانا شۇنداق، ئۇ ئۆزىنىڭ پاك ۋە ئۇلۇغلۇقى بويىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ئۈچۈن، ئىنساندىن ئۆزىنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلىرىدىنى، ھەتتا ھاياتىنىمۇ قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

— ئەپسۇس، مەن ئۆز ۋاقتىدا بۇ تەرەپلەرنى ئەسلا ئويلاپ كۆرمەپتىمەن.

— دۇرۇس دېدىڭىز، سىز مۇھەببەتنى خالىغانچە چاقچاق قىلىشقا بولىدىغان ئۆي مۇشۇكى دەپ ھېسابلىدىڭىزغۇ دەيمەن، لېكىن سىز كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ قەھرىلىك يولۋاسقا ئايلىنىپ سىزدىن قىساس ئالىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە ئويلىمىغان بولغىيدىڭىز؟

— بۇنىسى راست، بەش يىل بولدى، بۇ قىساس ئازابىدىن قۇتۇلغىنىم يوق، بۇ قېتىم سىزنى مۇشۇ ھالدا كۆرۈپ ئالدىڭىزدا ئۆتكۈزگەن گۇناھىمنىڭ ئەبەدىي كەچۈرگىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، جەننەت.

— ئىچىم ئاغرىيدۇ، دەمسىزا؟ — گۈلجەننەت سوغۇق ئىستېھزا بىلەن كۈلدى، — نېمە ئۈچۈن، مېنىڭ ئەھۋالىم سىزنىڭكىدىن كۆپ ياخشىغۇ؟

— يوشۇرماڭ، ھەممىنى كۆردۈم، ئالىي مەكتەپكە مېنىڭ ئورنۇمغا سىز بارغان بولسىڭىز، ئەمدىلىكتە جەمئىيەتتە، ھاياتتا ۋە تۇرمۇشتا ئەلۋەتتە تېگىشلىك ئورنىڭىزنى، قەدىر - قىممىتىڭىزنى تاپاتتىڭىز. توختاڭ، گېپىمنى بۆلمەڭ، بىز ھېچ بولمىسا بۇرۇنقى ساۋاقداشلىق ھېسسىياتى بويىچە سۆزلىشەيلى، تۇتقان ئۆي بىساتىڭىزغا، كىيىۋاتقان كىيىملىرىڭىزگە قاراڭ. سىز ھاياتىڭىزنى مۇشۇنداق نامراتلىق، ھەتتا 70 - يىللاردىكىدىنمۇ بەتتەر قىيىنچىلىق ئىچىدە خورىتىپ تۈگىتىۋېتىشكە تېگىشلىكمۇ؟ ئىككىمىز ھېلىقى يىلى ئۇرۇمچىدە كۆرۈشكەندە قولىڭىزغا ھېچ بولمىسا، يول خىراجىتى ئۈچۈن پۇل بېرەلمىگىنىمگە ئېچىنىمەن، ئېسىڭىزدىمۇ، بىز قايتا تەربىيىدىكى ۋاقتىمىزدا ھەمىشە قوناق نورمىسىنى ئۆزىڭىز يەپ، بۇغداي نانىنى ماڭا بېرىدىغانلىرىڭىز، مەن ھېچ بولمىسا، مۇشۇ ياخشىلىقلىرىڭىزنى قايتۇرغان بولاي، مەن...

— سىز نېمە دېمەكچى؟ — گۈلجەننەت خۇددى تىكەنگە دەسسىۋالغاندەك چۆچۈپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى.

— مەن سىز ئۈچۈن ئاز - ئازدىن پۇل يىغدىم، ئۇنىڭغا ماتېرىيال تەرجىمە قىلىپ تاپقان قەلەم ھەققىمنى قوشتۇم، — ئەلى سۇ قاپىقى يېنىغا تاشلاپ قويغان يالاڭ چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن قول ياغلىقتا ئورالغان تۈگۈنچەكنى ئالدى، — بۇ سىزنىڭ ھەققىڭىز، بۇ سىزنىڭ ھېكمەتنى بېقىپ چوڭ قىلىش ئۈچۈن تارتقان جاپالىرىڭىز ئۈچۈن ئاتىغان نەرسىلىرىمنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى، قوبۇل قىلىشىڭىزنى سورايمەن، جەمئىي ئالتە يۈز يۈەن پۇل.

— پۇل؟! — گۈلجەننەتنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، — سىز ئىنسان مۇھەببەت ئۈچۈن يوقاتقان، قۇربان بەرگەن نەرسىنى پۇل بىلەن قولغا كەلتۈرەلەيدۇ دەپ ئويلامسىز، سىز نېمانچە بىچارىلىشىپ كەتتىڭىز، ئەلى؟

— ياق، ياق، سىزنى ھېچ بولمىسا ئۇستىباشلىرىڭىزنى، ئۆي بىساتىڭىزنى تۈزىۋالسۇن، دەپ قىلغىنىم.

— خاتالاشتىڭىز، سىز بەخت، ئىستىقبال ۋە خاتىرجەملىكنى قانداقمۇ كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەت ۋە ھەشەمەتلىك ئۆي بىسات بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ قالغانسىز؟ دۇرۇس، مەن سىزدىن يوشۇرمايمەن، بىز ئۈچ جان ئادەم قاۋۇلنىڭ ئازغىنە ئىش ھەققى بىلەن ئايىنى ئايغا ئاران ئۇلاشتۇرىمىز، ئەمما بەزىلەر يانچۇقىدا مىڭ يۈەنلەپ، ئون مىڭ يۈەنلەپ پۇل تۇرۇپمۇ ھېس قىلالمىغان بەختنى بىز مۇشۇ نامراتلىق ئىچىدە ھېس قىلىمىز.

— دېمەك، سىز شۇنچە بەختلىكمۇ؟ — سورىدى ئەلى ئېغىر خورسىنىش ۋە مەسخىرە ئىچىدە.

— ئەلۋەتتە.

— نېمىڭىز بىلەن؟

گۈلجەننەت ماختاندى:

— ئېرىم بىلەن، بالام بىلەن.

ئەلىنىڭ بېشى چۈشتى، قوشتا ھارغان كالىدەك ئېغىر تىنىدى. ئۇ قولىدىكى پۇلنى سىقىمدىغىنىچە، خۇددى شورلۇق، داق يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك، خېلىغىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. يەر پىرقىراپ ئايلىنىۋاتقاندەك، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە چۆل ھەرىلىرى غوڭغۇلداۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇ خېلىدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى. گۈلجەننەت بىلەن ھېكمەت ئاللىقاچان كەتكەن، ھېكمەتنىڭ باھار قارلىغاچلىرىدەك تاتلىق چۇرۇقلاشلىرى تالزارلىق ئىچىدە بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت ئەلىنىڭ ئارقىسىدىكى توغراق تاللىرىنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئەلى بۇرۇلۇپ كەينىگە قاراپ، قاۋۇل ئەسكەرنىڭ خۇددى ئورمانلىقتىكى ئورانگۇتان مايمۇنىدەك، شاخلارنى يېرىپ، پايپاسلاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ چىرايى سۇرلۇك، قەھرلىك ئىدى، يۈزى قارايغان، كۆزلىرى خۇددى يېلىنجاۋاتقان ئىككى پارچە چوغدەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى.

— ھايال بولۇپ قالدىڭىزغۇ، قاۋۇل ئاكا؟

— ئەبلەخ... توڭگۇز...! — قاۋۇل ئەسكەر جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئەلىگە تىل-قارغىش ياغدۇرۇپ، مىلتىقىنىڭ زاتورىنى قايرىدى، — بايا ھەممىنى ئاڭلىدىم، گۈلجەننەتكە قەست قىلغان مۇناپىق ئەسلىدە سەن ئىكەنسەن-دە!

— قاۋۇل ئاكا، بۇ... بۇ... نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — ئەلى چاقماق تېزلىكىدە ئېتىلىپ بېرىپ، كۆكسىگە توغرىلانغان مىلتىق ستۋولىنى ئاسمانغا قايرىدى. شۇئان «ۋاڭ!» قىلىپ بىر پاي ئوق ئېتىلدى.

— مىلتىقنى قويىۋەت! — دەپ ۋارقىرىدى قاۋۇل ئەسكەر ئەلىنىڭ كۆكسىگە بىر مۇشت قويۇپ، ئەلى كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى، قاۋۇل ئەسكەر مىلتىقنى ئۇنىڭ كۆكسىگە نىقتاپ، زاتورىنى قايرىپ، بۆرىنىڭكىدەك خىرىلدىغان ئاۋازدا دېدى، — ئەمدى بىر پاي ئوق بىلەنلا ئۆزۈڭنى ئۇ دۇنيادا كۆرىسەن، نە - نەرىڭگە ئاتاي؟

— خالىغان يېرىڭگە ئات! — دېدى گۆرەن تومۇرلىرى بارماقتەك كۆپكەن ئەلى غەزەپتىن بوغۇلۇپ، — ئەمما سەن نامەردلىك قىلدىڭ، سەن بىر نارەسىدە بالىنى يېتىم قىلدىغان بولدۇڭ!

— كىمنى؟!

— ھېكمەتنى! بايا ھەممىنى ئاڭلىدىم دېدىڭغۇ، يەنە سوراپ نېمە قىلىسەن؟!

— ھېكمەت!... — قاۋۇل ئەسكەرنىڭ قولىدىن مىلتىق «تاراق» قىدە چۈشۈپ كەتتى، قارامتۇل چىرايى تامدەك تاتىرىپ، ۋۇجۇدى لاغىلداپ تىترەپ، يارىدار شىردەك ئەلىنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى، — سەن ئىپلاس، مەلئۇن...!

يۈرىكىدىكى يوشۇرۇن نەپرەت ئاخىرى پارتلاپ چىققان ئىككى رەقىب شور توپا ئۈستىدە دومىلاشماقتا، بىر - بىرىنى ۋەھشىي بۆرىدەك بوغۇشماقتا، ئۇتتۇر كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشماقتا. ھايال ئۆتمەي، ئەلىنىڭ يېرىلغان پېشانىسىدىن قان ئېتىلىپ چىقتى. قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئېغىز-بۇرنى قانىدى، ئوڭ قاپىقى مۇشتۇمدەك ئىششىپ چىقتى. غەزەپنىڭ ئاخىرقى كۈچىدىن تۆمۈردەك قاتقان ئىككى جۈپ قول بىر - بىرىنىڭ بەدەنلىرىگە كىرىشكەن، كۆزلەرگە قان تولغان، ئۇلار ھاسىراشماقتا، ئېغىر ھاسىراش ئىچىدە بىر - بىرىنى ئەڭ يامان تىل بىلەن تىللاشماقتا.

— گەپ قىلمىسام تېخى، سەن قاۋان توڭگۇز بالامغا ئاتا بولماقچىما؟

— ھالىڭغا بېقىپ سۆزلە، قېرى توكۇر! ھېكمەتنى نەدە يۈرۈپ تاپقانسەن؟ تەييارغا ھەييار بولىۋالدىڭ، شۇ!

— ۋىجدانسىز ئەبلەخ! بالىنى تاپساڭلا ھېسابمۇ؟

— سەن بېقىپ چوڭ قىلدىڭ، لېكىن شۇنىڭلىق بىلەن ھېكمەتنى ئۆز بالام دەپ ئېيتالامسەن؟ ئېمىشقا بىر ھەقىقىي ئەردەك سۆزلىمەيسەن؟

قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئەلىنىڭ بويۇن گۆشلىرىگە چوڭقۇر پاتقان قاۋۇل بارماقلىرى بىردىنلا بوشاپ، ئۆزى شالاققىدە يەرگە يىقىلدى، تىنىقلىرىمۇ پەسلەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى، جان ئۈزۈش ئالدىدىكىدەك، كۈچسىز بىر ئاۋازدا «ھېكمەت!...ھېكمەت!...» دەپ نىدا قىلاتتى. ئەلى دەلدەڭشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر سىقىم توپىنى پېشانىسىدىكى يارىسىغا باستى. ئاندىن قاۋۇل ئەسكەرنىڭ يۈزىدىكى قاننى تازىلاپ، ئۇنى يۇدۇپ كۆتۈرمەكچى بولدى.

— نېمە قىلماقچىسەن؟

— سوقۇشتۇق، خۇمارىمىزدىنمۇ چىقىشتۇق، سېنى ئەمدى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قويماقچىمەن.

— كۆل بويىغا بارىمىز، — دېدى قاۋۇل ئەسكەر ئىششىپ ساڭگىلىغان قاپاقلىرى ئارى-

سدىن ئەلگە ھۆمىيىپ قاراپ، — قان يۇقى چىراي بىلەن بىروغـا كۆرۈنۈش خـوتـۇن
كىشىنىڭ ئىشى، بىلدىڭمۇ! ئەزىمەت ئىكەنسەن، ساڭا قول قويدۇم، چىكەڭدىكى ياراڭغا
تۇز سېپىپسەن ئەمەسمۇ، مانا، بۇ يېرىلىڭ يارايدۇ، مەنمۇ بىر چاغدا پۇتۇمغا ئوق تەگـ
كەندە يارا تۈشۈكىگە ماز پاختا تىققانمەن، توڭگۇزنىڭ كۈچىكى، ئەكەل، قولۇڭنى!

ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭ - سۆھبەت چورتلا ئۈزۈلـ
دى، ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھەرقايسىسى ئۆز ئۆيلىرىدىن چىقىشاتتى، تاللىق قو-
تانغا بارغۇچە بىر ئېغىز سۆز قىلىشمايتتى، چۈشلۈكى گۈلجەننەت ئېلىپ كەلگەن تاماقـ
نىمۇ ئىككىسى ئىككى يەردە ئولتۇرۇپ يەيتتى. تاماقتىن كېيىن قاۋۇل ئەسكەر ھېكمەتـ
نى بۇرۇنقىدەك سۆيۈپ ئەركىلىتىشكە باشلايتتى. ئەلى بىر چەتتە يۈرەكنى پارە - پارە
قىلىدىغان بۇ مەنزىرىلەرگە ئۈنسىز سۈكۈت ئىچىدە قاراپ ئولتۇراتتى. چۈشتىـن كېيىـن
ئىككىسى يەنە ئىككى يەردە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلىشماي ئېرىق چېپىشاتتى، ئۇلار پەقەت
ئالىيىش - ھۆمىيىش بىلەنلا ئۈنسىز سۆزلىشەتتى، بوگۈن نەدە، قايسى قاپتالدىن ئېرىـق
ئېلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئاشۇ بىر - بىرىگە مىختەك قادالغان غەزەپلىك كۆزلەر ئار-
قىلىقلا مەسلىھەتلىشەتتى...

بىر ئاي ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىـ
يالمىغاندەك، ئىككى رەقىب ئۈچۈن بىر يەردە ياشاش نەقەدەر ئېغىر! بولۇپمۇ قاۋۇل
ئەسكەر ئۈچۈن، ئۆزىنى بۇ ئورمانلىقنىڭ بىردىنبىر خوجايىنى دەپ كېرىلىپ،
ماختىنىپ يۈرگەن، ئۆزىنى ھېچ كىمگە تەڭ قىلمايدىغان كۆرەڭ، مەغرۇر تەبىئەتلىك
قاۋۇل ئەسكەر نېمىشقا بۇ كەلگۈندىنى — ئۆزىنىڭ ئەشەددىي رەقىبىنى بۇ يەردىن قوغلىـ
ۋېتىشكە جۈرئەت قىلمىدى؟ نېمىشقا تەپتارتماي ھېكمەتنى «مېنىڭ ئوغلۇم» دەپ
ئوتتۇرىغا چىققان بۇ ئادەمنىڭ ھەتتا بىر كۈنلىرى گۈلجەننەتكىمۇ چاڭ سېلىش ئېھتىـ
مالىدىن تۇغۇلغان تەشۋىش ئازابىنى تارتىشنى راۋا كۆردى؟ ياق، ئۇ بۇرۇنلا ئويلانغان،
ئەلىنى شۇ كۈنىلا ئايدىڭكۆلدىن قوغلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىمىن
جۈيجاڭغا، ھەتتا ئەزىزوۋ ھاكىمغىمۇ بېرىدىغان جاۋابىنى تەييارلاپ قويغان، لېكىن
بىرلا تەشۋىش ئۇنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ تۇرۇۋاتاتتى: ئەلىنى بۇ يەردىن قوغلىۋېتىش
ئاسان، لېكىن كېيىنكى ئىشلارچۇ؟ بۇ مەلئۇن قاۋاننىڭ يۈرىكىدە ۋىجدان، ئىنسانىي
پەزىلەت بولمىغان بىلەن، بىلىمدە قاۋۇل ئەسكەر ئۇنىڭغا يەتمەيدىكەن ئەمەسمۇ؟ تاللىق
قوتاندا شۇنچە كۆپ ئېرىقلار چېپىلدى، ئەمدى بۇ يەرگە تارىم دەرياسىنىڭ كەلگۈن
سۈيىنىڭ چىقىشىدا گەپ يوق، بۇمۇ ئەلىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن قىلىنغان ئىشلار-
دە. كېلەر يىلى قىلىنىدىغان ئىشلار تېخىمۇ كۆپ: توغراق ئۇرۇقى يىغىش، ئۇنى تاللىق
قوتانغا چېچىش كېرەك، بۇنىڭ بىر يۈرۈش مۇرەككەپ ئىلمىي ئۇسۇللىرى بار ئىكەن،
بۇلارنى قاۋۇل ئەسكەر ئەلۋەتتە ئەلىنىڭ ياردىمىسىز قىلالمايدۇ. ھەي ئېسىت...! مۇشۇنـ
داق قەدىر - قىممەتلىك بىلىم نېمىشقىمۇ مۇنۇ ئەلىدەك ساختىپەز، ۋىجدانسىزلارغا نېـ
سىپ بولۇپ قالغاندۇ - ھە؟ خەير، ئازاب ۋە تەشۋىشنى يېڭىش كېرەك، يەنىلا ئۇنىڭ
بىلىمىدىن پايدىلانغان ياخشى...

... ئەنە، باش قىشنىڭ ئاچچىق، سوغۇق شىۋىرغىنى ھۇشقىرتىپ تۇرغىنىغا قارىماي، چاپانلىرىنى سېلىۋېتىپ، كەتمەننى ئۇن-تۇنسىز چېپىۋاتقان ئەلى. ئۇنىمۇ شۇ تاپتا ئاچچىق، ھەسرەتلىك خىيال قوچقان، ئەمما ئۇنىڭ خىياللىرى قاۋۇل ئەسكەرنىڭكىدىن باشقىچە، ئۇ ھېلىدىن ھېلىغا ئۆزىدىن خېلىلا يىراقتا كەتمەن چېپىۋاتقان قاۋۇل ئەسكەرگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويىدۇ. نېمىشقىدۇر ئەمدى قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن بۇرۇنقى ئېيىقنىڭكىدەك تەلۋە كۈچ، يەرنى تىترىتىپ گۈس - گۈس كەتمەن چاپىدىغان مادار كەتكەن، ئۇ مۈكچەيگەن، جۈدىگەن، تاماقنىمۇ ئىلگىرىكىدەك كۆپ يېمەيدۇ، ئەمما تاماكىنى بولۇشىغا چېكىدۇ، ئېرىققا چۈشۈۋېلىپ ئۈچ - تۆت كەتمەن توپىنى قاشقا ئاتار - ئاتمايلا ھاسىراپ - ھۆمىدەپ، قاشقا يۆلىنىپ بىر ھازاغىچە قېقىلىپ يۆتىلىدۇ...

ئەلىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى، قاۋۇل ئەسكەردىكى مۇنداق تېز ئۆزگىرىش ئۇنىڭغا ئايان، قاۋۇل ئەسكەر ئۈنسىز ئازاب ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئۆرتەنمەكتە. ئىچ - ئىچىدىن قۇرۇپ زەئىپلەشمەكتە. بىچارە ئادەم! ئەلىنىڭ گۈلجەننەت بىلەن سۆزلەشكەندە دېيىشكەنلىرى، ئەلىنىڭ كۆكسىگە مىلتىق ستۋولى قادالغاندا، ئىككىسى مۇشتلىشىۋاتقاندا جان ئاچچىقىدا ھېكمەت توغرىلىق دېگەنلىرى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەن، جەڭدە زەئىپلەشكەن ئەمما گۈلجەننەت ۋە ھېكمەت بىلەنلا شىپالىق تاپقان يۈرىكىنىڭ ئەجەللىك يارىسى يەنە قوزغالغان. ئەمما ئەلىگىمۇ شۇنداق دېمەي نېمە ئىلاج؟ ئەلىنىڭ گۈلجەننەت ۋە ھېكمەتنىڭ دەردىدە تاپقان يۈرەك يارىسى ئۇنىڭكىدىن يېنىك ئەمەسقۇ؟ مېھىر - مۇھەببەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى شۇنداق ئوخشايدۇ، چۈنكى ئىنسان شۇنىڭ ئۈچۈنلا ۋىجداننى يوقىتىشقا، رەھىم - شەپقەتنى ئۇنتۇشقا، ئادەملىك قىياپىتىدىن يىرتقۇچ ھايۋانغا ئۆزگىرىپ، بىر - بىرىنى تالاپ ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر. «بوپتۇ، قاۋۇل ئاكا، ھازىرچە گۈلجەننەت ساڭا تەئەللۇق بولۇپ تۇرسۇن، ئەمما ھېكمەت مېنىڭ! قاراپ تۇر، مەن ئۇنى سەن بىلەن خۇددى ئاچ يولۋاس شىرنىڭ ئالدىدىكى گۆشنى تالاشقاندەك تالىشىمەن!»

ئەلىنىڭ خىيالى توساتتىن نېرىدىن ئاڭلانغان قامچىلارنىڭ قارسىلداشلىرى، «دىت، چۇھا!» دېگەن ئاۋاز، يەنە كىمدۇر بىرسىنىڭ سوزۇپ ئېيتىۋاتقان «ھارۋىكەش ناخشىسى» بىلەن بۆلۈندى. تالزارلىقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن توپىلىق كوتا ھارۋا يولىدا ھەر بىرىگە تۆتتىن ئات قوشۇلغان، ئۈستىگە لىق توغراق ياغىچى بېسىلغان ئىككى يېگىلۇ ھارۋا ئاستا چايقىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەلى ئالدىراپ قاۋۇل ئەسكەرگە قارىدى، قاۋۇل ئەسكەر ئۇلارنى ئەلىدىنمۇ بالدۇر كۆرگەن بولسا كېرەك، ئاللىقاچان قاشتىن يامىشىپ چىقىپ بولغانىدى. ئۇ دەلدەڭشىپ، ئاسقالاپ، يالغۇز توغراق تۈۋىگە بېرىپ مىلتىقىنى ئالدى - دە، ھارۋىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

— توختىشە!— دەپ ۋارقىرىدى ئۇ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — نەدىن كېسىشتىڭ بۇ توغراقنى؟!

ھارۋا توختىدى، ھارۋا ئۈستىدىكى تەمبەل، كۆرەك جۇۋىلىق يىگىت تۇمىقىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، كۆرەڭلىك بىلەن گىمدەيدى:



— كۆزۈك كۆرمۇ سېنىڭ؟ سەن ئېيتىپ باقە، توغراقنى نەدىن كېسىدۇ؟ يولنى بوشات، ھېلى بىكار گەجگەڭگە قامچا يەيسەن!

— ياغاچنى چۈشەر!

— ئۆزۈك كىمسەن؟

— ئورمان مۇھاپىزەتچىسى!

— ھېلىقى قاۋۇل توكۇرمۇ؟ ۋاي ئۆلۈمتۈكەي...— ھارۋىكەش مەسخىرە بىلەن ھەجايىدى، — خوتۇنۇڭنى چىرايلىق، خېلى نازى بار دېيىشىدىغۇ، ھا...ھا ..ھا...

— ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى قاۋۇل ئەسكەر غەزەپتىن ھارۋىكەشكە قولىنى شىلتىپ،— تارت بۇ ياقتا ھارۋاڭنى!

— نەگە تارتىمەن؟

— قاراۋۇللۇق پونكىتىغا!

ھارۋىكەش قولىدىكى ئۇزۇن قامچىسىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ، قاۋۇل ئەسكەرنىڭ گەجگىسىگە «تارس!» قىلىپ بىرنى سالدى، ئەمما قاۋۇل ئەسكەر قامچىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، ھارۋىكەشنىڭ قولىدىن يۇلۇۋالدى - دە، دەستىسىنى تىزىغا قويۇپ ئۇشتاپ، پارچە-پارچە قىلىپ، ئارقىسىغا پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتتى. ھارۋىكەش ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى:

— نېمە قىلماقچىسەن، قېرى توكۇر!؟

ئىشنىڭ يامانغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان باشقا ھارۋىكەشلەر ئارقا-ئارقىدىن ھارۋىلىرىدىن چۈشۈپ، قاۋۇل ئەسكەرنى ئورىۋېلىشتى.

— بۇ قانۇنسىزلىق! ھۆكۈمەتنىڭ ئورمان قانۇنىغا خىلاپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەت!—

www.uyghurkitap.com

دېدى قاۋۇل ئەسكەر ئۇلارغا نەشتەردەك قادىلىپ، هارۋىكەشلەر ئارىسىدىكى سېرىق بۇرۇتلۇق، چوڭراق بىرسى ئالدىغا ئۆتتى:

— نېمە قايناىسەن قاۋۇل ئاكا؟ بۇ يىگىتنىڭ قامچىسىنىمۇ سۇندۇرۇۋەتتىڭ مانا، قانۇنسىزلىق، بۇزغۇنچىلىق دەيسەن، ئەمما، بىز بۇنى ئۆز مەيلىمىزچە كېسىپ كەلگىنىمىز يوق - تە.

— كىم ئەۋەتكەن سىلەرنى؟

— ئەزىزوۋ هاكىم.

— يالغان! هاكىم هېچقاچان مۇنداق قانۇنسىز ئىشلارنى قىلمايدۇ، — قاۋۇل ئەسكەر غەزەپلىك ۋارقىراشتىن ئەمدى قايناشقا ئۆتتى، — مەن سىلەرنى تونۇيمەن، ناهىيىلىك قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ئىشچىلىرىغۇ سىلەر؟ ئورمان قانۇنىغا خىلاپلىق جىنايى - هەرىكەتنى ئۆزۈڭلار قىلىپ، بۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى هاكىمغا ئارتماقچى بولۇۋاتامسىلەر، بۇنداق قىلىشقا نېمە ئاساسىڭلار بار؟

— ئالدىرىما، ئەلۋەتتە ئاساسىمىز بار، — بۇرۇتلۇق جۇۋىسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ قاۋۇل ئەسكەرنىڭ كۆزىگە تەڭلىدى، — مانا، هاكىمنىڭ تەستىقى، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

قاۋۇل ئەسكەر ئەزىزوۋ هاكىمنىڭ ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە يازغان تەستىق خېتىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، قوللىرى تىترىدى، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ هاكىم... ئەزىزوۋ هاكىم... ئاشۇ ئەزىزوۋ هاكىم - هە ؟ هاكىم بۇ تەستىقنى نېمىشقا سالغاندۇ؟ ياق، ئىشەنمەيمەن، بۇنى هاكىمنىڭ يازغىنىغا ئىشەنمەيمەن، — دېدى ئۇ هوشسىز يېتىپ جۆيلۈۋاتقان ئاغرىقتەك پىچىرلاپ.

— بۇ قېرى توكۇر ساراڭ بوپتۇ، — دېدى هېلىقى تەمبەل يىگىت يېنىدىكىلەرگە، — جۇرۇڭلار ئاغىنىلەر!

— توختاڭلار!

— يەنە نېمە دەيسەن؟ — تەمبەل يىگىت قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى، — ئەزىزوۋ هاكىمنىڭ تەستىقىنىمۇ تونۇمامسەن؟

— تونۇمايمەن، هۆكۈمەتنىڭ ئورمان قانۇنىنىلا تونۇيمەن!

— تېخى هاكىمنىڭ تەستىقىنىمۇ تونۇماس بولدىڭمۇ ئەبلەخ! — تەمبەل يىگىت قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئاغزىغا بىر مۇشت سالدى، قاۋۇل ئەسكەر مۇشت زەربىسىدىن ئارقىسىغا دەلدەڭشىپ يىقىلدى، سېرىق بۇرۇتلۇق قوپال ئۆتۈكلىرى بىلەن ئۇنى تېپىپ دومىلىتىشقا باشلىدى...

— توختاش! ئېرىق بويىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن ئەلى، تەمبەل يىگىت بىلەن سېرىق بۇرۇتلۇقنى ئىككى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ يىقىتتى، — ياغاچنى هارۋىدىن چۈشۈرۈش ئېپلاسلار!

— نوچىلىقىڭ بارغۇ سېنىڭ، كىمسەن؟ — دېدى ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان تەمبەل يىگىت ئالدىدىكى بۇ نامەلۇم، ئېگىز، قامەتلىك يىگىتكە قورقۇسىراپ قاراپ.

— ئەزدزووۋ هاكىمنىڭ ئوغلى!

— هە...؟ ئەلىجانىمۇ سىلە؟ ئاپلا!...— سېرىق بۇرۇتلۇق چاپىنىنىڭ توپىسىنى قېقىشتۇرۇپ، ئەلىنىڭ ئالدىغا ھىجىيىپ، قول باغلاپ كەلدى.— سەت ئىش قىپتۇق ئوكام، ئالدىلىرىدا ناماقۇل.

— خۇشامەتىڭنى قوي، هارۇبلىرىڭنى تارت بۇياققا!

هارۇبكەشلەر ئەمدى بىردىنلا مۇنايىملىشىپ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراشتى.

قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئەھۋالى ئېغىر ئىدى، ئۇ ھوشسىزلانغان، ئاغزىدىن ئاققان قان ئېڭەكلىرى ئۈستىدە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. هارۇبكەشلەر قورققىنىدىن، ھەش - پەش دېگۈچە هارۇبلىرىدىن ياغاچلارنى چۇشۇرۇشتى. قاچانىدۇر پاراڭنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن گۈلجەنەت بىلەن ھېكمەت ئاللا - توۋا كۆتۈرۈپ، قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىشتى، ئەلى قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئېتىنى هارۇبغا قوشۇپ، يېنىغا گۈلجەنەت بىلەن ھېكمەتنى ئولتۇرغۇزۇپ مەيدانىنىڭ دوختۇرخانىسىغا يۈرۈپ كەتتى، شۇ چاغدا نەدىندۇر ھېلىقى سېرىق بۇرۇتلۇق يۈگۈرۈپ هارۇا يېنىغا كەلدى:

— ئادەملىرىمىز توڭلاپ كېتىۋاتىدۇ، بىز نېمە ئىش قىلىمىز، ئوكام ئەلىجان؟

— ئادەملىرىڭنى هارۇاڭغا بېسىپ كېتىۋەر،— دېدى ئەلى ئۇنىڭ تەلەتىگە قاراپمۇ قويماستىن،— نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىڭنى بېرىپ قانۇندىن سورا!

بۇك توغراقلىق، كىر سۇيى چاچقاندەك كۆرۈمسىز تۇمانلىق ئاسمان، ئىلانباغرى سوزۇلغان شور توپىلىق يول، ئاق قاشقىلىق توروق ئات خۇددى ھوشسىز ياتقان ۋاپادار ئىگىسى ئۈچۈن قايغۇرۇپ، دەرد - ئەلەم چېكىۋاتقاندەك، پات - پات ئېغىر پۇشقۇرۇپ، هارۇبنى سىللىق تارتمىشقا تىرىشىدۇ. ھېكمەت هارۇبدا بىر هازاغىچە يىغلاپ، جېدەل قىلىپ، ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئەلىنىڭ قاپىقى چۈشكەن، ئۇ سۆزسىز - زۇۋانسىز، ئۇ كېتىۋېتىپ، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئارقىسىغا قاراپ قويىدۇ، گۈلجەنەتنىڭ يۈزلىرى تاتارغان، قاپاقلىرى ئىششىغان، ئۇ تىنچ كۆل سۈيىدەك جىمجىت، ساداسىز، تەۋەتتىشال ياغلىقى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قوڭۇر چاچلىرى، ئالۇچىدەك قىزىل لەۋلىرى، تەگسىز ھەسرەت ئىچىدىكى ئوتلۇق كۆزلىرى يەنىلا ئەجەب چىرايلىق، ئەجەب ئۇماق...

## ئون بىرىنچى باب

— ئىككى قوۋۇرغىسى سۇنغان، ئۆپكىنىڭ ئوڭ شاخچىسى زەخىملەنگەن، ئوپېراتسىيە قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ئوكام، قانداق قىلساق بولار؟— دېدى ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان قېرى دوختۇر كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

— نېمە قىلساق دەيسىز؟

— قان بېرىش كېرەك، ئۇنىڭ بەدىنى ئاجىز، ئۇنىڭسىز ئوپېراتسىيە قىلىشقا بولمايدۇ.

— قان تېپىدنى تەكشۈرۈپ كۆردىڭىزمۇ؟

— تەكشۈردۈق، «O» تىپلىق.
—ئەممىسە ئىش پۈتتىغۇ،— دېدى ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ، — قېنى، بولـۇڭ ئەمـ
ـسە، مېنىڭ قېنىممۇ «O» تىپلىق.
— ئەمما سىزدىن ئالغان قان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ - دە، بىزگە تۆت يۈز گـرام
قان كېرەك.
— قانچىلىك كېرەك بولسا، شۇنچىلىك ئېلىڭ،ۋەرمەمسىز.
دوختۇر بىر دەقىقە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، گەدىنىنى ئاتىلـدى، بىرئاز ئويـلـ
ـنىۋالغاندىن كېيىن:
— بوپتۇ ئەممىسە، چاپىنىڭىزنى سېلىپ، كارىۋاتتا يېتىڭ، — دېدى. گۈلجەنـنـەتنى
ئوپېراتسىيە قىلغاندا، قاۋۇل ئەسكەر ئوپېراتسىيەخانا ئىشىكى ئالدىـدىن بىر قەدەممـۇ
نېرى كېتەلمىگەندەك، ئەلىمۇ قاۋۇل ئەسكەر ئوپېراتسىيەخانىدىن ئېلىـپ چىـقىلغۇچە،
ئىشىك ئالدىدىن نېرى كەتمىدى. ئۇ قانسىرىغان، ماغدۇرسىزلانغان، ئەمـما، يـۈرىكـنىڭ
بىر يېرىدە ئارزۇ قىلىپ تولىمۇ تەستە ئېرىشەلىگەن بىر شادىيانە تۇيغۇ تېپچەكلىمەكـ
تە. بۇ تۇيغۇ— گۈلجەننەتنىڭ بايا ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرەپ قارىشىـدىن كەلـ
گەن ئۇنىسىز ئەكس سادا.
— چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىپتۇ، كېلىڭ، بىردەم ئولتۇرۇۋېلىڭ.
ئىشىك ئالدىدىكى تارغىنە ئورۇندۇقتا شۇ تاپتا گۈلجەننەتكە يېقىـن ئولتۇرۇۋېـ
لىش قانداق لەززەت - هە؟! ئەلى شۇ تاپتا چەكسىز شادلىق تەنتەنىسى ئىچىدە سەكرەپ
ۋارقىرىغۇسى، جايىدا پىرقىرىغۇسى كەلدى، مۇشۇنداق ئىناقلىق، مۇھەببەت نەقەدەر ياخـ
شى! ئەمما بۇ دوختۇرخانا، قاۋۇل ئەسكەر تېخىچە ئوپېراتسىيە ئۈستىـدە، ئۇ ئىشـىك
يېنىغا بېرىپ، ئىشـىك يوچۇقىدىن تەلمۈرۈپ قارىدى.
قاۋۇل ئەسكەر بەش سائەتتىن كېيىن ئوپېراتسىيىدىن ئېلىپ چىقىـلـدى، ئۇ چاقـ
لىق نوسۇلكا ئۈستىدە ھوشسىز ياتاتتى، چىرايى ئادەم تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگەرگەن،
زەئىپلەشكەن.
— خەتەردىن قۇتۇلدى، يىغلىماڭ، ئەكسىچە خۇشال بولۇڭ، — دېدى قېـرى دوخـ
تۇر، مىشىلداپ كۆز يېشى قىلىپ نوسۇلكىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان گۈلجـەننەتـنىڭ
مۈرىسىنى ئاتىلارچە سىيلاپ قويۇپ، — تىنچلىقىنى بۇزماڭـلار، كەچمـۇ بولـدى، ئارام
ئېلىڭلار ئەممىسە، ئۇكام ئەلىجان، بۇ نېمە قىلغىنىڭىـز؟ تـۆت يـۈز گـرام قان بەرگەن
ئادەمسىز، نېمىشقا ئارام ئالمايسىز؟ تۇرسۇنگۈل، — ئۇ يېنىدىكى سېستىرا قىزغا بۇرۇلـ
دى، — ماۋۇ يىگىتنى مېھمانخانىغا ئاپىرىپ سولاپ قويۇپ كېلىڭا.
كەچ كىرگەن، سىرتتا قار ئارىلاش كۆچمىيىۋاتقان قىش شامىلىنىڭ ئاچچىق ئۇششـ
ـقۇرتىشى ئاڭلىنىدۇ، دېرىزىلەرنى تاراقشىتىدۇ. ئەلى ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ يەنە خىتـ
ـيالغا چۆكتى. دادىسىنى، ئانىسىنى ئويلىدى. ئۇلار شۇ تاپتا نېمە ئىش قىلىـۋاتىدىكىن؟
ئۇلارنى زار- زار قاقشىتىپ يىراققا كەتكەن ئوغلىنىڭ مۇشۇ قىسقىغىنە ئۈچ - تۆت ئاي
ئىچىدە تالاي قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىكىنى، كۈلگەنلىكىنى، يىغلىغانلىـقىـنى

ئازراق بولسىمۇ بىلەمدىغاندۇ؟ ياق، بىلمەيدۇ، قانداق بىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەپتىدە بىر يازغان خەتلىرى ئەلىنىڭ ياستۇقىنىڭ تېگىگە دۆۋىلىنىۋەردى، ئەمما ئەلى ئۇلارغا ھېلىغىچە بىرەر پارچىمۇ خەت يازغىنى يوق. «بۇ ئىشىم بولمىدى، ئەمدى يېزىش كېرەك، — ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ، لامپۇچكا غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان ياتاق ئىچىدە خېلىغىچە ئۇيان-بۇيان ماڭدى، — بىراق نېمىنى يازغۇلۇق؟ سېغىنىشنىمۇ ياكى ئازاب-ھەسرەت ئوتىدا پورۇقلاپ قايناۋاتقان يۈرەكنىڭ قەھرىلىك پارتلىشىنىمۇ؟ ھەئە، ھەر ئىككىسىنى!»

ئەلى سومكىسىغا كىتابى بىلەن قوشۇپ سېلىۋالغان قەغەزنى ئېلىپ، جوزا ئۈستىگە يايدى:

«قەدىرلىك دادا، مېھرىبان ئاپا، مەن ئالدى بىلەن سىلەرگە، مېنىڭ بۇ يەردە خېتىڭلاردا قايتا-قايتا تىلغا ئېلىپ، كۆڭلۈڭلارنى بىئارام قىلغاندەك ئېغىر غۇربەتچىلىك كۆندە ئەمەس، خۇددى، مەرھۇم گايىمز بوۋام بىر نىگەن پولونى بىر پۇت گۆش بىلەن كۆرمىدىم، دەپ سوقۇۋېتىپ، ئارقىدىن بىر نوگاي سوغۇق سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىنكى راھەتلىك كېرىلىشلىرىدەك، ئامان-ئېسەنلىك ئىچىدە ياشاۋاتىمەن.

دادا، ئەمدى خېتىمنىڭ كېيىنكى قۇرلىرى پەقەت سىزگىلا تەئەللۇق، بۇنى سىز ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن تەنتەك ئوغۇلنىڭ ئەسەبىي تەلۋىلىكى دەپ ئەمەس، بەلكى دادىسى تەرىپىدىن ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، ھاياتلىق ئۈچۈن يىراق، خىلۋەت بىر جاينى ئۆزىگە ماكان قىلغان، بىر ناتىۋان پەرزەنتنىڭ يەنىلا شۇ دادىسىنى سېغىنىپ، ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان مېھىرلىك ئەركىلەشلىرى دەپ بىلگەيسىز. بۇنىڭدىن تۆت ئاي ئىلگىرى، ئىككىمىزنىڭ قانداق ئايرىلىشقانلىرىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ بىز بىر-بىرىمىزگە ئېيتىلدىغان تالاي سۆزلىرىمىزنى خۇددى بىر پارچە سۆڭەكنى يۇتۇۋەتكەندەك تەستە يۇتۇۋېتىپ تۇرۇپ، ئۈنسىز، غەزەپلىك ۋە قېيىداش ئىچىدە خوشلاشقانىدۇق. مېنى تارىم ئورمانچىلىق مەيدانىغا مەجرۇھ بىر ھەربىي — قاۋۇل ئەسكەر ئىسىملىك ئورمان مۇھاپىزەتچىسى ئېلىپ كەلدى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا، تەكلىماكان باغرىدىكى بۇ ئىپتىدائىي ئورمانلىقلارنى، ئوتلاقلارنى، قۇملۇقلارنى، دەشتى-چۆللىرىنى ئاتلىق ئايلىنىپ چىقىشىم ئۈچۈن، ساقمۇساق بىر ئاي ۋاقىت كەتتى. تەكلىماكان ...مەن ھازىر كىشىلەرنىڭ تەكلىماكان ھەققىدىكى خاتا تەدبىرلىرىنى، قارىغۇلارچە قارغاشلىرىنى ئەسكە ئالىدىغان بولسام، قورساق كۆپۈكىمدىن ئۈن سېلىپ يىغلىغۇم كېلىدۇ. نېمىدېگەن ۋاپاسىز، تاش يۈرەك ئادەملەر ئۇلار؟! ئۇلار بۇ يەرنىڭ چۆل-جەزىرىلىرىنى، پايانسىز دەشتى-قۇملۇقلىرىنى، تىكەن قامغاقلىرىنى كورگەنۇ، ئۇنىڭدىكى ھاياتلىق يادروسى بولغان ئالتۇن، گۆھەرنى — باغۇ-بوستانلىرىنى، ئابىھايات سۈزۈك سۇلىرىنى، ئىنسان ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك بولغان چىدام، باتۇرلۇق، پاكلىق، ساداقەتلىك ۋە ئىسيانكارانە روھنى كۆرمىگەن. مەن بۇ يەردىكى ئادەملەر — مالچىلار ۋە ئورمان ئىشچىلىرى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلار چۆمۈلىدەك ئىشچان، توغراقتەك چىداملىق، يولۋاستەك باتۇر! مەن بۇ يەردە ھەر كۈننىڭ يىگىرمە تۆت سائىتىدە تارىم دەرياسىنىڭ تىنىمسىز، ھەيۋەت شاۋقۇنىنى ئاڭلاپ تۇرىمەن، دولقۇنلى-

uyghurkitap.com



رىدا چۆمۈلىمەن، كەڭ دالا مېنىڭ ئالتۇن قەسرىم، بولۇتسىز ساما مېنىڭ قىبلىگاھىم، سالقىن شاماللار مېنىڭ نەپەسلىرىم. مەن بۇ ساماۋى جەننەتتە جەرەندەك قىيغىتىمەن، بوزتورغايدەك چۇۋۇلدايمەن، چۈنكى مەن تەبىئەت ماڭا ئاتا قىلغان ئاشۇ لەززەتتىن مەست بولۇپ، كۆزلىرىمنى يۇمغىنىمدا، بۇرغىلارنىڭ ھەيۋەتگۇمبۇرلەشلىرى، ھون قوشۇنلىرى مىنگەن جەڭ ئاتلىرىنىڭ قەھرلىك كىشنەشلىرى ئاڭلىنىدۇ. ئەنە، ئوغۇز بوۋام ... پېشانىسىدە قىلىچ كەسكەن ئىز، ئەمما چىرايىدا بىر غالىبانە تەبەسسۇم. مەن ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تاۋاپ قىلىمەن. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ مېنى يۆلەيدۇ، مەن ئۇنىڭ باغ ـ رىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، ھۆركىرەپ يىغلايمەن، شۇ چاغدا يېنىمغا مەلىكە ئامانىسا كېلىدۇ، ئۇ خۇددى پاتەمخان ئاپامدەك مېھرىبان، ئۇ ياشلىرىمنى سۈرتىدۇ، مەن ئۇنىڭ ساتارى ـ نىڭ ئېزگۈ كۈيلىرىنىڭ لەززەتلىك مەۋجىدە ئېقىپ، يۈسۈپ ھەم مەھمۇد بوۋامنىڭ مەدرىسگە ئىلىم تەھسىل قىلغىلى كېتىمەن. ئۇ يەردە ھىندىستاندىن، رىمدىن، باغدات ـ تىن، شامدىن ... دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدىن كەلگەن يۇلتۇزدەك سان ـ ساناقسىز تالىپلارنىڭ قول قوشتۇرۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، مەغرۇر گىدىيىۋالىمەن. بوۋىلىرىم ماڭا، كەمتەر بول، دېگەن مەنىدە قاش سىلىكىپ قويىدۇ. مەن ئاندىن دۇنيادا ئىنسان مەدەنىيىتى جەۋھىرىنىڭ ئاجايىپ دۇردانىلىرىدىن بولغان قېلىن ـ قېلىن كىتابلاردىن دەرس ئالىمەن. دۇنيادا كىم بولۇشنى، قانداق ياشاشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن بەك كېرەك بولىدىغان مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىمەن. ئەنە شۇنداق ئۇي ـ قۇغا كېتىمەن، لېكىن قايسىدۇر بىر چاغدا چۆچۈپ ئويغانغىنىمدا، ئۆزۈمنى ھېلىقى خىلۋەت بىر ئېغىزلىق ياتىقىمدا كۆرىمەن. مەن شۇ چاغدا، خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ـ دەك بولۇپ، ئىككى قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم:

— ھەي ... قېنى سىلەر مېنىڭ روھىم، مېنىڭ خۇدالىرىم ... ؟!

شۇ چاغدا، مەن دەسسەپ تۇرغان يەر ھەسرەت ئىچىدە ئېغىر پۇشۇلدىدى:

— سەن خىيالىڭدا كۆرگەن ئۇلۇغ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قۇملىرىم ئاستىدا قالدى، بالام.

— ئۇلارنى كىم كۆمۈۋەتتى بۇ يەرگە، بورانلىرىڭمۇ؟

— ياق، ئادەملەر.

ئاھ، قانداق ئۇلۇغ جەۋھەرلەر كۆمۈلۈپ كەتكەن ـ ھە، بۇ يەرگە؟ مەن ئاشۇ ئادەم ـ لەردىن نەپرەتلەندىم، سىز بۇ سۆزلىرىم ئۈچۈن قاپىقىڭىزنى تۈرمەڭ دادا، سىز تارىم ۋادىسىدىكى بۇ ۋەيرانچىلىقنىڭ سەۋەبىنى ئادەملەر ئەمەس، تەبىئەت ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەرسىز ھەرقاچان، لېكىن بۇ، تولىمۇ ئەخمىقانە، نادانلارچە چىقىرىلغان خۇلاسە.

مەن مۇشۇ تۆت ئاي ۋاقىت ئىچىدە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق، تارىم دەرياسى ۋادىسـ ـ دىكى ۋەيرانچىلىقلار توغرىلىق بىرقەدەر ئىشەنچلىك سانلىق مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم. سىز سۆكۈت قىلىۋاتقان، قولىغا رۇخسەت خېتى يېزىپ بەرگەن ئادەملەر ئورمانلارنى

قالايمىقان كېسىپ، قالايمىقان بوز يەر ئېچىپ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ئېغىر ھالدا بۇزغانلىقتىن، تارىم ئويمانلىقىنىڭ چەت - ياقىلىرىدىكى توغراق ئورمىنىنىڭ كۆلىمى 25 مىڭ گېكتاردىن كۆپرەك كېمىيىپ، 1950 - يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 47 پىرسەنت، ياغاچ زاپاس مىقدارى 60 پىرسەنت ئازىيىپ كەتكەن، شۇ ۋەجىدىن قۇم، بورانلارنىڭ تەھدىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ، تەكلىماكان قۇملۇقى ناھىيىمىزگە قاراپ يىلىغا ئۈچ مېتردىن 10 مېترغىچە تېزلىكتە بېسىپ كېلىشكە باشلىغان. دەريا سۈيى ئازىيىپ، كۆللەر قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقتىن، سۇ مىقدارى 1950 - يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ئاران 56 پىرسەنتىگە باراۋەر بولۇپ ئالغان. نەتىجىدە، سۇ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قېلىش تۈپەيدىن، يەرلەرنىڭ شورلىشىشى شۇنچىلىك ئېغىرلاشقانكى، بەزى يەرلەرنىڭ شورلىنىش دەرىجىسى 38 پىرسەنتكە، بەزى يەرلەرنىڭ ھەتتا 90 پىرسەنتكە يەتكەن. مەن يەنە مۇنداق سانلىق مىساللارنى ئېلىۋېرىپ، كۆزىڭىزنى تالدۇرۇشنى خالىمايمەن، لېكىن بۇ توغرىلىق شۇنداق مۇھىم بىر ئىشنى سىزنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈشىڭىزگە سۇنغۇم كېلىدۇ: تارىم ۋادىسىدا مۇشۇنداق ئاپەت خاراكتېرلىك خورىتىش ئېلىپ بارغانلار كىم؟ ئەلۋەتتە ئادەملەر. بىر ئانا — ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىغان بىر مېھرىبان ئانا باغرىنى يېرىپ چىققان بىر بالىسىنى ئۈچ ئاي، كۆپ بولغاندا، بىر يىل ئۆزىنىڭ ئاق سۈتىنى بېرىپ باقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق سۈت بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئەمما مۇشۇ تارىم — مۇشۇ مېھرىبان ئۇلۇغ ئانا ئۆزىنىڭ قانچىلىگەن پەرزەنتىنى قانچە ئەسىرلەردىن بېرى ئاق سۈت بېرىپ بېقىۋاتقاندۇ؟ ئۇ شۇ تاپتا قېرىغان، ماغدۇرىدىن كەتكەن، ھالسىرىغان، بۇنىڭ بەدىلىگە تالاي ئادەملەر قاتارغا قېتىلغان، بەختكە ئېرىشكەن، مېنى خەتنى مۇشۇ تەرىزدە يېزىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە ئۆز ئانىسىنى ئۇنتۇغان، ھەتتا ئۇنىڭ ئاخىرقى يۈرەك قانلىرىنىمۇ يالماۋۇزدەك شوراۋاتقان ئادەملەر، بولۇپمۇ سىز — ئابرويلۇق، ئىناۋەتلىك خەلق رەھبىرى، پېشقەدەم كوممۇنىست. كوممۇنىست — بۇ دۇنيادا تەڭداشسىز ئۇلۇغ نام! ھەرگىزمۇ سىزگە ئوخشاش كىشىلەر دەسسەپ - چەيلەپ، قەدرىنى يوقاتقان كونا پالاس ئەمەس. تۇردىيوپ ۋالېينى بىلىسىزغۇ، ئۇمۇ، مەن خېتىمنىڭ بېشىدا تىلغا ئالغان قاۋۇل ئەسكەرمۇ كوممۇنىست، لېكىن كوممۇنىست دېگەن بۇ شان - شۆھرەتلىك ئۇلۇغ نام ئۇلارنىڭ قەلبىدە، ئەمەلىيىتىدە تېخىمۇ يارقىن، پاك سىيما بىلەن نۇر چېچىپ، ئەتراپىدىكى ماڭا ئوخشاش يۈزلىگەن، مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق يولىنى يورۇتقان.

ئەمدى مەن سىزگە قاۋۇل ئەسكەر توغرىلىق سۆزلەپ بېرەي: ئۇ، تارىم — مۇشۇ سۆيۈملۈك، مېھرىبان ئانىنىڭ بىردىنبىر ۋاپادار پەرزەنتى. سىزدەك بىر خەلق رەھبىرى مۇشۇ ئاق چاچ، مېھرىبان ئانىنى ئۇنتۇپ قالغان چاغدا، ئۇ ئاشۇ ئانا ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان. ھەيرانمەن، سىز بۇ يەرنى نېمانچە سەت كۆرىدىغانسىز؟ ئۇنىڭغا نېمانچە ئۆچلۈكىڭىز كېلىدىغاندۇ؟ بولمىسا، مېنى بۇنىڭدىن تۆت ئاي ئىلگىرى بۇ يەرگە شاد - خۇرام ئۇزاتقان، جان - جەھلىڭىز بىلەن قارشى تۇرمىغان، مېنىڭ بۇ يەردىكى ھاياتىمدىن قايغۇرۇپ كەتمىگەن بولاتتىڭىز. كەچۈرۈڭ، ئۆز كېيىمدىن چەتنەپ

www.uyghurkitap.com

كەتتىم، مەن يەنە قاۋۇل ئەسكەرگە قايتىمەن، گۈلجەننەتنى ئۇنتۇمىغانسىز؟ بەش يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى ئالدىي مەكتەپكە ئەۋەتكەنلىكىڭىز سەۋەبىدىن، بەخت-ئىستىقبالى نابۇت قىلىنغان قىز. سىزگە ئەمدى بىر سىرنى ئاشكارىلاي، يېزىدا قايتا تەربىيىدىكى ۋاقتىمىزدا گۈلجەننەت ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشكەن، ئۆمۈرۋايەت ئايرىلماسلىق ئۈچۈن ۋەدە قىلىشقان، ئەمما ئۇ ھازىر قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئايالى ئىكەن. مەن شۇ ئىش تۈپەيلىدىن قاۋۇل ئەسكەر بىلەن يوشۇرۇن دۈشمەنلىشىپ يۈردۈم. ھەتتا بىر قېتىم قاتتىق مۇشتىلاشتۇق. ئۇ ھازىر بالىنىتسىدا، ئىككى قوۋۇرغىسى سۇنغان، ئۆپكىسى زەخىملەنگەن. شۇڭا جىددىي ئوپېراتسىيە قىلىنىپ، ھازىرلا ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىندى. مەن ئۇنىڭغا تۆت يۈز گىرام قېنىمنى بەردىم، بۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ لېپى فېلىڭ روھىدىن ئۆگەنگەنلىكىم ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سىزنىڭ بارغانسېرى يوغىناپ كېتىۋاتقان تويماس نەپسىڭىزنىڭ بىۋاسىتە زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەتكىنىگە، گۈلجەننەتنىڭ ھاقارەتلەنگەنلىكىگە چىدالماي شۇنداق قىلدىم. قاۋۇل ئەسكەر مېنىڭ شەخسىي رەقىبىم، ئەمما ئىنسانىي پەزىلەت مۇنبىرىدىكى ئۇستازىم، ئۇنى سىزنىڭ يازغان تەستىق يولىيورۇقىڭىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن يۈرىكى قاپتەك يوغىناپ كەتكەن بىر توپ ياغاچ ئوغرىلىرى — سىزنىڭ شېرىكلىرىڭىز ئۇرۇپ كاردىن چىقىرىشتى. سىز مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانسىز دادا؟ ئەجىبا، قاۋۇل ئەسكەر — ناھىيىمىزنىڭ ئورمان بايلىقىنى قوغداش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز پايىپېتەك بولۇپ يۈرگەن مۇشۇنداق بىر مەجرۇھ ھەربىي سىزنىڭ مۇشۇنداق بوزەك قىلىشىڭىزغا تېگىشلىكمۇ؟ ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتە تېگىشلىك قەدىر-قىممىتىنى تاپىدىغان كۈنى قاچان كېلىدۇ؟ مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز سۈپىتىدە ئەمەس، بىر ئاددىي پۇقرا سۈپىتىدە شۇنداق بىر ئاچچىق ھەقىقەتنى ئېيتاي: ناھىيىمىزدە سىزدەك ئادەملەر ھامان ھوقۇق تۇتۇپ تۇرىۋېرىدىغان بولسا، ناھىيىمىزنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات ئىستىقبالىدىن، گۈللەپ ياشنىشىدىن چوقۇم ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ئاڭلىدىم، كېلەر يىلى ئەتىيازدا ناھىيىمىزدە سايلام ئېلىپ بېرىلىدىكەن، ھەققانىي پىكىرلىك، توغرا نىيەتلىك پۇقرالار قاتارىدا مەن بىرىنچى بولۇپ، سىزنىڭ ھاكىم بولۇشىڭىزغا قارشى چىقىمەن ۋە سىزگە قارشى ئاۋاز بېرىمەن...»

ئەلى خەتنى قايتا ئوقۇشنى خالىمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە خەتنى مەيدان پوچتالىيونىغا بېرىۋېتىپ، ھارۋىنى قاتتى-دە، گۈلجەننەتكە قاۋۇل ئەسكەرگە ئەمدى ئۆزىنىڭ قارايدىغانلىقىنى، ئۆيىنى يالغۇز تاشلىۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئانا-بالا ئىككىسىنى ئايدىڭكۆلگە ئېلىپ كەتتى. ئۇلار ئايدىڭكۆلگە يېقىنلاشقاندا ئەلى كۈتۈلمىگەن بىر مەنزىرىدىن ھەيران قالدى: ئاللىق قوتان — كۆلىمى مىڭ مودىن ئارتۇقراق كېلىدىغان بۇ شور توپىلىق توقايلىق ئەينەكتەك سۈزۈك مۇز ئاستىدا قالغان، ئۇ يەر-بۇ يەردىكى يالغۇز توغراق، يۇلغۇنلار مۇز ئۈستىدە چوقچىيىپ كۆرۈنەتتى. نەدىدۇر سۇ شارقىرايتتى، مۇزنىڭ قاراسلاپ سۇنغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. تاشقىن بارغانسېرى ئۆرلەۋاتاتتى.

— بۇ توقايلىقتا مەن كەلگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق سۇ چىقىشى، —

دېدى گۈلجەننەت خۇشال بولۇپ.

توپىلىق يول ئاللىقاچان مۇز ئاستىدا قالغان، ئات تېيىلىپ، مېڭىشى قىيىنلاشتى، ئەلى ھارۋىدىن چۈشۈپ، ھارۋىنى ئېگىز دۆڭ - ئېدىرلىقلاردىن ئايلاندۇرۇپ، ئۆيگە كەچكە يېقىن يېتىپ كەلدى، ئاتنى بوغۇز بىلەن تويغۇزغاندىن كېيىن ئېگىرنى توقۇدى، ئاندىن كېچىلەپ يولغا چىقىپ، تاڭ بىلەن دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدى. قاۋۇل ئەسكەرنىڭ بىلەك تومۇرىغا ئاسما ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ئاستا تامچىلاپ چۈشۈۋاتاتتى، ئەلى كىرىپ كەلگەندە ئۇ چاناقلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىنى ئېچىپ، سۇس كۈلۈمسىرىدى.

— تاشقىن... — دېدى ھاياجانلانغان ئەلى قاۋۇل ئەسكەرنىڭ قورايدەك ئىنچىكە، گۆشسىز قوللىرىنى ئىككى قوللاپ قىسىپ، — تاللىق قوتان مۇز ئاستىدا قاپتۇ!

— سۇ كۆپمۇ؟

— كۆپ، ھېلىمۇ ئېقىۋاتىدۇ.

قىشلىق تاشقىن چۆلنىڭ ئەمەس، قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئۇسسۇزلۇق تەشنالىقىنى قاندۇرغاندەك، ئۇ چەكسىز لەززەت ۋە راھەتلىك تۇيغۇ ئىچىدە كۆزلىرىنى يۇمدى.

— بۇ سىزنىڭ ماڭا ئۆگەتكەن بىلىمىڭىزنىڭ ھىممىتى ئەلى... ئۇھ... ئەجەب ياخشى بوپتۇ - ھە؟ ھاردۇقۇم بىراقلا چىقتى، ساقىيىپ قالغاندەكلا بولۇپ قالدىم، ئەمدى ئالتىنچى ئايدا توغراق ئورۇقىنى يىغىپ تېرىشقا كىرىشىمىز.

ئەلى ئەمدى ئادەتتىن تاشقىرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ كېچە - كۈندۈز قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى، پۇتلىرىنى ئىسسىق لۆڭگە بىلەن سۈرتەتتى. مەشنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتىپ، باللىنىتسىنى تېخىمۇ ئىسسىتىشقا تىرىشاتتى، ئۇنىڭغا تاماق ئىچكۈزەتتى، چوڭ - كىچىك تەرەتلىرىنى تۆكەتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن گۈلجەننەت ھېكمەت بىلەن كەلدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىقى ياش مالچىغا ئۇيىنى بېقىشنى تاپشۇرۇپتۇ.

قىش كېچىسى، تارىم ۋادىسى سۈتتەك ئايدىڭ، قاۋۇل ئەسكەرنىڭ مىلتىقى ئەمدى ئەلىنىڭ ئۈششىسىدە، ئۇ قاۋۇل ئەسكەرنىڭ ئېتىنى مىنىپ، ھەر كېچىسى ئورمانلىقنى كۆزەت قىلىپ چىقىدۇ. ئەر قانىتى ئات، دېگەنلەرمۇ شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئېيتىلغان ئوخشايدۇ، ئۇ ئەلى ئۈچۈن سادىق خىزمەتكار، ئۇنىڭ خىياللىرىغا سىرداش، ئۇنىڭغا ھەمراھ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر كۈنى چۈشتە كۈتۈلمىگەندە، دوختۇرخانا ئالدىغا ناھىيەدىن كەلگەن جىپ ماشىنا كېلىپ توختىدى.

— ھاكىم كەپتۇ! — دەپ شىۋىرلىدى ياش دوختۇرخانا باشلىقى ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا دوختۇر - سېستىرالارنى ئىشخانىغا يىغىپ، — ئاپلا ... نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق خەۋەر تاپالمىغاندىمىز بۇ ئىشتىن، تېز بولۇڭلار، سېستىرالار، باللىنىتسىنى تازىلاڭلار، دوختۇرلار

www.uyghurkitap.com



خالاتىلىرىڭلارنى پاكىزىغا يەڭگۈشلەپ مەن بىلەن بىللە ھاكىمنىڭ ئالدىغا چىقىڭلار!

دوختۇرخانا ئىچى ئۆرە - تۆپە بولدى، دوختۇر - سېستىرالار بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇرۇش ھالىتىگە كىرگەن ئەسكەرلەردەك، ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشتى. دوختۇرخانا باشلىقى دوختۇرلارنى ئەگەشتۈرۈپ ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقان ئەزىزوۋ ھاكىمنىڭ ئالدىغا قول باغلاپ چىقىشتى، ئەلى بۇ مەنزىرىلەرنى دېرىزىسىدىن كۆرۈپ تۇردى. كۈچا كۆرپىسىدىن تىكىلگەن قارا قۇلاقچا كىيگەن، قارا پەلتۇنى يېپىنىۋالغان ھاكىم سۇرلۇك، ھەيۋەتلىك، ئەمما خۇش كەيپ ئىدى، ئۇ بىرلىرىگە چاقچاق قىلىپ قوۋۇز گۆشلىرىنى تىترىتىپ، قاقاقلاپ كۈلەتتى، بىرلىرىنىڭ قوللىرىنى قىساتتى، بىرلىرىنىڭ دۈمبىسىگە پەپىلەيتتى. ھايال ئۆتمەي، ھاكىمنىڭ ئەلىگە تونۇش ئېگىز، گەۋدىلىك بەستى بالنىتسا ئىشىكىدە پەيدا بولدى.

— بىزنىڭ ئەلىجانىمۇ بۇ يەردىكەنغۇ؟ — دېدى بىردەقىقىلىك ھودۇقۇش، تاتىرىشتىن كېيىن دەرھال ئۆزىنىڭ تەمكىن، خۇش چاقچاق قىياپىتىگە قايتىپ، — ياخشى تۇردىڭمۇ بالام؟ خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپلا خىزمىتىمنىڭ ئالدىراشلىقىغا قارىماي بۇياققا چاپتىم، قېنى، سەن دېگەن كېسەل؟

مانا مۇشۇ كىشى، — دېدى ئەلى كارىۋاتتىكى قاۋۇل ئەسكەرنى كۆرسىتىپ، گۈلجەننەت ھودۇقۇش، ساراسىمە ئىچىدە بىر چەتكە ئۆزىنى ئالدى، ئەزىزوۋ ھاكىم قاۋۇل ەسكەرنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ھە ... سىزمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ھاكىم! ... — قاۋۇل ئەسكەر ھاياجاندىن لەۋلىرى تىترەپ، ئورنىدىن قوپۇشقا تەمشەلدى.

— يېتىڭ، يېتىۋېرىڭ، — ھاكىم ئۇنىڭ قولىنى قىستى، — ئەلىجان يازغان خەتنى كۆرۈپ ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپتىم، دۆلەت بايلىقىنى قوغداش يولىدا جاراھەتلىنىپسىز، مەن ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شەخسەن ئۆز نامىمدىن سىزدىن چوڭقۇر ھال سورايمەن، مەن تۈنۈگۈن بىر يىغىندا ئىمىن جۈيجاڭنى قاتتىق تەنقىد قىلدىم. ئۇ نېمىشقا سىزنى ئۇزۇنغىچە بۇ چەت ئورمانلىققا تاشلىۋېتىدۇ؟ بۇ، ئۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك، بيۇروكراتلىق، سىز ئۇرۇشتا ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن شەرەپلىك مەجرۇھ ھەربىيسىز، مەن ئىمىن جۈيجاڭغا تاپىلاپ قويدۇم، كېسىلىڭىز ساقايغان ھامان، سىزنى ئائىلىڭىز بىلەن قوشۇپ ناھىيىگە يۆتكەپ كېتىپ، ئورنىڭىزغا باشقا ئورمان مۇھاپىزەتچىسى ئەۋەتمەكچىمىز، قانداق دەيسىز؟

— شۇنچىلىك كۆيۈنگەنلىكلىرىگە رەھمەت ھاكىم، ئەمما مەن بۇ يەرگە كۆنۈپ قالغانمەن، مەن بۇ يەرنى خۇددى شەھەردەك ياخشى كۆرىمەن.

— بۇ يەردە سىز تولىمۇ قىيىن شارائىتتا قاپسىز ئەمەسمۇ؟

— يوقسۇ، ھېچ نەرسىدىن غېمىم يوق، بەختلىك ئائىلىدىمەن.

— مانا بۇ لېي فېڭچە روھ، — دېدى ھاكىم ئەتراپتىكىلەرگە مەغرۇر ھالدا قولىنى پۇلاڭلىتىپ، — ھەممەڭلار مۇشۇنداق روھنى قوماندان قىلىشىڭلار كېرەك. يولداش قاۋۇل

ئەسكەر، مەن بۇ تەلىپىڭىزنى ناھىيىلىك پارتكومغا دوكلات قىلىمەن ھەمدە پۈتۈن ناھىيىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنى سىزدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىمەن.

— ياق ... ياق ... بۇ ... بۇ ئارتۇقچە، — دېدى قاۋۇل ئەسكەر دۇدۇقلاپ.

ئەزىزوۋ ھاكىم گويا ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمىغاندەك، دېرىزە يېنىدىكى ئەلىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئاپاڭنىڭ سېنى دەپ يېشى قۇرۇمايۋاتىدۇ، بۈگۈن مەن بىللە قايتىپ، بىرەر - ئىككى ھەپتە ئۆيدە تۇرۇپ كېلەمسەن - يا؟

— ئاپامغا سالام ئېيتىڭ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— بىز ئاللىق قوتانغا قىشلىق توك ياتقۇزۇۋاتىمىز.

— نېمە قىلىسىلەر، ئاشلىق تېرىماقچىمۇسىلەر؟

— ئورمان ئەھيا قىلىمىز، — دېدى ئەلى ئەلەم بىلەن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — ئۇ يەردىكى ئورمانلارنىڭ ھەممىسى كېسىلىپ كۆيدۈرۈلۈپ نابۇت قىلىنغان، بۇ ئىشتىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ؟

— ھە، راست، — ھاكىم ئۇنىڭ چېكىسىنى تاتىلاپ قويۇپ داۋام قىلدى، — سەن خەتتە ئېيتقان ھېلىقى قانۇنسىز ئورمان كەسكۈچىلەرنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاماققا ئالدى، ئۇلار ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ.

— سىزچۇ، جازاغا تارتىلمامسىز دادا؟

— كاپىشما! — غەزەپتىن ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تىكلىشىپ كەتكەن ھاكىم ئەلىگە قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى. ئىككىسى يەنە نېمىلەرنى دېيىشىپ كېتەتتىكىن، دوختۇرخانا باشلىقى دەرھال سالاغا چۈشتى، دوختۇرلار ھاكىمنىڭ بىلىكىگە يېپىشتى، ھاكىم كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، جالاقلاپ تىترىگىنىچە بالنىتسىدىن چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئىشىڭىز بولمىدى ئۇكام، — دېدى قاۋۇل ئەسكەر خېلىدىن كېيىن، دېرىزە تۈۋىدە تامدەك تاتارغىنىچە قېتىپ قالغان ئەلىگە قاراپ، — ھەرقانچە يولغاندىمۇ ئۇنداق دېگۈلۈك ئەمەس - تە، ئۇ ناھىيىنىڭ قوماندانى، يۇرتنىڭ ئاتىسى.

ئەلى ئۈن چىقمىدى، خېلىدىن بېرى ئىشىك ئارقىسىدا مۆكۈپ تۇرغان گۈلجەننەت قاۋۇل ئەسكەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، قىزىشىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەمىسە، ئەلىنىڭ دېگىنى خاتامۇ، نەرى خاتا؟ مېنىڭچە ھەممىسى توغرا، ھاكىم دېگەن تىل تەگكۈزگىلى بولمايدىغان ئەۋلىيا ئەمەس، ئۆزىنى خەلقنىڭ چاكىرى دەپ بىلسە ھاكىم، بولمىسىچۇ، خەلقنىڭ نەپرىتىگە قالغان پومېشچىكنىڭ ئۆزى. سىزچۇ قاۋۇل، قوماندان، قوماندان، دەۋېرىدىكەنسىز، ئەمما ئۇلارنىڭ قانداق قوماندان ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قويمايدىكەنسىز.

قاۋۇل ئەسكەر جىم بولدى، گۈلجەننەت ئەلىگە كۆزىنى قىسىپ، «قانداق دېدىم؟» دېگەن مەنىدە كۈلۈپ قويدى.

كۆنلەر ئۆتمەكتە، قاۋۇل ئەسكەر بىرەرسىنىڭ ياردىمى بىلەن كارىۋاتتىن ئاستا چۈشەلەيدىغان بولدى.

ئەلى بالنىتسا ئالدىغا چىقتى، قار توختىغان، غەربتىن نەمخۇش چۆل شامىلى ئۇرۇلاتتى. بىر چاغدا ھېكمەت نەدىندۇر پەلتىڭلاپ يۈگۈرگىنىچە قولىدا بىر نەرسىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا ئەلىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— قايا، قۇشقاچ!

— ۋايىيەي، قويۇۋەت ئۇنى! — بالنىتسا لەمپىسى ئاستىدا تۇرغان گۈلجەنندەت ئالدىراپ كەلدى.

— ياق، ئۇينايمەن! — ھېكمەت قولىدىكى ئۆلۈك قۇشقاچنى كەينىگە يوشۇردى.

— بوز تورغاي، — دېدى ئەلى ئېغىر خورسىنىپ، — قاردا توڭلاپ ئۆلگەن گەپ.

ھېكمەت قولىدىكى بوز تورغايغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ ئۇلۇغ-كىچىك تىندى:

— تورىغايىڭمۇ دادىسى، ئاپىسى بولامدۇ ئاپا؟

— بولىدۇ بالام.

— ئەمىسە، ئۇلاي يوقتۇ؟

— تاشلىۋېتىپ كېتىپتۇ.

— مۇشۇ بالىسىنىمۇ؟

— ھەئە، مۇشۇ بالىسىنى.

— شۇڭا ئۆلۈپتۇ-ھە، بۇ بالىسى؟

— ھەئە.

— بۇنىڭ دادىسى، ئاپىسى ئەسكىكەن، — ھېكمەت ئۆلۈك تورغايىنى سىقىمدىغىنىچە ئاپىسىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىلدى، — مېنىڭ دادامىمۇ، ئاپامىمۇ ياخشى، ھە، ئاپا؟

— جېنىم بالام، ... ! — گۈلجەنندەت ھېكمەتنى باغرىغا بېسىپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى، شۇ چاغدا ئەلى ئازاب ۋە ئەلەمدىن ئۆزىنى نەگە قويارىنى بىلمەي، بوغۇق ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— شۇنداق ... ئۇلار ئەسكى ئاتا-ئانا ...

ھېكمەت ئەلىگە خۇددى ئۇنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، قارا قاتتىق دۈگىلەك كۆزلىرىنى تىكتى:

شىنىڭمۇ بالاڭ بامۇ، ئەلى ئاكا؟

ئەلى يۈرىكىگە خەنجەر سانجىلغاندەك سىلكىنىپ كەتتى:

— بار، بالام.

— بالاڭنى تاشلىۋەتمە جۇمۇ، بومىسا، شىنى ئەسكى دادىكەن دەيمەن.

— ماقۇل بالام، — ئەلى ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇشقا ئاجىز كەلدى، ئۆزىنىڭ نەدە تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇدى، ئۇ ھېكمەتنى گۈلجەنندەتنىڭ قۇچىقىدىن يۇلۇپ تارتىۋېلىپ باغرىغا مەھكەم باستى ۋە يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ بۇقۇلداپ يىغلىدى، — ئېسىڭدە تۇت، ھېكمەت، مەن سېنى ئەمدى ھەرگىز تاشلىمايمەن!

ئاھ، ئانا پۇراقلىرى سىڭگەن بالا! ئۇ قانداق تاتلىق؟ دادا يىغلىدى، ئانا يىغلىدى، بالىنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ كەتتى، ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن بالا، بالا ئۈچۈن ئاتا ـ ئانا نەقەدەر ئەزىز.

قاۋۇل ئەسكەر بىر ئايدىن كېيىن بالىنىستىدىن چىقتى، ئەلى ئۇنى گۈلجەننەت ھەم ھېكمەت بىلەن بىللە ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئايدىڭكۆلگە ئېلىپ كەلدى.

يانۋار. ئورمان ۋە دالا ئاپئاق قار ئاستىدا ئۇخلىماقتا. ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن چىڭ قۇچاقلاشقان، شۇڭا بۇ ئۇيقۇ تولىمۇ شېرىن ۋە لەززەتلىك. قار، مۇز ئورمان ۋە دالا ئۈچۈن ھاياتلىق نېگىزى. مانا بۇ تەبىئەتتىكى سۆيگۈ، ئۇلاردا نە ھەسەت، دۈشمەنلىك، نە نەپسانىيەت يوق، مۇھەببەت ئۇلار ئۈچۈن ئورتاق. تەبىئەت شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ.

ئەلى كېچىلىرى كۆلتۈك قارلارنى كېچىپ كېتىۋېتىپ، كۆندۈزلىرى گۈلجەننەتنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىۋېتىپ، ياكى ياتىقىدا ئوقۇۋېتىپ، يېزىۋېتىپ ئاشۇلارنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. گۈلجەننەتچۇ، ئۇ شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟

ئەنە، گۈلجەننەت ئاشخانا ئۆيدە ـــ قازان بېشىدا، ئۇ شۇ تاپتا قازاندىكى جەرەن گۆشىنىڭ خېلىدىن بېرى پورۇقلاپ قايناپ مەلەخ ـ مەلەخ پىشىپ كەتكىنىنىمۇ ئۇنتۇغان، خىيال ئەينىكىدە ئەلى، ھېكمەت، قاۋۇل ئەسكەر. ئۇ ئەمدى نېمىشقا ئەلىگە بۇرۇنقىدەك نەپرەت ئىچىدە ئالىيىپ، ھۆمىيىشلىرىدىن قالدى؟ نېمىشقا ئەلى ئەمدى ھېكمەتنى سۆيۈپ، قۇچاقلاپ، ھەتتا ئوغلۇم، دەپ چاقىرغاندىمۇ بۇرۇنقىدەك غەزەپلەنمەيدۇ، ئەكسىچە خۇشال بولىدۇ؟ بۇلار نېمە ئۈچۈن؟ ياكى بۇ ئازغىنە ۋىل ـ ۋىل چوغى قالغان تۇنجى مۇھەببەت ئوتىنىڭ ئەلىنىڭ ۋۇجۇدىدا قايتىدىن تۇغۇلغان ۋاپا، ساداقەت سەلكىنىنىڭ ئاستا ـ ئاستا يەلپۈشىدىن قايتىدىن ئۇلغىيىشىمىدۇ؟ گۈلجەننەت بۇ خىيالدىن قورقۇپ، چۆچۈپ كەتتى، ياق... ئىقرار قىلىش كېرەك، بۇ ئاشۇ تۇنجى مۇھەببەت! ئاھ، ئەبەدىي ئۆلمەس تۇنجى مۇھەببەت ...! ئۇ ھېلىمۇ ھايات ئىكەن! ئۇ قانداق قۇدرەتلىك، نەقەدەر لەززەتلىك ـ ھە؟ ئۇنداق بولسا، گۈلجەننەتنى قاۋۇل ئەسكەرگە مەھكەم باغلىغان رىشتە نېمە بولغىيدى؟ ئۇ ھېلىھەم قاۋۇل ئەسكەرنى ئۆز جېنىدىن ئەزىز ۋە قىممەتلىك كۆرىدىغۇ؟ گۈلجەننەت ئاخىرى بۇ سوئالغا جاۋاب تاپتى: بۇ بىر قىزنىڭ ئۆز ئاكىسىنى، مېھرىبان ـ ۋاپادار تۇغقىنىنى ياخشى كۆرگەندەك، ئامراق بولۇپ قالغاندەك، قېرىنداشلىق مېھرى ئوخشايدۇ. گۈلجەننەت قاۋۇل ئەسكەر بىلەن بىللە ياشاۋاتقان بەش ـ ئالتە يىلدىن بېرى، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قانداقتۇر يوشۇرۇن بوشلۇقنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، ئۆزىگە نېمىنىڭدۇر يېتىشمەيۋاتقىنىنى تالاي قېتىم ھېس قىلغان، ئەمما ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن، ئۇ ئەمدى بۇنىڭ سىرىنى ئاستا ـ ئاستا بىلىپ يەتتى، ئۇ ـــ مۇھەببەت، بىر ـ بىرىنى ئەسەبىي ۋە ئاچكۆزلەرچە سۆيۈشنى شەرت قىلغان مۇھەببەت.

ئۇ ئاشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلىدى، ۋىجدانىدىن نەپرەتلەندى، ئەلىنى قاغىدى، قاۋۇل ئەسكەرگە ئىچى ئاغرىدى، ئەمما ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قات-

www.uyghurkitap.com

تىنىق ئىسكەنجىگە ئالغان بۇ ئەسەبىي تۇيغۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ يېڭىشكە ئاجىز كەلدى.

... ئۇ ئېسىگە كەلگەندە قازاندىكى گۆش قايناۋېرىپ، سۈيى ئازلا قالغانىدى، ئۇ، گۆشنىڭ يېرىمىنى لىگەنگە سۈزۈپ، ئۈستىگە تۇز سەپتى، ئاندىن داستىخانغا ئوراپ تالاغا چىقتى. قىش ئاخشىمى جىمجىت، ئاسماندا قويۇق يۇلتۇزلار قېتىدا ئاق شايى لېنتىدەك سوزۇلغان سامان يولى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ خۇددى ئالەمدىكى جىمى سەييارىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغان ئۈزۈلمەس رىشتىگە ئوخشايتتى. گۈلجەننەت قانچە ئاۋايلاپ ماڭسىمۇ ئايىغى ئاستىدىكى قار غىچىلداپ ئاۋاز چىقىراتتى. ئۇ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا يېنىك دەسسەپ شامالدەك شەپىسىز ماڭدى ... توختىدى ... يەنە ماڭدى ... يەنە توختىدى ...

«— قانداق قىلسام بولار؟ — ئۇ يۈرىكىنىڭ تەلپۈنۈش، ئىزتىراپ ۋە قورقۇنچ ئىچىدە كۈچلۈك دۈپۈلدەشلىرىدىن تەمتىرەپ ئىككىلىنىپ قالدى، — بەش قەدەم ... مۇشۇ بەش قەدەمنى بېسىپ ئۆتسەم ھاياتىمدا قانچىلىك زور ئىش يۈز بەرگەن بولار - ھە؟ ئەنە شام يورۇقى ... شامغا يېقىنلاشقان پەرۋانە يالقۇنغا ئۆزىنى ئاتماي قالارمۇ؟ ئاھ، قاۋۇل، سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئىچىم ئېچىشىدۇ. بىلىمەن، سىز مېنى قەلبىڭىزدىكى ئەڭ پاك، غۇبارسىز مۇھەببەت بىلەن سۆيىسىز، ياخشى كۆرىسىز. پەقەت ئاشۇ مۇھەببەتنىڭ كۈچ قۇدرىتى بىلەنلا بۈگۈنگىچە ھايات ياشاپ كەلگەنسىز. بىراق سىز ئەلى بىلەن ئىككىمىزنىڭ بۇرۇنقى مۇھەببەت سەرگۈزەشتىمىزنى، ھېكمەتنىڭ ئاشۇنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدىڭىز. مانا بۇلار ماڭا دېمىگىنىڭىز بىلەن، يۈرىكىڭىزنى ھەرىدەك غاجاۋاتقان يوشۇرۇن ئازاب. ئازاب، ھەسرەت يالغۇز بۇلا ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ قاباھەتلىك يەنە بىر غەم - ئەندىشە بار: ئۇ ئەلىدىن سىزگە كېلىۋاتقان ئەجەللىك تەھدىت. مېنىڭ ھازىر ئالدىمدىكى مۇشۇ بەش قەدەمنى بېسىش - باسماسلىقىم، ئۆزۈمنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئەلىگە، ياكى سىزگە تەئەللۇق بولىدىغانلىقىمنى ھەل قىلىدۇ. ئاھ، قانداق تاتلىق، نەقەدەر قاباھەتلىك بەش قەدەم بۇ؟»

گۈلجەننەت ئەلىنىڭ ياتىقى ئەتراپىدا خېلىغىچە ئايلىنىپ يۈردى. ئالدىغا - كەينىگە مېڭىپ، قەدەملىرىدىن قار ئۈستىدە تارغىنە يول ھاسىل قىلدى. شۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىن قاۋۇل ئەسكەرنىڭ:

— گۆشىڭىز پىشتىمۇ، گۈلجەننەت؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، گۈلجەننەت چۆ - چۆپ ئارقىسىغا يېنىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئەلى ياتىقى ئىچىدە، ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ گۈلجەننەتنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇردى. ئۇ گۈلجەننەتنىڭ ئۇتتۇرلا ئۆيىگە كىرىشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغانىدى - ھە؟ ئۇ ئۆيىگە شۇنداقلا كىرىپ كەلگەن ھامان، ئۇنى ئۈنسىز قۇچاقلاپ، باغرىغا باساتتى، گۈلجەننەتنىڭ ھازىرقى قەلب ھېسلىرى ئۇنىڭغا ئايان: گۈلجەننەت چوقۇم قارشىلىق قىلمايتتى، ئۇلار ئالتە يىلدىن كېيىنكى قايتىدىن ئېرىشكەن ۋىسال شادلىقى ئىچىدە شۇنچىلىك تاتلىق سۆيۈشەتتىكى...

ئاھ، شۇ بەش قەدەم، ئۇ قانداق تاتلىق، نەقەدەر قاباھەتلىك؟ گۈلجەننەت بۇ قەدەمنى بېسىشقا نېمە ئۈچۈن ئاجىز كەلدى؟ قورقۇنچاق! جۈرئەتسىز! ياق، گۈلجەننەتنى ئۇنداق ھاقارەتلەش نامەردلىك! ۋىجدانسىزلىق! قاۋۇل ئەسكەر — مۇشۇنداق يارقىن، پاك نىيەتلىك بىر ئادەمنىڭ قەلبىدىكى ئىنسانىي سۆيگۈ، ۋاپا ھەم ساداقەتكە مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرۇش گۈلجەننەت ۋە ئەلى ئۈچۈن جىنايەت!

«ئەڭ ياخشىسى، بۇ يەردىن كېتەي، — ئەلى مۇشتۇمىنى چېكىسىگە تىرەپ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى، — مۇشۇنداق قىلىشلا قاۋۇل ئەسكەرنى ھە-قىقىي ھاياتلىققا، گۈلجەننەتنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرىدۇ. ھېكمەت... ھېكمەت-چۇ؟ ئۇ مېنىڭ پۇشتۇمدىن تۇغۇلغان، لېكىن ئۇ كىمنى دادا دېيىشنى ئۆزى بەل-گىلىسۇن...»

ئەلى ئەتىسى ئەتىگەنلىك چاينى قاۋۇل ئەسكەر بىلەن بىللە ئىچىۋېتىپ ئۇنىڭغا دېدى:

— بىر مەسلىھەتىم بار قاۋۇل ئاكا، نېمە دەيسىزكىن بىلمىدىم، مەن «ۋالىي دۆڭ»-گە يۆتكىلىپ، مالچىلار بىلەن بىللە تۇرۇش قارارىغا كەلدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئۇكام؟ — قاۋۇل ئەسكەر كۆكۈش كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى، — تالالىق قوتانغا تۇغراق ئۇرۇقى تېرىش پىلانىڭىز-دىن ۋاز كەچتىڭىزمۇ ئەمدى؟

— ياقەي، بىراق ئۇنىڭغا يەنە تۆت - بەش ئايچە ۋاقىت بار، مەن شۇنىڭغىچە مال-چىلارنىڭ بالىلىرىنى يىغىپ، «ۋالىي دۆڭ» دىكى ھېلىقى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە مەكتەپ ئاچساممىكىن دەيمەن.

— مۇنداق دەڭ، — قاۋۇل ئەسكەر يېڭىلا ئۆسكەن ساقىلىنى چىمداپ بىر پەس ئويلىنىپ قالدى، — بۇمۇ بىر ھېسابتا بولىدىغان گەپ ئىكەن، ھەي، ئەلىجان ئۇكام، تەدبىرلىك جۇمۇڭ سىز، ئوقۇغان ئادەم مىڭ دېگەنبىلەن باشقىچە بولىدۇ - دە، مەي-لى ئەمىسە!

ئەلى شۇ كۈنىلا يۈك - تاقىسىنى ھارۋىغا بېسىپ، «ۋالىي دۆڭ» گە يۆرۈپ كەتتى.

## ئون ئىككىنچى باب

مالچىلار — تەكلىماكاننىڭ بۇ پايانسىز قوچىقىدا ئىنسان قەدىمىنى بىر - بىرى-گە ئۇلاپ كەلگەن ۋە بۇ يەرنىڭ ھەقىقىي، مۇتلەق خوجايىنى سۈپىتىدە ئەسىرلەردىن بېرى گىگانت تاغدەك مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرغان ئاجايىپ ئادەملەر. ئۇلار ئىشچان ۋە قانائەتچان، بۇ دەشتى - چۆلنى دۇنيانىڭ ھېچقانداق گۈزەل يېرىگە تەڭ قىلماي-دۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆمۈر بويى شەھەر يۈزىنى كۆرمەي ياشاپ ئۆتكەن بوۋاي-مومايلار كۆپ. ئەلى ئۇلارنىڭ قارا ئىگە گەمە ئۆيلىرىنى ئارىلاپ ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ سىرداشقانسېرى، ئۇلاردىن ئۆگىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلۈكىنىمۇ، ئۆگىتىشكە تېگىش-

لىك ئەرسىلەرنىمۇ ھېس قىلدى. ئىنسان ھاياتلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يالغۇز ئىشچانلىق، باتۇرلۇق ۋە مېھىر - ۋاپالا كۇپايە قىلمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ۋە كائىناتنىڭ نېمىگە ياكى كىمگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بىلىش مانا بۇ مۇھەببەتنىڭ ۋە ھەقىقىي ھاياتنىڭ ئېنىقلىمىسى.

... ئەنە، ئەلىنىڭ ئالدىدا توغرىسىغا رەت - رېتى بىلەن قويۇلغان توغراق ياغىچى ئۈستىدە سىغدىلىشىپ ئولتۇرغان بىر توپ بالىلار. ئۇلارنىڭ پۇتلىرىدا پۇرۇم چورۇق، ئەسكى پېيما، بېشىدا سالۋا تۇماق، كىيىملىرى رەتسىز ھەم پاسكىنا، ئەمما چىرايلىرى شۇنچىلىك ئوماق، كۆزلىرى تاڭ چولپىنىدەك نۇرلۇق... ئەلى ھاياتنىڭ ئاشۇ ھەقىقەتىنى بۇ تارىملىقلارغا ئۆگىتىشنى ئالدى بىلەن مۇشۇ بالىلاردىن باشلايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئۆزى ئۈچۈنمۇ ئارام، بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، قىقاس - چۇقانلىرى ئۇنىڭ گۈلجەننەت ۋە ھېكمەتنى ئۇنتۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، بۇ ئۇنتۇش نېمە؟ ئۇ ئىككىنچى قېتىم تەكرارلانغان ۋاپاسىزلىقمۇ؟ ياق، ئۇ يەنىلا گۈلجەننەت ۋە ھېكمەتكە باغلانغان ئەبەدىي مۇھەببەت ئۈچۈن!

ئەلى تۇنجى دەرسىنى باشلىدى، بالىلار بۇ يەردە ھېچقاچان كۆرمىگەن ۋە ئاتا - ئانىسىدىنمۇ ئاڭلىمىغان قارا دوسكىدىكى ئاق، غەلىتە بەلگىگە — «ئا» ھەرپىگە ئاغزىنى ئېچىشىپ، ھاڭۋېقىشىپ قاراپ قېلىشتى.

— مانا بۇ «ئا»، — دېدى ئەلى بالىلارغا دوسكىدىكى ياغاچ توقۇناقىقا ئوخشايدىغان «ئا» ھەرپىنى ئىنچىكە تاياق بىلەن كۆرسىتىۋېتىپ، — ئادەم... مەنمۇ، سىلەرمۇ، ھەممىمىز ئادەم، بۇ سۆزنىڭ ئالدىغا ئالدى بىلەن مۇشۇ «ئا» ھەرپى يېزىلىدۇ...

شۇ چاغدا ئىشىك ئاستا غىچىلداپ ئېچىلدى. ئەلى ئىشىككە قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، قولىدىن تاياق چۈشۈپ كەتتى:

— ھېكمەت ... ئوغلۇم ...!

تۇرسۇن ياسىن

# سادىر پالۋان ھەققىدە ھېكايە

(شۇناملىق كىتابتىن پارچە)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يېقىندا يازغۇچى تۇرسۇن ياسىننىڭ «سادىر پالۋان ھەققىدە ھېكايە» ناملىق كىتابىنى نەشرگە بەردى، پات ئارىدا كىتابخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا مەزكۇر كىتابتىن پارچە تونۇشتۇردۇق.

— تەھرىردىن.

## پالۋاننىڭ مەردلىكى

«ئىككى مىڭ چېرىك چىقتى،
مىنگەن ئاتلىرى قاشقا.
چېرىك ئاتىدۇ تاشقا،
سادىر ئاتىدۇ باشقا.»

(«سادىر پالۋان قوشاقلىرى» دىن)

— قازانچىدىن ئامان - ئېسەن قېچىپ چىققان چېرىكلەر ئۇدۇل كۇرەگە بېرىپ توختىدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى يىرتىلغان، يۈز - كۆزىنى چاڭ - توپا باسقانىدى، بەزىلەرنىڭ يۈزلىرىدە قىپقىزىل قان قېتىپ قالغانىدى. قولىدىن، پۇتىدىن ئايرىلغانلارمۇ كۆزگە كۆپ چېلىقاتتى. كۇرەدىكى ئەمەلدارلار ۋە بايلار بۇ بىتچىت بولغان قوشۇننىڭ خاراب ھالىتىنى كۆرۈپ ساراسىمىگە چۈشۈشتى. جاڭجۇن مىڭ رۇيجيەنمۇ ھۇزۇرىغا ئۈمىد بىلەن كىرىپ كەلگەن سالدىنىڭ قورقۇپ تۇرۇپ ئېيتقان مەلۇماتىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ قوللىرىنى كەينىگە تۇتقان پېتى خېلىغىچە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈردى. قازانچىدىكى ئۇنجى ئېلىشىشتا ئەللىكتەك چېرىكنىڭ ئۆلگىنىنى يەتمىگەندەك، ئى-

شەنگەن ئەمەلدارىنىڭ شۇنچە ئەسكەرنى كەينىگە سېلىپ قېچىپ كەلگىنى ئۇنىڭغا ئەلەم قىلىپ، دەرغەزەپكە كەلتۈرگەنىدى. ئۇ سالدىغا ئىشەنگەنىدى. يەنە ئۇنىڭ: «جاڭجۇن جانابلىرى، قاچاقلارنى يوق قىلدۇق، ئىلىدىكى ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى كېسىپ تاشلىدۇق» دەپ مەلۇمات يوللىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى. ئەمما غەلىبە خەۋىرى ئورنىغا شەرمەندىلەرچە قاچقانلىق خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. «قازانچىدىكى قاچاقلارغا ئىككى يۈز چېرىكنىڭ تەڭ كېلەلمىگەنلىكىگە قارىغاندا، ئۇ يەردە ئادەم ناھايىتى كۆپ، ئىش باشقىچە ئوخشايدۇ. ئۇلارغا سەل قاراشقا بولمىغۇدەك» دەپ ئويلىغان جاڭجۇن سالدىنى «يارىماس، نان قېپى» دەپ تىللاشتىن ۋە «ئۇنى زىندانغا تاشلانسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلىشتىن تىلىنى تىيدى... بۇ مەغلۇبىيەت خەۋىرى بېيجىڭغا — خاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، ئۇنىڭ كۆرەدە جاڭجۇن بولۇپ تۇرالىشىمۇ ناتايىن بولۇپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

مىڭ جاڭجۇن ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، بۇ مەغلۇبىيەت خەۋىرى خاننىڭ قۇلىقىغا يېتىشتىن بۇرۇن، قازانچىغا چېرىكنى كۆچەيتىپ ئەۋەتىپ، «قاچاقلار» نى تەلتۆكۈس يوقىتىش ۋە بۇ ئىشنى يەنە سالدىغا تاپشۇرۇش قارارىغا كەلدى. سالدى تەجرىبىلىك ئىدى. جاڭجۇن ئۇنى ئۆزىگە ناھايىتى سادىق دەپ ئويلايتتى ۋە ئۇنى قاچاقلارنى باستۇرۇشقا يەنە ئەۋەتسەم بۇ قېتىمقى سەتچىلىكنى يۇيۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ياخشى سوقۇشىدۇ، دەپ قارايتتى.

مەن ساڭا يەنە ئەسكەر چىقىرىپ بېرىمەن، — دېدى ئۇ سالدىغا قاپىقىنى تۈرۈپ سۆزلەپ، — قاچاقلارنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن يوقىتىشىڭ كېرەك. ھېلىقى سادىر دېگەننىڭكىنى تىرىك تۇت... ئېسىڭدە بولسۇن، يەنە يېڭىلدىم دەپ كېلىدىغان بولساڭ، كاللاڭ ئېلىنىدۇ.

— جە، — دېدى سالدى قوللۇق بىلدۈرۈپ ئېگىلىپ.

ئىلى جاڭجۇن مەھكىمىسىدىكىلەر بىرنەچچە كۈن بولغۇسى ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشتى. سېرىق تۇغلۇق قوشۇندىن بىرى، ئاق تۇغلۇق قوشۇندىن بىرى، يەنە ئىككى مىڭ چېرىك ئاجرىتىلىپ، سالدىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. سېرىق تۇغلۇق قوشۇن ساپ مانجۇلاردىن تەشكىل تاپقانىدى. ئۇ جاڭجۇن كۆرەگە ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن مەخسۇس قوشۇنىدى. بۇ قوشۇندا ئون زەمبىرەك، 50 تەيپۇ (چوڭ ئوقلۇق مىلتىق) بولغاندىن تاشقىرى، ھەر بىر چېرىكتە بىردىن مىلتىق، بىردىن قىلىچ بار ئىدى. ئىشەنچلىك ۋە كۈچلۈك ھېسابلىنىدىغان بۇ قوشۇندىكى باشلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئالتە شەھەر تەرەپلەردىكى خەلق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر بولۇپ، تەجرىبىلىك ۋە قاتتىق قول كىشىلەر ئىدى. ئاق تۇغلۇق قوشۇن موڭغۇل، شىۋە، سولۇنغا ئوخشاش مانجۇلارغا يېقىن دەپ قارالغان مىللەتلەردىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلاردىن تەشكىل تاپقانىدى.

بۇ ئىككى قوشۇندىن باشقا يەنە «ئالاقىغا» لارمۇ بۇ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلىدىغان بولدى. بۇلارغا رۇستە باشلىق قىلىپ تەيىنلەندى. جاڭجۇننىڭ «ئالاقىغىلار» نى

بۇ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشتا، ئۇلارنى ئىككى قوشۇننىڭ ئالدىدا ماڭدۇرۇش غەرىزى بار ئىدى. ئۇلار ئالدىدا ماڭسا «قاچاقلار»نىڭ ئوقلىرى ئاۋۋال شۇلارغا تېگەتتى، ئۆلسە شۇلار ئۆلەتتى، يەنى چېرىكلەردىن چىقىم ئاز بولاتتى. بۇ ئۇستىلىق بىلەن ئويلاپ چىقىلغان ھىلە ئىدى.

1823 - يىلى ئاخىرقى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سالدى قوماندانلىقىدىكى چوڭ قوشۇن كۈرەدىن يولغا چىقتى. بۇ قوشۇننىڭ يېرىمى ئاتلىق، يېرىمى پىيادە ئىدى. ئاتلارغا زەمبىرەكلەرنى سۆرەتكەن ھالدا قوشۇن چاڭ توزىتىپ كېلەتتى. بىر تاللا قىلىپ ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چاچ، ئاچىماق قارا قالپاق، ئۇزۇن پېرىجە ئۇستىدىن قارا پارقىراق رەختتىن تىكىلگەن پىنجەك كىيگەن چېرىكلەرنىڭ مېڭىشى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇلار قېلىن چەملىك، كالتە قونجىلىق ئۆتۈك كىيىشكەنىدى.

ئۇلارنىڭ ئالدىدا رۇستەنىڭ «ئالا تاغىلىرى» كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ كىيگەنلىرىمۇ ئۆزگىچە — قارا جىيەكلىك ئاق مالخاي، ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك، ئۇستىدىن قارا كالتە يەكتەك كىيىپ، ئالقاندەك كەڭلىكتىكى تاسما بىلەن بەللىرىنى باغلىغانىدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى مىسكىن، كۆزلىرى نېمىدىندۇر چۆچۈگەندەك چەكچەيگەنىدى. قېلىن چەملىك ئۆتۈك كىيگەن پىيادىلارنىڭ چاڭ توزىتىپ، گۈپۈلدىتىپ دەسسەپ مېڭىشلىرى، ئاتلىق سۆرىگەن زەمبىرەكلەر، قىلىچ - مىلتىقلارنىڭ پارقىراشلىرى ... كۈرەدىن غۇلجا شەھىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يېزىلارنى ۋەھىمىگە چۆمدۈردى. دېھقانلار دەرۋازىدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇلار دەرۋازىنىڭ يوچۇقلىرىدىن، پاكار تاملاردىن، دوقمۇشلاردىن چۆچۈپ مارىشاتتى.

«قاچاقلار»نى باستۇرۇشقا چىققان چېرىكلەر بىرىنچى كۈنى خۇپتەن ۋاقتىدا غۇلجا شەھىرىنىڭ كۈرە دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلدى. شەھەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى سەھەردە يەنە يولغا چىقتى ۋە قازانچى غولىنىڭ ئېغىزىغا بېرىپ توختاشتى. كەچ بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا سالدى چېرىكلىرىگە شۇ يەردە قونۇشقا بۇيرۇق قىلدى، بىر قىسىم چېرىكلەرنى چارلاشقا چىقاردى، گۈلخانلار يېقىلدى، يول يۈرۈپ ھارغان چېرىكلەر قورساقلىرىنى تويغۇزۇشقاندىن كېيىن، گۈلخان ئەتراپىدا سوزۇلۇپ يېتىشتى. كۆپ ئۆتمەي تەرەپ - تەرەپتىن خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلاندى. سالدى بولغۇسى ئۇرۇش توغرىسىدا ئۇزاق ئويلىنىپ، ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆككەندە ياتتى.

سالدىنى سەھەرگە يېقىن چارلاشقا چىقىرىلغان چېرىكلەر باشلىقى ئويغاتتى. ئۆزىنى بۇنچە بىمەھەل ئويغىتىشتىن ئەجەبلىنىپ، چۆچۈپ ئويغانغان سالدى ۋارقىرىدى:

— نېمە بولدى؟

— جانابلىرى، بىز ئايالنى تۇتۇۋالدۇق ... ئاتلىق كېلىۋاتقانىكەن: «توختا!» دېسەك قاچتى، قوغلىساق، بوي بەرمەي، بىز بىلەن قىلىچلاشتى. چېرىكىمىزدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇ قاچاقلارنىڭ مۇھىم ئادىمىدەك قىلىدۇ ... شۇڭا ئالدىراپ ھوزۇرلىرىغا مەلۇم قىلىپ كىرىشىم، — دېدى چارلىغۇچى چېرىكلەر باشلىقى.

قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ كىندىيىپ تۇرغان سالدى ئويلىنىپ قالدى. كېيىن بۇي-

www.nurkitap.com

رۇق قىلدى:

— ئۇنى بۇياققا كەلتۈر!

چارلىغۇچى چېرىكلەر باشلىقى چىقىپ كېتىپ، سالدىنىڭ شام غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان چېدىرىغا بىر ئۇيغۇر ئايالنى باشلاپ كىردى. غۇۋا قاراڭغۇدا ئۇنىڭ ھالقىسى پارقىراپ، كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى چاقناپ تۇراتتى. سالدى ئۇ ئايالغا يېقىنلاپ كېلىپ سەپسالدى، ئۇ ياش چوكان ئىدى. «شۇنچە ياش تۇرۇپ، ئۇنى قاچاقلارغا قوشۇلۇشقا نېمە مەجبۇر قىلدىكىن؟ ...» سالدى چوكانغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قالدى ۋە ئۇيغۇرچىنى بۇزۇپ سۆزلەپ سورىدى:

— مەن سورايدۇ، سەن دەيدۇ ... كىم؟

ئايال ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىگەندەك ئۈنچىقمىدى، پەقەت غەزەپلىك كۆزلىرىنى مىختەك تىكىپ قاراپ تۇردى. سالدى سوئالىنى يەنە تەكرارلىدى، يەنە جاۋاب بولمىدى. ئاخىرى ئۇ چېرىكلەردىن بىرىنى رۇستەمنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئالدىدىكى ئايالنى ئېلىپ چىقىپ، دەرەخكە باغلاشقا بۇيرۇدى.

سالدى چېدىردىن چىقىپ، يېقىندىكى گۈلخاننىڭ يېنىغا بېرىپ قاپقارا كۆرۈنۈپ تۇرغان جىلغا تەرەپكە قارىدى. بىر چاغدا رۇستەمنىڭ پايپاسلاپ ماڭغان تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇ يېتىپ كېلىپ، سالدىدىن ئونبەش قەدەم نېرىدا تىزلاندى - دە، مانجۇ تىلىدا دېدى:

— جانابلىرى، خىزمەتلىرىگە تەييارمەن!

سالدى گۈلخان يېنىدىكى دەرەخكە باغلاپ قويۇلغان قارا گەۋدىنى رۇستەمگە تومشۇقى بىلەن ئىشارەت قىلدى:

— ئۇنىڭ كىملىكىنى، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورا...

— خوپ جانابلىرى...

رۇستەم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ باغلاپ قويۇلغان چوكاننىڭ ئالدىغا باردى - دە، قاراپ تۇرۇپلا قالدى. باغلانغان چوكان ھېمىدەم ئىدى. ئۇ زىلۋاغىنا كەلگەن بولۇپ، ئىككى ئۆرۈم چېچى تىقىمىغا چۈشۈپ تۇراتتى، تال - تال كىرپىك، قەلەم قاشلىق جامالى ئاينى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ كونا كۆيۈك دەردى يەنە قوزغالدى. گويا يۈرىكىگە قايتىدىن ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. مۇمكىن بولسا ئىدى، ئۇ ھېمىدەمنى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، يىراقلارغا ئاپىرىپ كەلسە ... سالدى ئۇنىڭ شىرىن خىيالىنى بۆلۈپ ۋارقىرىدى:

— سورا، ئۇ كىم؟

— ھېمىدەم ... سادىرنىڭ ئايالى ... — دېدى مەڭدەپ كەتكەن رۇستەم تىلىنى چايناپ.

— سادىرنىڭ ئايالى دەمسىنا؟ — دېدى سالدىمۇ ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك.

— ھە، ھېمىدەم...

تۇتۇلغاندىن بېرى ئۈنچىقمىغان ھېمىدەمنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى رۇستەمنى ئېغىز

ئاچۇرمىدى.

— ھۆي، ئەس باسقان خائىن، لالما!...

باغلاقلىق چوكان سادىرنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى بىلگەن سالدى شۇ مىنۇتتا بىر شۇمالۇقنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆز خىيالىدىن ئۆزى خۇشال بولۇپ ھىجىيىپ كەتتى-دە، ئەتراپتىكىلەرگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ پىچىرلىدى:

— بۇ گۈزەل ئولجىنىڭ قولغا چۈشكىنىمۇ ياخشى بولدى. ئەتىكى جەڭدە كىم سادىرنى تۇتۇپ خىزمەت كۆرسەتسە، بۇ گۈزەلنى شۇنىڭغا بېرىمەن...

ئىككى مىڭچە چېرىك ئۆزلىرىنى باستۇرۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان سادىر مامۇت ئاكا قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاياللار، باللار ۋە كاسىپلارنى جىلغىنىڭ خىلۋەت ئۆڭكۈرىگە يۆتكىمەكچى بولدى. مامۇت ئاكا بۇ ئىشقا باش بولدى. ئەمما ھەمدەم سادىردىن ئايرىلىشقا ئۇنىمىدى. مامۇت ئاكا شۇنچە دېسىمۇ، ئۇ:

— مەن سادىردىن ئايرىلىپ ھېچيەرگە بارمايمەن، ئۇنىڭ يېنىدا بولىمەن!— دەيتتى.

لېكىن، مامۇت ئاكا ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي، غارغا ئېلىپ كەتتى. بۇنىڭدىن خاپا بولغان ھەمدەم ئۇنچىقماي قويدى. پەقەت سەھەرگە يېقىن ئوغلى ئىگەمقۇلنى يەنە بىر ئايالغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، مامۇت ئاكىدىن يوشۇرۇنچە سادىرلار بار يەرگە قاراپ ئاتلاندى، لېكىن ئۇ قاراڭغۇدا يولدىن ئېزىپ كېتىپ، چارلاشقا چىققان چېرىكلەرگە يولۇقۇپ قالغانىدى...

چېرىكلەر تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن قوزغالدى. قوللىرى ماتاغلىق ھەمدەمنى پىيادە چېرىكلەرنىڭ — ئاق تۇغلۇقلارنىڭ ئارىسىدا ھەيدەپ ماڭدى.

* *

ئىلى جاڭجۈنى قازانچىدىكىلەرنى باستۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن چېرىك چىقارغانلىق خەۋىرىنى چېرىكلەر غۇلجا شەھىرىدە قونغان كېچىسىلا شەھەرگە چۈشۈپ چىققان نىيازلار ① ئېلىپ چىققانىدى. خەۋەرلەر ۋەھىمىلىك ئىدى. قازانچىدا چوڭ قىرغىنچىلىق بولىدىغانلىقىنى ھەر بىر نىيازنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى. ئانىلار، باللار ۋە كاسىپلار خىلۋەت ئۆڭكۈرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، لېكىن باستۇرۇشقا چىققان شۇنچە كۆپ چېرىكلەر بىلەن ئېلىشىش كېرەكمۇ-يوق، دېگەن سوئالغا ياخشىراق جاۋاب تاپقىلى بولمىدى. ئاخشام چارلاشقا چىققان نىيازلارمۇ غۇلنىڭ ئاغزىغا بەك نۇرغۇن چېرىكلەر كېلىپ چۈشۈپتۇ، دېگەن كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرنى ئېلىپ كەلدى. سادىر يېقىنلىرىنى يىغىپ كېڭەشسىمۇ بۇ سوئالغا كۆڭۈلدىكىدەك جاۋاب تاپالمىدى. قەيسەرگە ئوخشاش مىجەزى ئىتتىكلەر «چېكىنگىچە چېرىكلەر بىلەن ئېلىشىش كېرەك» دېگەن گەپتە چىڭ تۇراتتى، باشقىلار بولسا، «چېكىنىش كېرەك» دەيتتى، «تەرەپ-تەرەپكە تاراپ كېتەيلى» دېگۈچىلەرمۇ بار ئىدى.

① سادىر بىلەن بىللە قېچىپ چىققان ئىسيانچىلارنى خەلق نىيازلار، دەپ ئاتىغان.

www.uyghurkitap.com



قازانچىدا قېچىپ يۈرگەنلەر ئىككى يۈزگىمۇ يەتمەيتتى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە قورال يوق ئىدى، لېكىن بۇلاردىن نەچچە ھەسسە كۆپ دۈشمەندە بولسا، زەمبىرەككە ئوخشاش ئېغىر قوراللار بار ئىدى. نىيازلار ئۇلار بىلەن ئېلىشسا، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەندەك قارالىق بولاتتى، بۇنى سادىر چۈشىنەتتى. ئەمما ئۇ، چېكىنىۋېرىشىمۇ ياخشى ئىش ئەمەس، دەپ ئويلايتتى. چېرىكلەرنىڭ ئالدىدا «ئالا قاغىلار» دېيىلگەنلەرنىڭ بارلىقى ئۇنىڭ ئويلىرىنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈرەتتى. ئەگەر نىيازلار چېرىكلەر بىلەن ئېلىشسا، ئالدى بىلەن ئاشۇ «ئالا قاغىلار» ئۆلىدۇ، ئۇلارنى ئاتمىساڭ، ئۇلار سېنى مەجبۇرى ئاتىدۇ...

سادىر ئويان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ، ھازىرچە چېرىكلەر بىلەن ئۇچراشماي تۇرۇشنى، ئۆزى بىر نەچچە يىگىتنى باشلاپ بېرىپ، كېچىدە ئۈگۈدىكى ئالتۇن-كۈمۈش ساقلىنىدىغان ئامبارغا تېگىشنى قارار قىلدى. ئۇ، شۇنداق قىلساق، مەنچىڭ چېرىكلىرى خەزىنە ئامبىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كەينىگە قايتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. سادىر يېقىنلىرىغا بۇ ئويىنى ئېيتتى، ئۇلارمۇ قوشۇلدى.

چېرىكلەر قازانچىغا كىرگەن كۈنى سادىر ھەيدەر باشلىق ئون ئاتلىق يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ تاغ ئاتلاپ ئۆتۈپ باشقا بىر جىلغىغا چۈشتى ۋە ئېغىر ئەلياتقۇ ۋاقتىدا ئۈگۈگە يېتىپ باردى.

جاچىڭ (1) نىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئۈگۈگە ھەربىي ئامبار سېلىنغانىدى. ئۇ يەردە ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ ئالتۇن-كۈمۈشلىرىمۇ ساقلىناتتى. لەڭ (غەللە-پاراق) يىغقۇچى، ئۆي-ئىملەت سالدۇرغۇچى ئەمەلدارلارمۇ شۇ يەردە تۇراتتى. ئۇ يەرنى ساقلىغۇچى چېرىكلەرمۇ كۆپ ئىدى؛ ئۇلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى بىلەن ئامبارلار سېپىلدەك ئېگىز تام بىلەن قورشىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تىرناق ئۆستەڭ كۆۋرۈكى بار ئىدى.

سادىر ھەمراھلىرى بىلەن كۆۋرۈكنىڭ باش تەرىپىدە مۆكۈنۈپ يېتىپ، ئالدى تەرەپنى كۆزەتتى: ئۇدۇلدىكى يوغان قارا دەرۋازىغا ئېسىقلىق پانۇس سۇس يورۇپ تۇراتتى، دەرۋازا ئالدىدا ئىككى چېرىك ئويان-بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى.

— سىلەر مۇشۇ جايدا قاراپ تۇرۇڭلار، — دېدى سادىر ئەتراپىدىكىلەرگە پىچىرلاپ سۆزلەپ، — مەن ئۇياققا ئۆتۈپ ئىككى چېرىكنى ئۆلتۈرۈپ كېلىمەن. سىلەر بېرىپ، دەرۋازىدا كۆزەتتە تۇرسىلەر، كېيىن مەن ئىچكىرى كىرىپ، ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى ئېلىپ چىقىمەن. ئۇنىڭ نەدىلىكىنى مەن ياخشى بىلىمەن. ئالتۇن-كۈمۈش خەزىنىچىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ.

— بۇ يەرلەردە نېمىلەر بارلىقىنى سەن قاچاندا بىلىۋالغان؟ — سورىدى نىيازلاردىن بىرى.

— بىرىنچى قېتىم يامۇلدا يېتىپ چىققاندا، لەندۇ دېگەن مانجۇ خورجاننىڭ ئۆيىدە جۇۋازچىلىق قىلغانىدىم، — دېدى سادىر، — خورجا بۇ يەرگە مەندىن پات-پات ماي ئەۋەتەتتى. شۇ چاغدا ھەممىنى كۆرۈۋالغان. خەزىنىچىنىڭ ئۆيىگىمۇ نەچچە قېتىم كىرگەن-

(1) جاچىڭ — چىڭ سۇلالىسىنىڭ يەتتىنچى پادىشاھى بولۇپ، 1796 - يىلىدىن 1820 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

مەن. ئۇنىڭ خوتۇن-بالىلىرى ئۆز يۇرتىدا قالغان. ئۇنىڭغا يوغان مۈشۈكلا ھەمراھ بولىدۇ. خەزىنىچى ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ھەتتا ئاچقۇچلارنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدۇ... لەندۇ خورجانىڭ شاتۇ دەيدىغان بىر چىرايلىق قىزى بار ئىدى. خەزىنىچى شۇنىڭ پېيىدا يۈرەتتى. كېيىن شۇ قىزنى ماڭا ھەدىيە قىلمىدىڭ، دەپ لەندۇ بىلەن رەنجىشىپ قالغان.

سادىر قازانچىدىن يولغا چىقاردا يوغان قارا ئىت تېرىسىنى ئېلىۋالغانىدى. ئۇنى ئۈستىگە يېپىپ، ئالدى پۇت قىسمىنى قوللىرىغا، كەينى پۇت قىسمىنى پۇتلىرىغا ئاندا-مۇندا چىگىپ، ئىت قىياپىتىگە كىردى-دە، كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. ئۇنى كۆرگەن چېرىكلەر ۋارقىرىدى:

— كىم؟

ھېچبىر سادا بولمىدى. چېرىكلەر سەپ سېلىپ قارىسا، كۆزلىرىگە قارا ئىت كۆرۈندى، ئەمما ئۇ شۇنداق يوغان ئىدىكى، ئۇلار ئۆز كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي، قورقۇنچقا چۈشتى... سادىر كۆۋرۈكتىن چاندۇرماستىن ئۆتۈپ، ئوڭ تەرەپكە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ يوقالدى. ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمىگەنىدى، «قارا ئىت» دەرۋازا ئالدىدا قايتا پەيدا بولدى-دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا ئىككى چېرىككە خەنجەر سېلىپ ئۈجۈقتۇردى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان ھەيدەر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى دەرۋازا ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى.

— ئىككىڭلار بۇلارنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ دەرۋازىدا كۆزەتتە تۇرۇڭلار!— دېدى سادىر ئۇلارغا چېرىكلەرنىڭ جەسەتلىرىنى كۆرسىتىپ، — قالغانلار يوشۇرۇنۇپ تۇرۇڭلار، مەن كىرىپ خەزىنىنى ئېلىپ چىقاي...

ئىت تېرىسىنى سېلىپ تاشلىغان سادىر ئاۋايلاپ يۈرۈپ كەتتى. قاپقاراڭغۇ، ھەممە شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى. ئىزغىرىن شامال يېنىك ئۇرۇپ تۇراتتى، قەيەردىدۇر ئىت قاۋايتتى. دەرۋازا تۈۋىدە قالغانلار ئەتراپقا ئەندىشە بىلەن قارايتتى. قەيەردىندۇ مىلتىق ئېتىلغاندەك ياكى كىمدۇ بىرى ۋارقىرايدىغاندەك بىلىنەتتى، ئەمما ئەتراپ ھامان جىمجىتلىق ئىدى، تاكى سادىر ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى يۈدۈپ چىققۇچە غەيرىي تىۋىش ئاڭلانمىدى.

ئۇلار كەلگەن يولى بىلەن قايتتى ۋە قازانچىغا كۈن بىلەن تەڭ يېتىپ باردى-دە، دەھشەتلىك بىر ھالەتنى كۆرۈشتى، جىلغىدا قالغانلار بۇرۇنقى ئورنىدىن كۆپ ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنىدى. سادىر ئۇلار بىلەن خوشلاشقان جايدا چېرىكلەر چۆمۈلىدەك مىغىلداپ يۈرەتتى. زەمبىرەكلەرنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

سادىر ھەمراھلىرىنى باشلاپ، قېلىن ئورمانلىق ئىچى بىلەن يۇقىرىلاپ يۈرۈپ كەتتى: تۈنۈگۈندىن بېرى ئارام ئالمىغان ئاتلار ھېرىپ كەتكەنىدى. ئورماننىڭ قېلىنلىقى ئۇلارنىڭ يۈرۈشىنى قىيىنلاشتۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇچۇقچىلىققا چىقىشقا بولمايتتى، ئەگەر دۈشمەنلەر ئۇلارنى كۆرۈپلا قالسا، ئامان قويمايتتى. ئۇلار مىڭ جاپادا كەچكە يېقىن چېكىنىپ كېتىۋاتقان نىيازلارغا يېتىشىۋالدى.

نىيازلار تۈنۈگۈندىن بېرى چېرىكلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. شۇنىڭدىمۇ تا-
لايەت خېلى ئېغىر بولدى: ئۇلار يىتىراپ كەتتى. ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلارنىڭ
سانى خېلىغا يەتتى. ياۋنىڭ ئەلپازى ناھايىتى ياماندى. زەمبىرەكلەر گۈمبۈرلەپ ئېتى-
لىپ تۇراتتى، مىلتىق ئوقلىرى ۋىژىلدايتتى. دۈشمەن گويا قازانچىنى تۈپتۈز قىلىۋېتى-
دىغاندەك ھەيۋە بىلەن بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. سادىر قەيسەرنىڭ تۈنۈگۈندىن بېرىقى
ئەھۋال ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى. «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟»
سادىر ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ تۇرغانلارغا قارىدى. ھەممە كىشىنىڭ قاپىقى چۈ-
شۈپ كەتكەنىدى، ماتۇت ئاكىنىڭ چىرايى قارىداپ كەتكەن، ئۇ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ
ئازابلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، باشقىلارمۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشاتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئەھ-
ۋال خەتەرلىك ئىدى. ئەگەر ئۇلار چېكىنىۋەرسە، جىلغىنىڭ بېشىغا بارغاندا، چېرىكلەر
قويماي قىرىپ تاشلىشى كۆرۈنۈپلا تۇرغان ئىش ئىدى.

سادىر ئۇزاق ئويلاندى، ئاخىرى بۈگۈن كېچىنى بىر ئامال قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى كۆڭ-
لىگە پۈكتى. «خەزىنىنى يۆتكىگەنلىكىمىزنىڭ خەۋىرى كۆرەگە يەتسە، بەلكىم جاڭجۈن بىز-
نى باشقا يەرگە كەتتى دەپ ئويلاپ، بۇ يەردىكى چېرىكلەرنى قايتۇرۇپ كېتىپ، بىزنى
قوغلاشقا ئەمىر قىلار...» دەپ ئويلىدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، نىيازلارنى ئورۇنسىز ئۆ-
لۈمدىن ساقلاپ قالىدىغان باشقا ئامال تاپماي بولمايتتى. سادىر ئورماننىڭ قويۇق يېرى-
گە چېكىنىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. باشقىلار ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلدى.

ئاز ئۆتمەي جىلغىنى قاراڭغۇلۇق باستى. زەمبىرەك ئاۋازىمۇ بېسىلدى، مىلتىقلار-
مۇ جىمىپ قالدى، ئەمما چېرىكلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى چاقىرىپ ۋارقىراشلىرى يېقىندىلا يەر-
دىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھاۋا سوغۇق ئىدى. نىيازلار ئۇستىباشلىرى يېپىلىك بولغاچقا،
كېچىچە توڭۇپ، تىترەپ چىقىشتى، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بۇ بىچارىلەرنى ئاچلىقمۇ
ئازابلايتتى. ئۇلار مىڭ تەستە تاڭ ئاتقۇزۇشتى.

سادىر كۈننىڭ چىقىشىنى، ياۋنىڭ قايتىپ كەتكىنىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدى.
ئەپسۇسكى، كۈن بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ يەنە ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بول-
دى. چېرىكلەر ھەر بىر دەرەخنىڭ ئۈچىنى، ئازگاللارنى ئالا قويماي ئاختۇراتتى. ئۇلار
«قاچاقلار» نىڭ بىرىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماسلىققا ئەھدە قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەھۋال-
نىڭ بارغانسېرى چاتاق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن سادىردا بىر ئوي پەيدا بول-
دى: ئۇ ھەمراھلىرىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ قالتىس ياخشى ئامالىنى تاپقانىدى.

* *

چېرىكلەرمۇ تۈن بويى كۆز يۇمالمىدى. جىلغا ئىچىنى قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇق
باسقانىدى. ھەممە نەرسە بىر تۇتاش قاپقاراڭغۇ، گويا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە داشقازان دۈم
كۆمتۈرۈلگەندەك تۇيۇلاتتى ۋە ئەتراپنى قاچقۇنلار ئوراپ ئالغاندەك كۆرۈنەتتى. تۈنۈ-
گۈندىن بېرى ئۇلارغا بىرمۇ «قاچقۇن» ئۇچرىمىدى، ئەمما توپتىن ئايرىلغان چېرىكلەر-
دىن بىر نەچچىسىنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا بولغانىدى. بۇ قاراڭغۇ كېچىدىمۇ «قاچقۇنلار»

قەيەردىدۇر چېرىكلەرنى سەزدۇرمەي ئۆلتۈرۈۋاتقانلىدەك سېزىلىپ، تۈن تېخىمۇ سۈرلۈك بولۇپ كۆرۈنەتتى. جىلغىنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇرغان دەرەخلەر تۈۋىدىن «قاچقۇنلار» ھازىرلا ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك، كۆكرەكلىرىگە خەنجەر سالىدىغاندەك بىلىنەتتى. شۇڭا ئۇلار بىرەر يەردە دەرەخ شىلدىرلىسا، بىر توپ بولۇپ يۈگۈرۈپ بېرىشاتتى-دە، ھېچنەرسىنى كۆرەلمەي جايلىرىغا يېنىپ كېلىشەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چاناقلىرىدىن ھېلىلا چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ تۇراتتى، ھەممە نەرسىگە ۋەھىمە بىلەن تىكىلەتتى، ھەرقانداق شەپىگە شۈبھە بىلەن قۇلاق سالاتتى.

كۈن چىقا-چىقماستىن جىلغىدا كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن سالدىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ چېرىكلىرىنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق قىلدى. چېرىكلەر ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا زىر سىيەتتى. ئۇ كۆپلىگەن بىگۇناھلەر ئۇنىڭدىن — كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە كۆپ قېتىم قىلىچىدىكى قاننى يالىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ كۆزلىرى دائىم قىزىل قانغا تولۇپ تۇراتتى ۋە بەكمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ تۇرغان چېرىكلەر نائىلاج ئالغا قاراپ قىمىرلاشتى، ئەمما ئۇلارنى ئۇزۇپ-ئۇزۇپ ئېتىلغان ئەجەل ئوقلىرى كۈتۈۋالدى.

ياۋنى سانىغاندەك ئېتىپ، بىر ئوقتا بىر چېرىكنى يىقىتىۋاتقان كىشى سادىر ئىدى.

دۈشمەن چېرىكلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە كۆزى يەتمىگەن سادىر ھەمراھلىرىنىڭ چېكىنىپ باشقا جىلغىغا ئۆتۈپ كېتىشى لازىملىقىنى ئېيتتى:

— دۈشمەن پېيىمىزگە يامان چۈشۈۋالدى، — دېدى ئۇ ئۆزىگە بىر ئامالنى قىلساڭچۇ، دېگەندەك قاراپ تۇرغان ھەمراھلىرىغا قاراپ، — قېچىلۋەرسەك، بىزنى يەپ تۈگىتىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا سىلەر چېكىنىپ بېرىپ، باشقا جىلغىغا ئۆتۈپ كېتىڭلار.

— سەنچۇ؟

— سىز قانداق قىلىسىز؟

سادىرنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن ھەمراھلىرى تەرەپ-تەرەپتىن سوراشتى. سادىر كۈلۈپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— مەندىن غەم يېمەڭلار... ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرىمەن. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇلار مەن تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. سىلەر قېچىپ قۇتۇلغاندىن كېيىن، مەن بىر ئامالنى قىلىپ قۇتۇلىمەن.

ھەمراھلىرى قانداق قىلىمىز، دېگەندەك بىر-بىرىگە قاراشتى. سادىر ئۇلارنىڭ بۇ خەۋپلىك جايدىن كېتىشى كېرەكلىكىنى تەكرار ئېيتتى، دېمىسىمۇ قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن ياخشىراق يول يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىلاجىسىز قوزغىلىشتى. سادىرمۇ دۈشمەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى ۋە ئۇلارغا كۆرۈنمەستىن يېقىنلاپ بېرىپ، بىر قورام تاشنىڭ دالدىسىغا ئۆتتى-دە، كۆرۈنگەن دۈشمەننى سانىغاندەك بىر-بىرلەپ ئېتىشقا باشلىدى.

سالدى بىر خىل رىتىمدە ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قۇلىقىنى دىڭ قىلدى، ئۇ ئىشەنچلىك جايىنى دالدا قىلىپ تۇرغان قاچقۇنلاردىن بىرى مىلتىق ئېتىۋات-

قالىلىقىنى پەملىدى - دە، چېرىكلەرنى شۇ تەرەپكە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. ھەممە چېرىكنىڭ ئۆزى مۆكۈپ تۇرغان قورام تاش تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سادىر سەزدۇرمەستىن دالدىدىن دالدىغا يۆتكىلىپ، ئېگىزلىككە چىقىۋالدى. ئۇ يەردە قورام تاشلار كۆپ، ئالدى تەرەپ ئوچۇقچىلىق بولۇپ، دۈشمەننى چەنلەپ ئېتىشقا بەكمۇ قولايلىق ئىدى. ئۇ قارىسى كۆرۈنگەن دۈشمەننى چەنلەپ ئېتىشقا باشلىدى. ئۇ ئۇستا مەرگەنىدى، ئاتقان ئوقى زايا كەتمەيتتى، لېكىن چېرىكلەر ئاتقان ئوق قورام تاشلارغا تېگىپ قاڭقىپ كېتەتتى.

جەڭ سوزۇلماقتا ئىدى. چېرىكلەر ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىققا چىقىشتىن قورقۇپ قېلىشقانىدى. چۈنكى ئوچۇقچىلىققا چىققىنى دوملاپ چۈشۈۋاتاتتى، شۇڭا ئۇلار دەرەخلەر دالدىسىدا تۇرۇپ ئوق ئاتاتتى، لېكىن ئوقلىرىنىڭ تاشقا تېگىپ قاڭقىغىنىنى سېزىشەتتى. بۇ ھالدىن تېرىككەن سالدى بىر ئورۇندا تۇرالماي قالغانىدى. ئۇ زەمبىرەكچىلەرگە ئېگىزلىكنى توزلىۋېتىشكە بۇيرۇق قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى، رۇستە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى.

— جانابلىرى، — دېدى رۇستە مانجۇچە تېز - تېز سۆزلەپ، — ئۇ يەردىكى قاچاق سادىر ئىكەن ... ئۇنى كۆرۈپ قالدىم. سادىر ... نەق شۇ سادىر ... تونۇدۇم. ئەتراپتا باشقا قاچاق يوقتەك قىلىدۇ.

ئۇنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغان سالدى ئويلىنىپ قالدى. سادىرنى تىرىك تۇتۇشقا بۇنىڭدىن ياخشى پۇرسەت بولمايدۇ، دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى - دە، ئۇنى تىرىك تۇتۇپ، جاڭجۈننىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىشنى ئويلىدى. چۈنكى سادىرنى تىرىك تۇتقانلارغا ئىنئام بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا خېلى بۇرۇنلا ئېلان چىقىرىلغانىدى.

— ماڭ، ئالدىدىكىلەرگە بېرىپ ئېيت، ئۇنى تىرىك تۇتسۇن! — دېدى سالدى رۇستەگە.

سالدى قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن دەرەخكە مەھكەم چاپلىنىشىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان چېرىكلىرىنىڭ يېنىغا باردى ۋە بۇيرۇقنى تەكرارلىدى:

— ئۇنى تىرىك تۇتۇڭلار! بۇ قاچاقلار باشلىقىنى جاڭجۈننىڭ ئۆزىگە تاپشۇرىمىز. قېنى، ئالغا!

بىراق ئېگىزلىككە چىقىشقا جۈرئەت قىلىدىغان چېرىك چىقمىدى. چۈنكى ئۇلار سالدىنىڭ بۇيرۇقىدىن ئېگىزلىكتىكى قاچاقنىڭ سادىر ئىكەنلىكىنى بىلىشكەنىدى. سادىرنىڭ باتۇرلۇقىغا دائىر ھېكايىلار ھەممە يەرگە تارقالغانىدى. چېرىكلەر ئارىسىدا «سادىرغا ئوق ئۆتمەسمىش ...» دېگەندەك گەپ - سۆزلەرمۇ بار ئىدى، ئۇلار سادىرغا يولۇقۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشاتتى. ھېچكىمنىڭ ئورنىدىن قوزغالمىغانلىقىنى كۆرگەن سالدى يەنە ۋارقىرىدى:

— ئۇنى كىم تىرىك تۇتسا، ئاۋۇ باغلاقلىق چىرايلىق ئايالنى شۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ بېرىمەن، ئىنئام بېرىمەن، مەنسەپ بېرىمەن ... قېنى، كىم تۇتۇپ كېلىدۇ؟

بۇنىڭغىمۇ جاۋاب بەرگۈچى چىقمىدى. سالدى سېرىق تۇغلۇقلار قوشۇنىدىكىلەرگە ئىشەنمەيتتى، ئۇلارغا قاراپ چىقتى، لېكىن ھېچقايسىسى زۇۋان سۈرمىدى. ئۇ بۇ ھالدىن

تېرىكىپ تۇراتتى، ئاق تۇغلۇقلار قوشۇنىدىكى گۇلماڭا ئىسىملىك يىگىت:

— مەن تۇتىمەن، — دەپ بىر قەدەم ئالدىغا چىقتى.

گۇلماڭا شىۋە ئىدى. سادىرنى تۇتىدىغان ئادەمنىڭ سېرىق تۇغلۇقلار قوشۇنىدىكى مانجۇلاردىن ئەمەس، مانجۇ بولمىغان قوشۇندىن چىقىشى سالدىغا هاركەلدى. بىراق هازىر بۇنىڭ بىلەن هېسابلىشىپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇيرۇق قىلدى:

— بولدۇ. تۇت!

ئىككى قولىغا ئىككى قىلىچ ئالغان قارىمتۇق كەلگەن گۇلماڭا ئېگىزلىككە ئۆرلەشكە باشلىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭغا قارشى تەرەپتىن ئوق ئاتقۇچى بولمىدى.

سادىرنىڭ ئوقلىرى تۈگىگەن، مىلتىقى قىزىپ، ئېتىلماس هالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، هەمراهلىرىنى چېكىندۈرۈۋەتكىلىمۇ خېلى بولۇپ قالدى. ئۇلارنى خەۋپتىن قۇتۇلدى، دەپ ئويلىغان سادىر ئەمدى ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىشكە تەييار بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ ئىككى قىلىچ كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان يىگىتكە ئوق چىقارماي كۈتۈپ تۇردى.

گۇلماڭا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. سادىرمۇ مۆكۈنگەن يېرىدىن چىقىپ، قىلىچنى يالىڭاچلاپ تەييار بولۇپ تۇردى. قەهرۇ-غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن گۇلماڭا سادىرغا قارىتىپ قىلىچ ئۇردى. قىلىچۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. سادىر بىر قىلىچ بىلەن ئىككى قىلىچقا تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى. قىلىچلار قىلىچقا تېگەتتى. جاراڭلىغان سادا يىراقلارغا كېتەتتى. گۇلماڭا بەستلىك كەلگەن سادىرنىڭ ئالدىدا كىچىككىنە كۆرۈنەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ قىلىچنى كۈچ بىلەن ئۇراتتى. سادىرمۇ بوش كەلمەيتتى. ئاخىرى سادىر ئۇنىڭ بىر قىلىچىنى ئۇرۇپ چۈشۈردى. ئىككىنچى قىلىچمۇ كۆپ ئۆتمەي سۇنۇپ كەتتى. سادىر قىلىچنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ، قەددىنى رۇسلىدى-دە:

— قېنى، قولۇمنى باغلا! — دېدى.



# مەسەل، يۇمۇر، ساتىرا

جاپپار ئەمەت

## ئىسلاھاتچى تاشپاقا

باشلىق ئىدى ئىدارىگە تاشپاقا،
(مۇنداق دېسەم «تووا» دەپ تۇتماڭ ياقا.)
بولغاچ ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخى،
چېقىلمىدى تېخى مەنسەپ تاۋىقى.
تەجرىبىسى باردۇر يەنە بىر يۇرۇش،
بوقچىسىدا نەچچە خىل رەخت ۋە پۇرۇش،
ئۆزىگە خاس خىسلىتى بار، نامى بار،
ھەربىر ئىشتا پاراستى-پەمى بار.
ئۆگەنگەن ئۇ ھەر ئىشتا سالماق قەدەم،
ئېھتىياتچان بولۇشنى كۆپ مۇقەددەم.
تېنەپ قالماس شۇڭا جىددىي ئىشلاردا،
مەيلى باھار، مەيلى ياز ۋە قىشلاردا.
باسار بىر خىل قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەپ،
كەتمەس ھەرگىز چاقماق كەبى گۈل-دۈرلەپ.

ھەر بىر ئىشتا يۇقىرىغا باقار ئۇ،
سۇ قاياقتا ئاقسا، شۇنداق ئاقار ئۇ.
بىلگەچ پۇختا ئىشنىڭ ئېپى-جېپىنى،
چاللايدۇ ھەر چاغ ياڭراق دېپىنى.
ئىزلەپ كەلسە چىقمايدۇ چوك ئۇتۇقى،
دائىم بىر خىل تۇرغاچ ئۇنىڭ ئۇپۇقى.
كەمچىلىكى بولسىمۇ ئانچە-مۇنچە،
خاتالىقى يوقتۇر ئۇنىڭ ھېچقانچە.

ھەر بىر ئىشنى مىسقال بىلەن سەرلەيدۇ،
ئۇنى كىممۇ يامان باشلىق دەلەيدۇ!

ئەمدى سۆزنى ھازىرقىدىن باشلايلى،
ۋاقىت قىسقا، ئۇزۇن گەپنى تاشلايلى.
قويۇلغاندا ئىسلاھاتنىڭ شوئارى،
يەتكۈزۈلۈپ پارتىيىنىڭ قارارى،
بىرىنچى بوپ چىقىپ سەپنىڭ ئالدىغا،
ئاۋاز قوشۇپ سۆز باشلىدى تاشپاقا:
«ۋىجدان بىلەن جاكالايمەن مەن شۇنى،
قارشى ئېلىپ ئىسلاھات قەدىمىنى،
قەتئىي، ئىزچىل ئېغىشماستىن ياقلايمەن،
ھەم ئەمەلدە بۇ سۆزۈمنى ئاقلايمەن!»
شۇندىن بۇيان تاشپاقىنىڭ كۆڭلى خۇش،
غەيرىتىمۇ بارغانسېرى ئۇردى جۇش.
سىزلەپ كەلدى ھەر تەرەپتە ئىسلاھات—
توغرىسىدا، قىلىپ كۆپلەپ ئىجتىھات.
يۇقىرىدا بولۇپ ئۆتسە گەر يىغىن،
يەتكۈزۈلۈپ ئىسلاھاتنىڭ روھىدىن،
ياكى كېلىپ قالسا مۇھىم بىر ھۆججەت،
ئوقۇپ چىقىپ ئۇنى شۇ كۈن نەچچە رەت،
ئەتىسىگە كۆپچىلىككە يەتكۈزەر،
يولىيورۇقنى ئىدىيىدىن ئۆتكۈزەر.

بىرىپ يەنە بىرقانچە خىل چاقىرىق،
«لازىم»، «كېرەك» سۆزلىرىدىن ھايقىرىق،
ۋەزىپىمنى ئورۇندىغان بولار ئۇ،
ھۇزۇرلىنىپ، خۇشاللىققا تولار ئۇ.
مانا ئۇنىڭ ۋاقتىمۇ زىچ بوپ كەتتى،
بۇگۈن يەنە بىر يىغىنغا ئەپكەتتى.
تونۇگۈنكى يىغىن روھى تېخىچە،
يەتكۈزۈلمەي ئۆز پېتىچە قېپكەتتى.
ئەنە شۇنداق ئالدىراشلىق ئىچىدە،
خاھى كۈندۈز، خاھى ئاخشام - كېچىدە،
ۋاقىت يوقتۇر تاشپاقىغا ئويلاشقا،
يېڭى خىزمەت يوللىرىنى بويلاشقا.

مانا قاراڭ، نەچچە باھار، قىش ئۆتتى،
باشقا جايدا قانچە ئۇلۇغ ئىش ئۆتتى.
لېكىن تېخى بۇ ئورۇندا ھەممە ئىش
ئۆز پېتىچە تۇرۇپ كەلدى يازۇ - قىش.
كونا ئادەت، كونا رامكا ئۆز پېتى
بولۇپ كەلدى ئىدارىنىڭ ئۆلپىتى.
ئىشلىگەنلەر خۇددى قولدەك ئىشلەيدۇ،
ئوينىغانلار كۈندە ئاۋات چىشلەيدۇ.
كەسپىي ئىشنى ئىشلەيدىغان خادىم ئاز،
مۇھىم - مۇھىم تارماقلاردا ئادەم ئاز.
بۇ ئورۇننى تولۇقلاشقا ئامال يوق،
چۈنكى، بۇندا شتات يۈزدە - يۈز تولۇق.
مەمۇرىيەت خادىملىرى لاغايلاپ
يۈرەر ئىش يوق، جوزا ساقلاپ، قارت
ئويناپ.
ئىقتىدارسىز كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس،
بۇ توغرىدا تاشپاقا ھېچ غەم يېمەس.
چۈنكى، ئۇلار ئۆز ئۇرۇقى - پۇشتىدۇر،
ياكى يېقىن دوستلىرىنىڭ دوستىدۇر.
يۆتكەي دېسە ئالماس ئۇنى ھېچ ئورۇن،
چۈنكى ئۇلار ئىقتىدارسىز ھەم ھورۇن.
بۇ ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ تاشپاقا،
بەزى چاغدا چېچىلىدۇ بوپ خاپا.
دەيدۇ: «بۇلى پات يېقىندا تۈزەيمىز،
ئىدارىنى يېڭى تۈستە بېزەيمىز!»

قۇرۇق شوئار، چاقىرىقنى ۋارقىراپ،
خۇددى بەگباش كەلگۈن سۇدەك شارقىراپ،
ئۆتۈپ كەتتى ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىت ھەم،
سىلجىمىدى ئىشلار زادى بىر قەدەم.
ئىشقا ئاشماي تاشپاقىنىڭ ئارزۇيى،
تۆكۈلۈشكە باشلىدى ھەم ئابرويى.
ئىلگىرىكىدەك سۆزى ئۆتمەس بوپ قالدى،
پىچىقىمۇ ئەمدى كەسمەس بوپ قالدى.
ئويلاپ - ئويلاپ بۇ ئىشلارنى تاشپاقا،
بولدى ھەتتا ئۆز - ئۆزىگە بەك خاپا.
«بۇ ئەمەسمۇ باشباشتاقلىق، بوشاڭلىق،
نەدىن پەيدا بولدى مۇنداق قاشاڭلىق؟!
تۈزەش كېرەك مۇنداق ناچار ئىستىلنى،
گەۋدە قىلىپ ئىسلاھاتنىڭ روھىنى!»
شۇ ئوي بىلەن دەرھال يىغىن چاقىردى،
كۆپچىلىككە غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:
«ئىشىمىزدا باشباشتاقلىق ئىستىلى
ئەۋج ئېلىپ كەتتى يەنە بۇ يىلى.
ئىدارىدە گويا ھېچ بىر باش يوقتەك،
ماڭا مەسلەت سالغۇچىلىك ئىش يوقتەك،
ئۆز ئالدىغا ئىچىپ يايما - تەنزىلەر،
ئىش قىلماقتا خالىغانچە بەزىلەر.
يا سوراش يوق، يا يوليورۇق ئېلىش يوق،
ئىشتىن كېيىن دوكلاتمۇ قىلىش يوق.
بۇ قانداق ئىش، بۇ قانداق بىر كارامەت؟!
بىلىڭلار، بۇ باشباشتاقلىق ئالامەت!
ئىدارىگە تېخى باشلىق مەن ئۆزۈم،
نېمە ئۈچۈن ئۆتمەيدىكەن گەپ - سۆزۈم؟!
بىر كۈن ئەگەر بولسا قولدا ھوقۇقۇم،
ئىشلىتىشىم كېرەك ئۇنى مەن چوقۇم.
مۇندىن كېيىن ئىدارىدە ھەممە ئىش،

www.uyghurkitap.com

هەتتا يۆتكەر بولسا بىر كىم بىرەر خىش،
مېنىڭ بۇيرۇق، تەستىقىمسىز بولمىسۇن،
باشباشتاقلىق ئەمدى دەرھال توگىسۇن!»
شۇندىن كېيىن ئىداردە ھەممە ئىش،
جانلانغاندەك بولدى يېڭى تەۋرىنىش.
كۆزەينەكنى تاقاپ مانا تاشپاقا
ئولتۇرىدۇ ئىشخانىدا دائىما.
بىرسى سوراپ كىرەر ئۇندىن «يوليورۇق»
ئەتە قىلماق بولغان ئىشى توغرۇلۇق.
بىرسى بېرەر ئۆز ئىشىدىن دوكلات،
ھۇزۇرلىنىپ چاينىغاندەك قەن - ناۋات.
بىرسى ئېلىپ كىرەر بىر توپ ھۆججەتنى،
بىرسى ھېساب كىتاب بىلەن ئەبجەتنى،
بىرسى ئېيتىپ كىرەر ئەرز - شىكايەت،
بىرسى قىلار ئۆز ئىشىدىن ھېكايەت...
ئىشى بەكمۇ بولغاچقا زىق - ئالدىراش،
تاشپاقىنىڭ بېشى قېتىپ بولدى تاش.
ئىشخانىدا ئەتىگەندىن كەچكىچە،
ۋاقتى چىقماس بىر قېتىم يەمپ ئەشكۆچە.
بەزى ئىشقا باش لىڭشىتىپ قوشۇلار،
بەزى ئىشنى پەقەتلا ئاڭلاپ قويار.
ھۆججەتلەرنى بىر - بىر ئېچىپ ۋاراقلاپ،
ئىمزا قويار ئاخىرىغا بەت ئاتلاپ.
بەزى ئىشقا يەتمىگەچكە پەمى ھەم،
ئويلىغاندەك بولۇپ گويا جىم بىردەم،
«سىزچە قانداق قىلسا بولار؟» دەپ سورار،
ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگىنىگە قوشۇلار.
ھەر كۈن شۇنداق ئۇششاق ئىشقا بەنت بولۇپ،
ھەممە يۈكنى ئۆزى يالغۇز كۆتۈرۈپ،
ئىشلىگەندەك قىلسىمۇ ئۇ جاپالىق،
ئىشى ئەمەس ئىدى ئانچە ساپالىق.
چۈنكى چوڭ-چوڭ ئىشلاردا ھېچ پىلان يوق،
بەرمىگەچكە باشلىق تېخى «يوليورۇق».
جۈرئەت قىلماس ھېچكىم ئويلاش، ئىشلەشكە،
يېڭى تەدبىر، يېڭى چارە ئىزلەشكە.
شۇڭا ئىشلار بولۇپ قالدى ئاينىماس،
ئوتى ئۆچكەن داش قازاندەك قاينىماس.

شۇنداق قىلىپ تاشپاقىمىز كۈن بويى
ئىش بىلەن بەنت، ئۇيقىمۇ يوق تۈن بويى.
ئورۇقلىدى، قۇرۇق قاقشال بوپ قالدى،
تېرىلىرى قېتىپ، داشقال بوپ قالدى.
پالەچ بولۇپ يېتىپ قالدى ئاخىرى،
باشسىز قالدى ئىدارىنىڭ ئىشلىرى.
تاشپاقىنىڭ پالەچلىكى مەيلىغۇ،
چىقىپ قالار شىپالىق بىر دورىمۇ.
لېكىن پالەچ بولۇپ قالدى ئىدارە،
ئېيتىڭ، ئەمدى بار بىزنىڭغا نە چارە؟

## ھاۋا رايىدىن مەلۇمات

بىلىپ قېلىڭ، بۈگۈن باشلىقنىڭ
يۈزلىرىنى بۇلۇتلار قاپلاپ،
چىرايلىرى كېتەر تۇتۇلۇپ.
كۆزلىرىدىن چاقماقلار چاقناپ،
قاپىقىدىن يېغىپ قار - مۆلدۈر،
غەزەپلىرى ئۆرلەر جۈت بولۇپ.

شۇڭا بۈگۈن ئىشخانىسىغا
كىرمەك بولۇپ قالسىڭىز ئەگەر،
پەخەس بولۇڭ، ئېھتىيات بولۇڭ.
ئاستا چېكىڭ ئىشىكنى، ئاستا،
پۇتىڭىزنىڭ دەسسەپ ئۇچىدا،
يۈزىڭىزگە كۈلكە يۈگۈرتۈڭ!

ئادەتتىكى كىشىلەر كىرسە،
باشلىق بوگۈن قىلمايدۇ پىسەنت،
پەقەت كىرسۇن خوشامەتچىلەر.
بەل ئېگىشنى توقسان گرادۇس
ۋە قوۋلۇقنى تولۇق يۈز پىرسەنت،
بىلىدىغان كۆز بويامچىلار.

باشلىق ئۆيگە قايتقان مەھەلدە،
تازى ئۇنىڭ ئېچىلار بىر ئاز،
يۈزلىرىگە يۈگۈرۈر كۈلكە.
چۈنكى ئۆيدە خوتۇن خوجايىن —
بولغاچ ئاڭا، قىلىپ جىلۋە - ناز،
ئالار ئۇنى تامام ئىلكىگە.
شۇڭا مۇھىم ئىشىڭىز بولسا،
تالدۇۋېلىڭ مۇشۇ پەيتنى دەل،
بېرىڭ ئۇنىڭ شەخسەن ئۆيىگە.

لېكىن بىر ئاز تۇتۇلۇپ قالار
خوتۇنىنىڭ چىرايى شۇئان،
قاپىقىنى قاپلاپ شوم بۇلۇت.
چۈنكى خانىم ئۇزۇندىن بويان
مال - دۇنياغا بولغاچ ھامىلدار،
كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرار ئوت.

شۇڭا ھەرگىز كىرمەڭ قۇرۇق قول،
قىلىپ قويماڭ خانىمنى مالال.
قولاق سالماس باشلىقمۇ سۆزگە.
سوۋغا - سالام بولسا ئەگەر مول،
بۇنى كۆرۈپ خانىممۇ دەرھال
چىرايىنى ئاچىدۇ سىزگە.

مانا شۇنداق پەيتتە ھەرقانداق
قىيىنچىلىق، پىكرىڭىز بولسا،
ھەل بولىدۇ دەرھال يولىدا.
چۈنكى ئۆيدە بىزنىڭ باشلىقنىڭ
ھەممە ئىشتا (ئولتۇرسا - قوپسا)
تىزگىنى پەقەت خوتۇن قولىدا.

## قورچاق ئويۇنىدا

ئوغلۇمنى ئېلىپ كىرگەن ئىدىم ئاخشام
كۆرۈشكە بىللە قورچاق ئويۇنىنى.
باشلىدى ئويۇننى شۇ چاغ ئۇستام،
كۆرسىتىپ ياڭزا - ياڭزا ھۈنىرىنى.

بىر قورچاق چىقىپ مايمۇننىڭ رولىدا،
سۆزلىدى ئاۋۋال نۇتۇق قاملاشتۇرۇپ.
كېيىن ئۇ تۇتاشتۇرۇپ تاماكىنى،
ئولتۇردى پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ.

دەس قىلىپ مىندى موتوتسىكلىتقا،
گۈرۈلدەپ شىددەت بىلەن مېڭىپ كەتتى.
ئاشتى ئۇ نەچچە ئېگىز تاغ - داۋاننى،
خەتەرسىز ھەم پەللىگە بېرىپ يەتتى.

ئارقىدىن دوراپ ماھىر سۇن ۋۇكۇڭنى،
سەكرىدى ھەر تەرەپكە موللاق ئېتىپ.
كۆرسەتتى ياڭزا - ياڭزا گۇمپىسىنى،
كۆكۈش رەڭ كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ...

ئوغلۇمغا مۇشۇ نومۇر ياراپ كېتىپ،
شادلىقتىن ئولتۇرالماي چالدى چاۋاك.
ئېھتىمال، دولقۇنلىنىپ ھېسسىياتى —
ئۆركەشلەپ ئاقتى بولغاي قەلبىدە پاك.

ئۇ دېدى: «قارا، دادا، مايمۇن قورچاق
نېمىدېگەن ماھىر، چاققان، ئىقتىدارلىق.
چوڭ بولسام مەنمۇ ئاشۇ قورچاق كەبى
بولىمەن ھەممە ئىشتا ئەتىۋارلىق!»

ئوغلۇمنىڭ سۆزلىرىگە كۈلگۈم كېلىپ:
دېدىمكى: ئۇستا ئەمەس ئەسلى قورچاق؛
پەردىنىڭ ئارقىسىدا ئۇستىسى بار،
ئوينىتار ئۆز مەيلىچە ئۇنى شۇنداق.

هوسەن روزى

## مىخ بىلەن ئامبۇر

مىخ كۆرەڭلەپ دېدى: «تاشنى تېشىمەن،
ھەتتا نەشتەر قايىل ئۆتكۈر ئۇچۇمغا.
ئىشقا سالسام ئۆز گۈمپامنى تىك تۇرۇپ،
ھېچ نەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ كۈچۈمغا».

بۇنى ئاڭلاپ ئامبۇر ئاچتى ئاغزىنى:
«خەپشۇك، تىنچ!
نېمە ئانچە قورقىسىز؟»
بىرلا چىشلەپ يۇلدى مىخنى قاقشىتىپ،
دېدى: «ئەمدى نە قىلارسىز بولقىسىز؟...»

## چوغلۇق بىلەن ئادىراسمان

قىلدى مەمنۇن يانبېغىرنى ئەتىياز،
ئوتقاش كەبى جۇلالاندى چوغلۇق گۈل.
كەتتى يايراپ قامىتىدىن مەست بولۇپ،
ھەم خورسىندى ماكانىنى چاغلاپ چۆل.

قالدى كۆرۈپ ئۆزىدىن سەل نېرىدا
ئادىراسمان ئاتلىق تەنھا مايسىنى.
چوغلۇق ئويلاپ دېدى: «ئەمدى ماختىناي،
بۇندىن ئۆزگە ئىزدەپ ئاپاي قايسىنى؟

ئەي چاڭگىباش، قاقشال گىياھ ئەۋلادى،
قىزىل ياقۇت سىنىياقىمغا قاراپ قوي.
ھەر ئىشتا چىۋەر، ماھىر بولساڭ بولغىن،
ۋە لېكىن ھەرگىز قورچاق بولۇپ قالما.
ئۆلگە ئال چىن، ھەقىقىي باتۇرلاردىن،
ۋە لېكىن سەن قورچاقتىن ئۆلگە ئالما!»

مەدھىيەڭنى ياغدۇر دەرھال شەنىمگە،
قىلىپ تەزىم چاچلىرىمنى تاراپ قوي!

كەلگىن چاپسان، تۇرما بۇتتەك بېزىرىپ،
تەڭدىشى يوق جامالىمنى تاۋاپ قىل.
بارمۇ مەندىن ئارتۇق رەنا جاھاندا؟
قىلماي سۈكۈت، دەرھال توغرا جاۋاب
قىل!»

ئادىراسمان مىيىقىدا بىر كۈلۈپ،
دېدى ئاڭا: «كەتمە ئانچە كېرىلىپ.
كارامىتىڭ بۇلار ئايان ئەتىلا،
سالپىيىسەن دۇمباقلىرىڭ يېرىلىپ...

ئۆمرۈڭ كوتا، ئەلمىساقتىن، بىلىپ قوي،
تەقدىرىڭدۇر: خاراب بولۇش پات توزۇپ.
بىر مەزگىللىك سۆلىتىڭدىن ماختانما،
پەيتى كەلسە كىم ئالاركىن قۇتقۇزۇپ؟

ئادىراسمان، دەيدۇ مېنى بارچە خەق،
بەلگەم ئېنىق: شېخىمدا كۆپ قوڭغۇراق.
ئۆمرۈم تۈگەپ، جىسمىم ئوتقا تاشلانسا،
ئاداققى رەت تارقىتارمەن خۇش پۇراق.»

ئاڭلاپ بۇنى خىجىللىقتىن، ئەلەمدىن،
چوغلۇق يۈزى قان رەڭگىدە قىزاردى.
گەر بولمىسا دەتالاشتا بىر مەنە،
كونا گەپتىن قەلىمىمۇ بىزاردى!

## ئۆچسە ئەمدى ئاۋازىڭ

ئۆزگىنى كەمسىتىش، ساختا تەلەپپۇز،
غەيۋەتتىن زېرىكمەي قۇرۇق بىلجىرلاش؛
گاھىدا ۋاز - ۋۇر، گاھىدا جار - جۇر،
گاھىدا غۇدۇڭشۇش، گاھى پىچىرلاش؛

چاشكىدا خۇشامەت، چۈشتە دوق قىلىش،
كەچقۇرۇن شىكايەت، ئىشقا كۆپ نازىڭ.
ئاغرىتتىڭ قۇلاقنى، بەزدۇق مىڭ مەرتە،
ئۆچسىدى، غەيۋەتخور، ئەمدى ئاۋازىڭ!

ھەمدۇللا رازىق

## ھورۇننىڭ سۆزى

ھورۇن دېدى: «مۇشۇ جاھاندا
ھەممە خۇشال، لېكىن مەن دەردمەن.»
مەن دېدىمكى: «بولسەن خۇشال
سەنمۇ قولغا ئالغاندا كەتمەن.»

## يالغانچىلىق

دېمە ھەرگىز بالاڭغا:
«ئاينى ئۈزۈپ بېرىمەن.
ئاي سەكرىدى بۇلاقتا،
ئەتە سۈزۈپ بېرىمەن...
ئۇخلا قوزام، ئەتىلا-
پوڭزەك، قورچاق ... تەل بولار.
تۇتۇپ بەرسەم قۇشلارنى،
چوقۇم ساڭا ئەل بولار ...»
مۇنداق سۆزلەر يالغاننى
بالىلارغا ئۆگىتەر.
بۇ نۇقسانىنى ئەۋلادلار،
ئاھ، قاچانمۇ تۈگىتەر؟

## سۈپۈرگە

پاك - پاكىز سۈپۈرۈلگەچ ئۆي،
كەڭ - ئازادە ئولتۇردى مېھمان.
لېكىن ئەسكى تونۇر بېشىدا
تۇرار غەمكىن سۈپۈرگە پىنھان.

## ھەرنەرسىدە ئەيىب بار

دېدى ئېشەك تاغارغا: «ئېغىر ئىكەنسەن»،
دېدى تاغار ئېشەككە: «يېغىر ئىكەنسەن».
تەن بەرمىدى ئېشەك ھېچ: «قوپال ئىكەنسەن»،
گەپ بەرمىدى تاغارمۇ: «ئوسال ئىكەنسەن».

## چۆلدە ۋە باغدا

سۇ دىدارى كۆرمىگەن چۆلدە
ئۆسىدىكەن ياپيېشىل يۇلغۇن.
تۇرار ئىكەن كۆز قاماشتۇرۇپ،
چىرايىمۇ ئەمەسكەن سۇلغۇن.
لېكىن باغدا سارغىيىپ كەتكەن
گۈلىمۇ باركەن قارىسام قۇرغۇن.

## كۈلۈش

مەن كۈلسەمەن ئۇنىڭغا قاراپ،
ئۇ كۈلىدۇ ئۇنىڭغا قاراپ.

## ھاراقكەش

ھاراقنىمۇ ئىچتىڭ چوڭ زالدا،
يېتىپ قاپسەن، لېكىن ئازگالدا.

قاسىم ھاشىم

## مېنىڭ شۇنداق مېھمانلىرىم بار

گېلى ئۈچۈن بولۇپ ئاۋارە،
چىللىمسام تېپىپ باھانە،
گاھى ئاتلىق، گاھى پىيادە،
كېلەر توپ ـ توپ، گاھى يېگانە،
مېنىڭ شۇنداق مېھمانلىرىم بار.

ئۆيگە كىرسە تۆرنى تالىشار،
داستىخاننى چەيلەپ ئاتلىشار،
يول قويماستىن ھەتتا چاچلىشار،
نەپسىنى دەپ تامام ياتلىشار،
مېنىڭ شۇنداق مېھمانلىرىم بار.

سۇيۇق ئەتسەم چىقار خۇشى يوق،
قويۇق كەلسە دەيدۇ گۆشى يوق،
گۆش ئەكىرسەم دەيدۇ تۆشى يوق،
ئۆكسۈپ قالسا، مىجەز، ھوشى يوق،
مېنىڭ شۇنداق مېھمانلىرىم بار.

«نېسىۋە» دەپ تىقار يانچۇققا،
تولغىنىدا قويۇن، قولتۇققا،
بىرسى دېمەس «ئالمايلى، توختا»
بىر ـ بىرىدىن ئىنساپتا چولتا،
مېنىڭ شۇنداق مېھمانلىرىم بار.

مېھمان دېسە قىلماي ئېھتىيات،
باشلىغانغا دېدىم پەندىيات،
قۇرۇغدالدى ساندۇق بىلەن كات،
ئىبرەت ئېلىڭ مەندىن كۈللىيات،
مېنىڭ شۇنداق مېھمانلىرىم بار.

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر

## ئېشەكنىڭ سىرى

ئەمەل خۇمار بىرسىگە بۇرۇن
«باشلىق» ئاتلىق مەنسەپ تېگىپتۇ.
يىغىن ئاچماق بولۇپ ئۇ خۇشال،
ئېشىكىگە مىنىپ مېڭىپتۇ.

كەلسە، سورۇن تۈزۈلۈپ كاتتا،
جامائەتمۇ بوپتۇ يىغىلىپ.
چۈشمەستىن ئۇ ئېشەكتىن، شۇئان
گەپ باشلاپتۇ ئەسنەپ، كېرىلىپ.

ئۇ كاكىراپ كېكىردەك قىرىپ،
سۆزلەۋاتسا ئاممىغا توۋلاپ،
ئېشىكىمۇ قۇيرۇق ئويىنىتىپ،
تېزەكلەپتۇ بىردىنلا ھاڭراپ.

سەتچىلىكنى كۆرگەن خالايىق،
كۈلكە بىلەن كۆمۈپتۇ ئۇنى.
ئۇقماي ئىشنىڭ تېگىنى باشلىق،
ۋارقىراپتۇ، چىقماپتۇ ئۈنى.

ئۇ غەزەپكە تولۇپ بىردىنلا،
جىلە بولۇپ ھەريان قاراپتۇ،
ئەپەندىمنى چاقىرتىپ كېلىپ،
بۇ ئاجايىپ سىرنى سوراپتۇ.

«تەقسىر، باشلىق، — دەپتۇ ئەپەندىم، —
ئېشەكتىكى سىرنى سورىماڭ.
گەر ئېشەككە مىنگەندە ئېشەك،
چىقار شۇنداق كۈلكىلىك پاراڭ.»

ئابدۇللا كېرىم

## بىر ئايالغا

بار كوچىدىن چىققىنىمدا مەن
قول سومكىنى كۆتۈرۈپ ئاستا،
كېتىۋېتىپ قاراپ قويدىڭىز
قىيا بېقىپ يۆتىلىپ ئاستا.
يارىشىپتۇ ئەجەبمۇ سىزگە
قويغان لەقەم «سۆيگۈ خۇمارى».
بەش بالىنى تاشلاپ كېتىپسىز،
نېمە بولغاندۇ ئۇلارنىڭ ھالى؟
شۇ ئەھۋالدا يۈرۈپ تالادا،
كوچا كېزىپ سۆيگۈ قۇچىسىز.
ئۆيگە كېلىپ يولدىشىڭىزنىڭ
ياقىسىدا لەپپەك ئۇچىسىز.
چۇقان سېلىپ «خېتىمنى بەر»، دەپ،
كۆزىڭىزنى ياشلاپ كېتىسىز.
بىردەم يىغلاپ، پەداز قىسىپ بولۇپ،
ئۆينى يەنە تاشلاپ كېتىسىز.
يېشىڭىزمۇ قىرىقلاردا بار،
يىگىتلەرگە قارايسىز تېخى.
ھەر دوقمۇشتا نايناقلاپ يۈرۈپ،
ياش قىزلارنى دورايسىز تېخى.
بەش بالىڭىز يېتىم قالمىسۇن،
تېپىۋېلىڭ يولدىشىڭىزنى.
چاقار بىر كۈن لەنەت تاشلىرى،
قېيىپ يۈرگەن بۇ بېشىڭىزنى.


تۇرسۇن ئابباس

## توخۇ مىجەز كىشىلەر

ئەگەشتۈرۈپ چۈجىسىنى بىر مىكيان،
كېتەلمەيدۇ ئەتراپىدىن روكۇلداپ.
ئادا قىلماي ئۆز بۇرچىنى نېچۈندۇر،
خوراز يۈرەر نە ـ ئەلىدە دوكۇلداپ.

قىزىق تېخى، تۇتسا ئۇنىڭ خۇمارى،
كارنىيىنى كېرىپ، قانات قېقىشى.
تېچىندۇرار، ئىشق پەيزى سۈرسە ئۇ،
باللىرىنى مىكيانىڭ بېقىشى.

ئۇغۇ توخۇ، بۇلار ئۇنىڭ ئادىتى،
لېكىن بارغۇ بىزدە شۇنداق كىشىلەر.
ئاشۇلارنى ئويلىساملا ئويقۇ يوق،
«قانداق ئىش؟...» دەپ ھارام بولار كېچىلەر.



تۇرسۇنجان ئەمەت

# ئەينۇ ①

(ھېكايە)

ئادەمنىڭ باللىق چاغلىرىدىكى ئىشلىرى خۇددى ئۇزۇن يىل ساقلانغان سۈرەتتەك، قەلبىدە غۇۋا ساقلىنىپ قالىدىكەن. ئەنە شۇنداق ئىشلاردىن بىرسى ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن زادى كەتمەيدۇ.

بىزنىڭ ئېگىز بوي، ئاپئاق ساقال، دائىم چاپان كىيىپ يۈرىدىغان بوۋىمىز بولىدىغان، ئۇ ناھايىتى خۇداگۆي، ئىخلاسمەن ئادەم بولۇپ، ئۆزىنى بەكمۇ پاكىز تۇتاتتى.

قىش كېچىسى ئۇزۇن بولغاچقىمۇ، ئەتىگىنى يالدۇرلا ئويغىنىپ كېتەتتۇق. بوۋىمىز مەسچىتتىن قايتىپ كىرىپ، مەشنىڭ دالدىسىدا يۈكۈنۈپ، ئولتۇرۇپ كۆزىنى يېرىم يۇمغىنىچە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى. شۇنداق چاغدا بىز ئورنىمىزدىن تۇراتتۇق-دە، تەرەپ-تەرەپتىن چىرقىرىشىپ، بوۋىمىزنىڭ ئىسسىق پېرىجىسىنىڭ ئىچىنى تالىشىپ، ئىبادىتىگە كاشىلا بولاتتۇق. بوۋىمىز بولسا، بېشىنى لىڭشىتىپ، قاپىقىنى تۈرۈپ قويۇپ ئولتۇرۇۋېرەتتى. ئۇنىڭ ئىسسىق پېرىجىسىدىن باشقا ئاجايىپ جۇلالىق، دوخاۋا تاشلىق بىر تۇمىقىمۇ بولىدىغان. بەزى چاغلاردا بىز تالا-تۈزگە يالاڭباشتاق چىقىپ قالساق، بوۋام دەرھال بېشىدىن تۇمىقىنى ئېلىپ، بىرسىمىزنىڭ بېشىغا چۆكۈرۈپ كىيگۈزۈپ قويىدىغان. بۇ تۇماقنى ماڭا كىيىش نېسىپ بولغىنىدا، چەكسىز بىر راھەت ۋۇجۇدۇمنى قاپلاپ، ئاجايىپ ھوزۇرلىنىپ كېتەتتىم.

گاھى كۈنلىرى بىز تۇماقنى تالىشىپ جېدەللەشكىنىمىزدە، بوۋام قولىمىزدىن تۇماقنى ئېلىۋېلىپ، چوققىسىدىن تۇتۇپ بىر سىلكىۋەتكەندىن كېيىن:

— پاھ، كەمچەت دېگەن ئاجايىپ چىدامىلىق، ئۆمرى ئۇزۇن نەرسىكەن. مانا بۇ تۆپىنىڭ كەمچىتى بوۋىمىز مەرھۇمدىن ئاتام رەھمەتلىككە تەۋەررۈك قالغانىكەن. مانا،

① ئەينۇ — دېنىسي ئادامچى.

مەنمۇ ئازغىنە كەم 65 يىل كىيدىم. تۆپىلىكنى يەڭگۈشلىسىلا يېڭى بولۇپ قالىدۇ. ھەي، كەمچەت دېگەن ھەقىقەتەنمۇ ئېسىل مالكەن، — بوۋىمىز ئاپپاق ساقىلىنى سىيپاپ، خىيالچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ سۆزىدىن توختاپ قالاتتى.

ياز كۈنلىرى بوۋام بۇ تەۋەررۈك تۇمىقىنى ئۆينىڭ تۆر تېمىغا ئېلىپ قوياتتى. تومۇزنىڭ قايناق كۈنلىرىدە ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ، ئىنچىكە چىۋىق بىلەن بىر ھازا چىۋىقدىغاندىن كېيىن، ئۇڭ-تەتۈرىنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراشتۇراتتى-دە، يەنە ئۆز جايىغا ئېلىپ قوياتتى. چىۋىقداش ياز ئۆتۈپ كەتكۈچە بىرقانچە نۆۋەت تەكرارلىناتتى. بىز تۇماقنى كىيىشكە شۇنچە ھېرىسمەن بولغىنىمىزغا قارىماي، ئۇنى بەكمۇ ئاسرايتتۇق. تۇماق بىزنىڭ ئۆيدە ھۆرمەتكە سازاۋەر مۈلۈكلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ياز كۈنلىرى ئۆينىڭ تۆر تېمىدا، قىش كۈنلىرى بوۋامنىڭ بېشىدا بولمىسا ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىمىز يېرىم بولۇپ قالاتتى.

ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ قانچىلىك داۋام قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. كېيىنكى كۈنلەردە بىز بوۋامنىڭ ئىسسىق چەكمەن چاپىنىغا كىرىشتىن، جۇلالىق كەمچەت تۇمىقىنى كىيىشتىن، بوۋام مەسچىتتىن قايتىپ ھويلىغا كىرە-كىرمەي قول، پەشلىرىگە ئېسىلىپ ئويناشتىن مەھرۇم بولۇپ قالدۇق.

بوۋام ئاغرىپ قالغانىدى!

دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا قىزىقتۇرۇپ تەلپۈنىدىغان تەننىڭ ساقلىقى بولسا كېرەك. بوۋام پارا-پارا يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالدى. چىرايىنىڭ قىزىللىقى يوقاپ، كۆز يوپۇرماقلىرىدەك سارغىيىشقا باشلىدى.

ئاپام بىلەن دادام پايىپېتەك بولۇپ، كۆز كۆرگەن، قولاق ئاڭلىغان ھەممە سەۋەبلەرنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بوۋام كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. بىزنىڭ بۇرۇنقى شوخلۇقىمىز تۈگىگەن، مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا مەڭگىز سۆڭەكلىرى تومپىيىپ چىقىپ قالغان، كۆزلىرى بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ، چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، قوش تىنىپ ياتقان بوۋامغا قاراپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتەتتۇق.

بوۋامنىڭ كەمچەت تۇمىقى بولسا تۆر تامدا ئېسىقلىق تۇراتتى. بوۋام كېسەل بولۇپ قالغاندىن بېرى ھېچكىمنىڭ تۇماققا قارىغۇدەك چولىسى بولمىغاچقىمۇ، ئۈستىنى سەل توپا بېسىپ قالغان بولۇپ، كۆزىمىزگە سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

ئەنە شۇنداق ئەنسىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەتىگەنلىكى جامائەت نامازدىن يېنىشىغا ھويلىمىزغا ئېگىز قارا ئېشەككە مىنگەن، ئۆسكىلەڭ ساقال-بۇرۇت، بېشىغا چېبەرقۇت تاشلىق يېڭى بىر قولاقچىنى كەينىدىن چىگىپ كىيىۋالغان، قاپقارا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان، قىزىل يۈزلۈك، 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

دادام بۇ غايىب مېھماننىڭ سۇرلۇك قىياپىتىدىن ھودۇقۇپ كەتتى بولغاي، ھاپىلا-شاپىلا بېرىپ ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلدى ھەم قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاۋايلاپ يەرگە چۈشۈردى. ئۇ ئادەم قولىدىكى ئۆرۈمە قامچىسىنى ئېشەكنىڭ ئۈچۈلۇقىغا قىستۇرغاندىن كېيىن، دادامغىمۇ قارىماي، گويا بۇ ئۆينىڭ دائىملىق مېھمىنىدەك تەمتىرىمەي، ئۇدۇل بوۋام يات-

قان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كىچىك بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، بۇ نامەلۇم ئادەمگە بولغان قىزىقىشىم كۈچەيگەنىدى. شۇڭا ئىشەكنى باغلاپ بولۇپ ئۆيگە ماڭغان دادامنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.

مېھمان ئۆينىڭ تۆرىدە سېلىقلىق يەكەندازغا يۈكۈنۈپ، ئىككى تەرىپىگە لەرزان تاشلىنىپ مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. بوۋام ئوقۇلۇۋاتقان ئايەتلەرنىڭ ھۆرمىتىدىن بولسا كېرەك، ئورنىغا يېرىم تىكلىنىپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. مەن دادامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئىككى كۆزنى بوش يۇمۇپ قىرائەت قىلىۋاتقان نامەلۇم مېھمانغا، ئاندىن ياستۇققا يېرىم يۆلىنىپ ماغدۇرسىزلىقتىن ئۆرنىسگە تىنىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرغان بوۋامغا قارىدىم. بوۋامنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تاراملاپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن قوۋۇزلىرىدىن سىرغىپ چۈشۈپ، ئاپئاق ساقاللىرى ئارىسىدا غايىب بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قارىغانسېرى يۈرىكىمنى بىر نەرسە ئاتىلىغاندەك ئېچىشىپ، گېلىمغا بىر نەرسە قاپلىنىشىپ قالغاندەك بولۇپ، بەكمۇ بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتىم.

شۇ ئارىدا مېھماننىڭ قىرائىتى تۈگىگەندى بولغاي، ئۇزۇنلۇق «ئامىن» دېدى ـ دە، ئىككى قولىنى جۈپلەپ بېشىدىن ئېگىز قىلىپ، قارا ساقىلىنى تىترىتىپ، گويا دۇئانىڭ خاسىيىتىدىن ۋۇجۇدى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن دۇئا ئوقۇشقا باشلىدى. خۇددى سىرغىپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۈيىدەك، مېھماننىڭ ئېغىزىدىن راۋان چىقىۋاتقان دۇئا ـ تىلاۋەتلەر ئالەم يارالغاندىن بۇيان دۇنياغا كەلگەن ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا، مازايى ـ ماشايىخلارنى بىر ـ بىرلەپ تىلغا ئېلىپ، 40 چىللەنىلىگە بىر ـ بىردىن سېغىنىپ بوۋاينىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك ئىدى.

مېھماننىڭ دۇئاسىنىڭ ھەربىر سۆزىنى ئاياغلاشقاندا، پەگادا ئۆرە تۇرغان دادام «ئامىن، ئامىن!» دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ قوياتتى. مېھمان دۇئانى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۈن ـ تىنسىز بىر پەس ئولتۇردى ـ دە، ئاندىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ، دانىمۇ ـ دانە قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ـ ئاخۇنۇم، ئۆزلىرىنىڭ بىستاپ بولۇپ قېلىشلىرى كېچە ھەزرىتى سۇلتانۇەيس مازىرىدىكى ئىستىخارىمدىن① پېقىرنىڭ پاسىق كۆڭلىگە ئايان بولدى. كەمىنە ھاياتىمنىڭ تولىسىنى ھەزرىتى ئاپئاق غوجام ھۇزۇرىدا، ھەزرىتى سېيىت ئارسلان خېنىم بېشىدا، ھەزرىتى سېيىت باغداد مازارلىرىدا ئىبادەت ـ ئىستىقامەتتە ئۆتكۈزگەن بەندىمەن. كېچە ئۇلۇغ سۇلتانۇەيس ئايىغىدا تاۋاباتتا بولۇپ، ئەدىكى قارارگاھىمنى تۇرپان ئەسھابۇل كەبىندە چىللىدە② بولۇشقا خۇداغا سېغىنىپ، پەيغەمبەر، ئەۋلىيالارغا يېلىنىپ ئىستىخارىدا بولغىنىمدا، جانابلىرىنىڭ كۆڭۈل چىقىشقا قارىغان دەرۋازىلىرى ئىستىخارىمدا نامايان بولۇپ. تەك كېچىدە، ھەزرىتى سۇلتانۇەيس پىرىمىز بىلەن خوشلىشىپ، مانا، ھۇزۇرلىرىدا نەسىبىي دىدارلىرىغا مۇشەررەپ بولۇشۇم. خۇدا كېسەللىرىگە شىپالىق، تەنى

① ئىستىخار ـ چۈشىدە بېشارەت كۆرۈش.

② چىللە ـ 40 كۈن تاماقنى ئاز يەپ، پىنھاندا ئىبادەت قىلىش.

لىرىگە ماغدۇر ئاتا قىلغاي، ئامىن!
مېھمانىنىڭ ئىككى قولىنى تىزى
ئۈستىدە قوشتۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى
بىلەن قىلىۋاتقان سۆزلىرىگە بوۋام بېشى-
نى ئىغىر-ئىغىر لىڭشىتىپ جاۋاب بېرى-
ۋاتاتتى. دۇئا-سۆھبەتلەر تۈگىتىشى بىلەن،
دادام ئورنىدىن قوزغىلىپ، تامغا تىكلەك-
لىك تۇرغان جوزىنى كۆتۈرۈشى بىلەن،
مېھمان ئالدىراپ ھۇزۇر ئېيتتى:
— ھەرگىز چاي قىلمىغەن دەپ كا-
يىشمىسىلا، پېقىرنىڭ ئىچى-يادي بىر دە-
قىقە بولسىمۇ، تۇرپان ئەسھابۇل كەھفكە
پاتراق يېتىپ بېرىشقا بەكمۇ تەقەززا،
شۇڭا ئاخۇنۇمغا ئاراملىق، ماڭا ئامانلىققا
دۇئادا بولغايلا، ئاخۇنۇم پات-ئارىدا سەل-
لىمازا كېسەلدىن شىپالىق تاپقۇسى،
پېقىرمۇ ئەسھابۇل كەھفدە كېچە-يۇ-
كۈندۈز تائەت-ئىبادەتلىرىمدە ئاخۇنۇمنى
دۇئادا ياد ئېتىپ تۇرىمەن.
دادام ئۇ كىشىنى بىر پىيالە چاي
بولسىمۇ ئىچىپ كېتىشكە شۇنچە زورلىغان
بولسىمۇ، مېھمان ھۇزۇر ئېيتىپ زادى
ئۇنىمىدى. شۇنداقتىمۇ ئورنىدىن قوزغىلىش
خىيالىدا يوقتەك، باياتىن ئېيتىپ بولغان
گەپلىرىنى يەنە بىر باشتىن ئېزىپ سۆز-
لەشكە باشلىدى. ئاغزىنى ئېچىپ، ھاڭتىي-
ىپ ئولتۇرغان دادام، بوۋامنىڭ ئىشارى-
تى بىلەن ئورنىدىن ئالمان-تالمان تۇ-
رۇپ دالان ئۆيگە چىقىپ كەتتى. بىر
ھازادىن كېيىن بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ
كىرىپ كەلدى. پەتنۇستا ئىككى چوڭ
نان، تۆت توقاچ ۋە چاسا قىلىپ قاتلانغان
ئاق رەختمۇ بار ئىدى؛
— ئاخۇنۇم، — دېدى مېھمان ئالدىغا
قويۇلغان پەتنۇسقا بىر قاراۋېتىپ، —

باللارنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ پېقىر جۇڭ-
داكۇي، خالىس نىيەت ئادەم، ئۆزلىرىنى
يوقلىشىم خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن سا-
ۋابقا نائىل بولۇش، بۇ نەرسىلەرنى ھەر-
گىز قوبۇل قىلالمايمەن.
— باللارنىڭ ئاتىغىنىكەن، لايىقلىرى-
دا بولمىسىمۇ، ئالسىلا قارىتىم، — بوۋام زەي-
ىپ ئاۋاز بىلەن ئاران شۇ گەپنى قىلدى.
مېھمان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بىر
پەس جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن،
— پېقىر، دۇنيانى دوستى تۇتمايدى-
دىغان جاھان كەزدى ئادەم. مازايى-ما-
شايىخلارنى ماكان، باقىي ئالەمنى جاھان
تۇتۇپ، خۇدا يولىدا ساۋابلىق ئىزدەپ
يۈرگەن بەندىمەن. ئەگەر باللارنىڭ را-
يىغا ئازار يەتكۈدەك بولسا، مەن مۇشۇ
سائەتتە — ئەسھابۇل كەھفكە بولغان سەپى-
رىمدە ئاخۇنۇم بىلەن بىرگە بولغانىنىڭ
قاتارىدا، ئاۋۇ تۆر تامدا ئېسىقلىق تۇرغان
تۆپىسىنى تەۋەررۈك قاتارىدا كۆرۈشكە دۇ-
ئادا بولسام، — دېدى ۋە قاتتىق ئاۋاز بى-
لەن: «ئامىن!» دەپ، دۇئاغا قول كۆتۈردى.
كەمچەت تۇماق ئۈچۈن خېلى ئۇ-
زۇن قىلىنغان دۇئادىن كېيىن مەن بو-
ۋامغا قارىدىم. تېخى بايىلا بىر ئوبدان
ياتقان بوۋام دۇئاغىمۇ قول كۆتۈرمەي،
ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ياتاتتى. بىر-
دەمدىلا ئۆزگىرىپ، چىرايى قارىداپ قال-
غاندەك كۆرۈندى. پېشانىسىدە مونچاق-
مونچاق تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى. بىر
پەستىن كېيىن دادامغا قاراپ بېشىنى
بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىتتى.
— ئېلىپ بەرگىن، ئوغلۇم، — دېدى
بوۋام تىترەك ئاۋاز بىلەن. ئۇنىڭ كۆزىدىن
ئېيتقۇسىز بىر ھەسرەت ئۇچقۇنى

لىپىلداپ يېنىپ ئۆتتى.

دادام بېرىپ، تۇماقنى ئېلىپ مېھمانىنىڭ ئالدىغا قوياي دېيىشىگە، بوۋام قولىنى ئۇزىتىپ تۇماقنى ئالدى-دە، ساق چاغلىرىدىكىدەك تۆپىسىدىن تۇتۇپ بىر سىلكىدى، ئاندىن تۇماقنى يۈزىگە يېقىپ تۇرۇپ: «بۇ تۇماقتىن دادامنىڭ ھىدى كېلىدىغان، ئاھ، رەھمەتلىك دادام» دېدى ئاستا پىچىرلاپ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىغان ياش تامچىلىرى قۇلاقلىرىدىن ئەگىپ، ياستۇققا سىڭىپ كەتمەكتە ئىدى. سەل كۆكىرىپ قالغان لەۋلىرى نېمىدۇر بىر نېمە دېمەكچى بولغاندەك توختىماي مىدىرلايتتى.

تۇماق ئالدىغا قويۇلۇشى بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرگەن مېھمان قىسقا ئايەتتىن بىرنى ئوقۇغان بولدى-دە، يۈزىنى سىيپاپ، تۇماقنى قاتلاپ قوينىغا سېلىپ، ئالدىراپ قوزغالدى. مەن شۇ تاپتا نامەلۇم بۇ كەلگۈندى تۇماقنى ئەمەس، بوۋامنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كەتتىم. ھەممىمىز بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، دادام ئىشىككە بېرىپ قالغان مېھماننىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— مەرھەمەت قىلسىلا، تەقسىر،— دېدى پەتنۇسنى سۇنۇپ تۇرۇپ:

مېھمان ئۆيدىن چىقىشقا ئالدىرايتتى. شۇنداقتىمۇ دادامنىڭ زورلىشى بىلەن پەتنۇستىكى نەرسىلەرنى ئالدى-دە، نانلارنى رەختكە ئوراپ قوينىغا تىقتى. ئۇزىتىپ چىققان دادامغىمۇ چالا-بۇلا باش لىڭشىتىپ، ئىشىكگە مېڭىدى ۋە كۆزدىن غايىب بولدى.

* *

«مېھمان»نىڭ دۇئاسىغا قاتتىق ئىشەنگەن ھەممىمىز بوۋامنى جەزمەن ساقىيىپ كېتىدۇ، دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىر سەھەرلىكى بوۋام تىنىقتىن توختىدى. باشتا مەن ئۇنى ئۇخلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئۆيدە بىردىنلا يىغا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەن بوۋامدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغانلىقىمىزنى بىلدىم. بىرقانچە ۋاقىتلارغىچە بوۋام خۇددى يىراق بىر يەرگە كېتىپ قالغاندەك، پات-يېقىندا قايتىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى...

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ، بىر كۈنى چۈشتە مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتسام، بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ ئۇزىتىشى بىلەن قوشنىمىزنىڭ ھويلىسىدىن ھېلىقى ئادەم — بوۋامغا دەم سېلىپ، تۇمىقىنى ئېلىپ كەتكەن قارا ئىشەكلىك «مېھمان» چىقىپ كەلمەسمۇ، كۆزۈمگە ئەزرائىل كۆرۈنگەندەك، قورقۇنچتا پۇت-قولۇم تىترەپ، جايىمدا تۇرۇپلا قاپتىمەن. «مېھمان»نىڭ قولىدا بىر پارچە يېڭى رەختكە چىگىلگەن بوپا تۇراتتى. بېشىدا بولسا، رەھمەتلىك بوۋامنىڭ بىز دائىم كىيىشنى ئارزۇ قىلىپ تالىشىپ كېتىدىغان ئاشۇ ئارزۇلۇق تۇمىقى بار ئىدى. ئاغزىدىن ھەدەپ:

— مەن ئالدىرايمەن، مانا شۇ سەپىرىمدە تۇرپان ئەسھابۇل كەبىگە...— دېگەن سۆزلەر چىقىۋاتاتتى.

(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1987-يىللىق 5-سانىدىن ئېلىندى.)

ئابلىز ھوشۇر

# بۇ باھار كۈنلىرى

بۇ باھار كۈنلىرى، بۇ قۇتلۇق سەھەر،
كۆڭلۈمگە يېپيېڭى ھېسلارنى سالدى.
ۋادىلار ھۆسنىگە تاشلىدىم نەزەر،
خىيالىم توز كەبى قىرلاردا قالدى.

خىيالىم توز كەبى قىرلاردا قالدى،
گۈل بولۇپ كۆرۈنەر كۆزۈمگە جاھان.
تۇيغۇمدا ھەر چېچەك يۇلتۇز سانالدى،
ھەر گىياھ بىر ھېكمەت چەكسىز-بىپايان.

ھەر گىياھ بىر ھېكمەت چەكسىز-بىپايان،
شۇ قەدەر سۆيۈملۈك، شۇنچە جىلۋىگەر.
قۇت تىلەك يولىغا يايراپ بىئارمان
گۈل تۇتۇپ كەلمەكتە بىر گۈزەل دىلبەر.

گۈل تۇتۇپ كەلمەكتە بىر گۈزەل دىلبەر،
قىقىنۇس كۆلكىسى چېھرىگە ھەمراھ.
دىماقنى مەست قىلدى ھىد چېچىپ ئەنبەر،
ياڭقۇنلۇق تىلەكلەر كۆڭۈللەرگە شاھ.

ياڭقۇنلۇق تىلەكلەر كۆڭۈللەرگە شاھ،
گۈللەردىن گۈللەرگە ئۇچار كېپىنەك.

ساھىللار، بوستانلار ئېسىل نەزمىگاھ،
نەزمىلەر پەيزىدىن سۆيۈنەر يۈرەك.

نەزمىلەر پەيزىدىن سۆيۈنەر يۈرەك،
ھەر ناخشا بىر دۇنيا، ھەر دىل بىر جاھان.
ئاسمان قىزلىرىغا بۇلاقلار ئەينەك،
ئەل ئوغلى ئەجرىدىن بەختى نامايان.


ئەل ئوغلى ئەجرىدىن بەختى نامايان،
ھەر تامچە تەرىدە مىڭ قۇياش ۋەسلى.
تەبەسسۇم ئىلكىدە سۈرمەن دەۋران،
نەقەدەر سۆيۈملۈك نەۋ باھار پەسلى.

نەقەدەر سۆيۈملۈك نەۋ باھار پەسلى،
گۈل بولۇپ كۆرۈنەر كۆزۈمگە جاھان.
ياڭرىسا بوستاندا ئۇيغۇر تەمبۇرى،
تەئەججۇپ ئىلكىدە بۇلبۇل بىندەرمان...

* *

بۇ باھار كۈنلىرى، بۇ قۇتلۇق سەھەر،
قەلبىمگە يېپيېڭى ھېسلارنى سالدى.
ئانا يۇرت، ھۆسنىڭگە سالدىم شاد نەزەر،
خىيالىم ئەتىكى ئىزلاردا قالدى.

(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىلى 3 - سانىدىن ئېلىندى.)



# مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئابدۇقادىر جالالىدىن

## شېئىرىيىتىمىزدىكى ئىزدىنىش ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شېئىرىيىتىمىز ساھەسىدە يېڭىچە تەسەۋۋۇر، يېڭىچە قۇرۇلما ۋە يېڭىچە كەيپىياتقا ئىگە شېئىرلىرى بىلەن بىر قىسىم ياش ئاپتورلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېلان قىلغان شېئىرلىرى ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، لېكىن كۈچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىردىكى ماقالە، ئوبزورلارنىڭ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. مۇشۇنداق مۇنازىرىدىن ئۆزگىچە بىر خىل جانلىق ھالەتنىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

شېئىرنى «دەۋرنىڭ مۇنارى» دېسەك، بۇ مۇنار ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەك ئوتتۇرىسىدىكى ھازىرنىڭ ساداسىدىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، چەكسىز زاماننىڭ ماكرو ياكى مىكرو بىرلىكى ئىچىدە ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى يېڭى شېئىرلار قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شېئىرىيىتىمىزنىڭ داۋامى ۋە بىر قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىزدىنىش يولىدا كېتىپ بارماقتا.

بۇ شېئىرلار ئۆز دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ خاس مەنىۋى قىممىتىگە قاراپ چوڭقۇرلاۋاتقان شېئىرلاردۇر. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق كۆرەش تارىخى ئۆزلىرىنىڭ قىممىتىنى يارىتىش تارىخىدىن ئىبارەت. ھەرقايسى پەن ۋە ئىدېئولوگىيە سىستېمىلىرى ئادەمنى مەقسەت ۋە مەركەز قىلغان ھالدا ئوخشىمىغان نۇقتىلار بويىچە ئىزدەندى ۋە قىممەت ياراتتى. ماددىي ۋە مەنىۋى قىممەتلەرنىڭ ھەممىسى تېگى-تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئېھتىياجى ۋە قىممىتى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ قىممىتى — قىممەتنىڭ نېگىزى.

ئۇنداق بولسا، رېئاللىقتىكى ئادەم ئابستراكتنى ئادەممۇ ياكى بىئولوگىيىلىك ئادەممۇ؟ ئىجتىمائىي ئادەممۇ ياكى مېخانىك ئادەممۇ؟ ئىنتايىن زىددىيەتلىك بۇ سوئالغا نوقۇللا بىر پەن سىستېمىلىق ۋە مۇكەممەل جاۋاب بېرەلمەيدۇ. دەرۋەقە، ئىقتى-

سادشۇناسلار، مەدەنىيەتشۇناسلار، بىئولوگلار ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلىدىغان مۇنبەردە تۇرۇپ، بۇ سوئالغا مۇئەييەن جاۋابلارنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ جاۋابى يەنىلا بەزىبىر چەكلىمىلىكلەردىن خالىي ئەمەس. ئادەمگە نىسبەتەن فورماللاشقان پەننىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە مۇئامىلە قىلساق، كۆپ نەرسىگە ئىگە بولالايمىز، ئەمما ئۇنىڭ لوگىكا، مىزانلاشقان ئادەت كۈچلىرى ۋە مېخانىك ۋاقىت تەرتىپىگە بويسۇنمايدىغان ئەڭ يوشۇرۇن، ئەڭ مۇرەككەپ، ئەڭ نازۇك، غۇۋا روھىي ھەرىكىتىنى يوقىتىپ قويىمىز.

ئىنسانشۇناسلىق ھېسابلىنىپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات ئادەم قىممىتىنىڭ سۇبيېكتىپ مەنىسىنى نىشان قىلىپ، ئىنسان روھىنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئۇلۇغ ھېسسىيات نۇقتىسىدىن يورۇتۇپ بەردى ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە قىلدى. لېكىن ئەدەبىياتنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى بىر خىل دوگماتىك قىياپەتتە ئەمەس، بەلكى ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرۇش قىياپىتىدە كۆرۈلدى. پسىخولوگىيە ۋە پەلسەپىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بىر قىسىم يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى بىرقەدەر ئىلغار ۋە ئۆتكۈر ئامىللار بىلەن بېيىتتى. نەتىجىدە، خېلى كۆپ سەنئەتكارلاردا رېئاللىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىغا يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى. بۇ خىل يۈزلىنىش چەت ئەل ئەدەبىياتىدا خېلى زور تەسىرگە ئىگە ئېقىمغا ئايلاندى. بۇ ئېقىم «4-ماي» ياشلار ھەرىكىتىدىن كېيىنكى جۇڭگو ئەدەبىياتىغىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رېئاللىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىمۇ مودېرنىزملىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرماقتا. ئەدەبىيات تەتقىقاتىمۇ سوتسىئولوگىيە ۋە تارىخشۇناسلىقتىن پسىخولوگىيە ۋە مەدەنىيەتشۇناسلىققا قاراپ يۈزلەندى. مانا بۇلار بىلىشنىڭ چوڭقۇرلاپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئالەمدىكى ئورنى ۋە قىممىتى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. بۇ جەرياندا ئىنسانلار كۆپ نەرسىنى يوقاتتى ۋە كۆپ نەرسىگە ئېرىشتى. «ئۆزىدىكى مەن»نى ئىزدەش ئۈچۈن، «ئۆزىدىكى مەن»نى يوقىتىش كىشىلەرنىڭ ئالەم ئېڭى ۋە مۇستەقىل مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىلەيدىغان پسىخىك ئامىل بولدى. پسىخولوگلار «ئۆزىدىكى مەن»نىڭ ھەربىر قېتىملىق تاللىنىشى مول ئىجادىي ئىمكانىيەتكە ئىگە، ئۇنىڭ ھەربىر قېتىملىق ئىجادىيىتى دۇنيانى يارىتىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىمۇ يارىتىدۇ، دېگەن يېڭى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەتىجىدە، پۈتكۈل سەنئەت دۇنياسى ئەنە شۇنداق ناھايىتى ئىنچىكە روھىي قاتلامنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ قىممىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر نامايان قىلدى. مەسىلەن، فرويدنىڭ روھىي ئانالىز ئىلمىنىڭ تەسىرى ئەنگلىيە يازغۇچىسى لاۋرېنسنىڭ ھېكايىلىرىدىكى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان پسىخىك گۈزەللىكنىڭ شېئىرىي قىممىتىنى كۆرسەتتى، ئىسپانىيە رەسسامى پىكاسسونىڭ ماي بوياقلىرىدىكى ئاجايىپ سېھرىي رەڭدارلىقنى كۆرسەتتى.

مەنىۋى دۇنيادىكى تۇتۇقلۇق سەنئەتنىڭ بىرقەدەر ئەركىن تىپى بولغان شېئىردا ناھايىتى چوڭقۇر ئەكس ئەتتى. يېقىنقى ئون يىل ئىچىدىكى جۇڭگو شېئىرىيىتىدىمۇ يېڭى بىر دولقۇن شەكىللىنىپ، قىزغىن بەس-مۇنازىرە ئەۋج ئالدى. ھەتتا شېئىرنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنىڭ تېزلىكى ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرىنى ئاجىز ئەھۋال ئاستىغىمۇ چۈشۈرۈپ قويدى.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان مەنزىرىلەر بارلىققا كەلدى، لېكىن يېقىندىن مەيدانغا كېلىۋاتقان بۇ شېئىرلار بىر پۈتۈن قوللاشلارغا ئىگە بولۇپ كېتەلمىدى، ھەتتا ئۇ «چۈشىنىكسىز»، «گۇڭگا»، «ئەنئەنىگە يات» دەپ قارالدى.

مېنىڭچە، بۇ شېئىرلارنىڭ «گۇڭگا» بولۇشى ناھايىتى زىچ ئىچكى مەنتىقىگە ئىگە. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ھەرىكىتىدە ئۆزىگە مەلۇم تەرەپلەر بولۇش بىلەن بىرگە ئۆزىگە مەلۇم بولمىغان تەرەپلەرمۇ بولىدۇ. يولداش گوەن خوڭ: «روھ بىلەن تەننىڭ توقۇنۇشى سەنئەتكارنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى»① دېگەنىدى. دېمەك سۇبيېكتىپ دۇنيا ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئۇپۇقىدىن ھالقىپ تۇرىدۇ. ئادەمدىكى ئەڭ مۇھىم ئېلېمېنتنىڭ بىرى ھېسسىيات بولۇپ، ئۇ ئەركىن، تەرتىپسىز، فورمال لوگىكىغا ئۇيغۇن بولماسلىقتەك ئالامەتلەرگە ئىگە. بىر ماركسنىڭ: «ئىدراك مەڭگۈ مەۋجۇت، لېكىن ئۇ ئىدراك شەكلىدە مەڭگۈ تۇرىۋەرمەيدۇ» دېگەن سۆزىدىن مەنۋىلىكنىڭ نوقۇل ئەقىلنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلمىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. شۇڭا ئادەمدە ئىدراك بىلەن ئانتى ئىدراك بىر-بىرىگە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىۋاسىتە سېزىمنىڭ تۇرتكىسى بىلەن ئەقىل-ئىدراك مەۋھۇملىشىپ ئانتى ئىدراك (يوشۇرۇن ئاڭ)نىڭ ئەۋجىگە چىققان پەيتى دەل ھېسسىياتنىڭ تەۋەللۇت بولغان ۋاقتى بولۇپ، ئۇقۇملار ئىلھامنىڭ ماگمىدەك كۈچلۈك تەپتىدىن ئېرىپ، ھېسسىي كۈچكە ئىگە ئىدېئال مۇھىت ۋە شېئىر يارىتىلىدۇ. بۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ جەريان بولۇپ، شېئىردىكى كەيپىياتنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. گرېتسىيە شائىرى سفېرىسنىڭ: «شېئىر ئادەمنىڭ تىنىقىدا» دېگەن سۆزىنىڭ داۋلىسى مۇشۇنىڭدا. غەرب ھازىرقى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى شېئىر رېئاللىقىنى تەسۋىرلەش بولماستىن، بەلكى تەرجىمە قىلىش دەپ قارىماقتا. بۇ يەردىكى رېئاللىق ئىچكى رېئاللىق بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەنتىقە مۇشۇ رېئاللىقنىڭ قەۋەتلىرىدە بولىدۇ. شۇڭا شائىر ئىشلەتكەن تىل مۇقىم، ئۇقۇملاشقان تىل بولماستىن، بەلكى مۇستەقىل ئىجادىي شېئىرىي تىلدۇر. ھازىرقى شېئىرلىرىمىزدا ئاپتورنىڭ ئۆزگىرىش ئۈستىدىكى «ئۆزىدىكى مەن» نىڭ مەۋجۇتلۇقى مەلۇم نىسبەتتە ئازاد بولۇشقا يۈزلەندى ۋە كاپالەتكە ئىگە بولدى. بۇ شېئىرلار يەنە بىر جەھەتتىن رىتىمى ھەرخىل، قاتلاملىرى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئادەتتە، ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكى مەنىۋى ھاياتتىكى كۆپ خىللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شېئىرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ بىرلەمچى ئامىلى روھنىڭ جىددىي ھەرىكىتىدە بولۇپ، ستېخىيىلىك رەۋىشتە بولىدۇ. بۇ چاغدىكى شېئىرىي كارتىنا خۇددى «چۈش ئىچىدىكى تۇر-

① «جەلپ قىلىش ۋە توقۇنۇش»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى.

مۇش» ياكى «تۇرمۇش ئىچىدىكى چۈش» تەك ئارىلاشما سەزگۈگە ئىگە. دېمەك، كۆپ قاتلاملىق شېئىرىي قۇرۇلما دەل مۇشۇ رېئاللىقنىڭ مەھسۇلى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئادەمنىڭ ئىدراكىغا يات بولغان تەبىئەتنى ئىدراكىغا يات شەكىل بويىچە ئەكس ئېتتىدۇ ھەم چىنلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەمما ئىدراكىغا يات بۇ خىل شەكىل ئىدراكنىڭ مەزمۇنىغا ئىگە. چۈنكى ئۇنىڭغا سۇبيېكتىپ چوڭقۇرلۇق نۇقتىسىدىن تەھلىل ئېلىپ بارغاندا، ئىدراكلىق شەرھكە ئايلىنىدۇ. قەدىمكى زاماندىكى كىشىلەر گۈلدۈرماما، چاقماق، كەلكۈن، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن بىۋاسىتە سېزىم ۋە ئانتى ئىدراك بويىچە قارىغان. شۇڭا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەكلەر تۇغۇلۇپ، ھازىرمۇ بىزنى مول شېئىرىي رەڭدارلىق بىلەن تەمىنلىمەكتە. ھەرقايسى مىللەتلەردىكى توتېملارنىڭ ئۆزىمۇ مىسلىسىز ئەركىن ئانتى ئىدراكلىق تەسەۋۋۇردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ماھىيەتتە ئەينى دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە ھاياتقا بولغان چۈشەنچىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمدىلىكتە كىشىلەر تەبىئەت ھادىسىلىرىگە قارىتا ئىلمىي ۋە ئەقلىي يوسۇندا باھا بېرىشىمۇ، لېكىن ئەنە شۇ دەسلەپكى ساددا تۇرمۇشنىڭ شاھىدى بولغان توتېملار مۇئەييەن ئورتاق روھنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى. ئادەتتە، بالىلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى كىشىنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرىدۇ، چۈنكى ئۇلاردىن كۈچلۈك ساددىلىق ۋە پاكلىق چىقىپ تۇرىدۇ. شائىرلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەت ئۈستىدىكى تەپەككۇرىمۇ ئەنە شۇ بالىلارنىڭ تەپەككۇرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ. شۋېتسىيەلىك پسىخولوگ جۇنگ «يوشۇرۇن ئاڭ پسىخولوگىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بالىلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاي ئادەم ياكى بىر چىراي، يۇلتۇزلارنىڭ مۇھاپىزەتچىسى، ئۇششاق بۇلۇتلار بولسا قوزىچاق، قورچاق بالىلارمۇ سۇ ئىچىدۇ، تاماق يەيدۇ، ئۇخلايدۇ... كالا ئاتىنىڭ ئايالى، ئىت بولسا مۈشۈكنىڭ كۆيۈسى». روشەنكى، بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ئىنتايىن گۈزەل ۋە مول بولۇپ، گويا ئۇلارنىڭ لۇغىتىدە «ئەقىلگە سىغمايدۇ» دېگەن سۆز يوق. شۇنداق بولسىمۇ، كۈچلۈك تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بۇنداق خىيالىلىق بالىلار بىرقەدەر ئاشكارا كۆرۈلسىمۇ، چوڭلاردا بىنھان بولىدۇ. بىز تۇرمۇشتا ئەتىرگۈلنىڭ پۇرىقىنى كۆرەلمىسەكمۇ ھوزۇرلىنىمىز، يوشۇرۇن ئاڭمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا، سەزگۈنىڭ غىدىقلىشى بىلەن ئىنساننى خىلمۇخىل ھاياجانغا سالىدۇ. تاگورنىڭ شېئىرلىرىدىكى سېھراتلار ۋە «ئوغۇزنامە»، «ئىككى تېكىننىڭ رىۋايىتى» شۇنىڭدەك كۆپلىگەن ئېسىل مىفلىرىمىزدىكى تەسىرلىك لىرىزملار دەل دۇنيانى ئادەملەشتۈرۈشتىن كەلگەن. ناۋايىنىڭ پاساھەتلىك غەزەللىرىمۇ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ تۇرغان تەسەۋۋۇر دۇنياسىدىن كەلگەن. بىر ئاددىي كۆزىمىز بىلەن ھەمىشە كۆرۈپ تۇرغان بىر تاغ چوققىسى يەنىلا ئاشۇ تاغ چوققىسى، ۋەھالەنكى مەنىۋى تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان تاغ چوققىسى رەقىب، رەپىق، ئالۋاستى، پەرىزات قاتارلىقلارغا ئۆزگىرەلەيدۇ.

ئىزدىنىش ئۈستىدە كېتىۋاتقان يېقىنقى بىر قىسىم شېئىرلاردا ئالۋۇنغا ئوخشاپ،

كېتىدىغان ئەنە شۇنداق ئىچكى رىتىملىق مۇنتازلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە سەكرەتمىلىك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئۆز ئىمكانىسىنى تېپىشقا باشلىدى. بىز شېئىر ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا كۆپ ھاللاردا ئۇنى ئانالىز قىلىشتىن بۇرۇنلا ياخشى كۆرۈپ قالىمىز. كۆرۈلۈپ تۇرىدۇكى، ئىدراك شەكلىدىكى تەھلىل باسقۇچىمۇ ھېسسىياتلىق ئۇچرىشىشتىن كېيىن يۈرگۈزۈلىدۇ. مانا بۇ ئەقلگە ئوخشىمايدىغان ھېسسىياتلىق تەپەككۇرنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇرغا ئايلىنىش جەريانى. ياش شائىرلارنىڭ «ئۆزىدىكى مەن»نى بىلىش تىرىشچانلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يېڭى شېئىرلار كىتابخانلار قەلبىنىڭ نامەلۇم جايلىرىدا تىنىپ ياتقان بىر خىل ئىجادىيەت ئىقتىدارىنى، يەنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ئويغاتماقتا.

مەلۇمكى، شائىر بىلەن كىتابخان ئوتتۇرىسىدا مەنىۋى ئالمىشىش بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇچۇر نەزەرىيىسىدىكى شەخس ۋە كوللېكتىپلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئوخشىمىغان ماھىيەتكە ئىگە «ئۆزىدىكى مەن»نىڭ ئالمىشىشىدىن ئىبارەت. يۇگوسلاۋىيىلىك پسىخولوگ يېرىكنىڭ قارىشىچە، سەنئەتكارنىڭ قەلبىدىكى تەسەۋۋۇر غىل-پال چاقناش ھالىتىدە سىرتلىنىدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ قەلبىگىمۇ شۇ خىل رەۋىشتە ئېقىپ كىرىدۇ، نەتىجىدە، سىڭىشىش جەريانىدىكى خىرە گۈزەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شېئىرىي گۈزەللىك كافكانىڭ ھېكايىسىدىكى قەلئەدەك ئېنىقسىزلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى ئىپادىلەپ چېكىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

ھەقىقىي ياخشى شېئىرنىڭ زوقلاندۇرۇش كۈچى مەڭگۈ خورىمايدۇ. ئۇ مۇئەييەن بىر ۋاقىت ئىچىدە پەيدا بولۇپ، رول ۋە قىممەت جەھەتتە شائىرنىڭ ئۆزىدىن، دەۋرىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ ئىنسانىنىڭ غوۋالىق ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىنچىكە مەنىۋى قىممىتىنى قېزىشقا ئىنتىلىشى، يۇقىرىقى نۇقتا بويىچە قارىغاندا، ئىستىقباللىق روھنىڭ بىخلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ئىجابىي ئەنئەنىنىڭ راۋاجى بولۇپ، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى جەھەتتە سىرتنىڭ تەسىرى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولماقتا.

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ئىلغارلا بولىدىكەن، ھەرقانداق چېگرىدىن ھالقىپ ئۆتەلەيدۇ. ھازىرقى زامان دۇنيا مەدەنىيىتى كۆپ لېنىيىلىك ئالماشتۇرۇش ۋە قېزىش ئۈستىگە قۇرۇلماقتا. غەرب مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ ھازىرقى بەزى ئىلغارلىقى بىلەن شەرققە تەسىر كۆرسەتكەن بولسا، شەرق مەدەنىيىتىمۇ ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە مۇستەھكەملىكى بىلەن غەربكە تەسىر كۆرسەتكەن. باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، پسىخولوگ جۇڭ شەرقنىڭ X ئەسىردىكى دەرسلىك قوللانمىلىرىنىڭ غەربكە نىسبىيچىلىك پەلسەپىسىنى تونۇشتۇرغانلىقىنى، روھىي ئانالىز ئىلمى بايقىغان مۇرەككەپ جەريانلارنىڭ جۇڭگونىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا ئۇچرايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. گېگىل، گېيوتىلارمۇ جالالىدىن رۇمى، ھافىز شىرازىنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان تەسىرىنى تىلغا ئېلىشىدۇ. غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرى بولغان شوپېنھاۋېر، نىتسشىلارنىڭ پەلسەپىسىمۇ ھىندىستاننىڭ بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ئەمەس، ئۇلار-

## ليۇ زەيفۇنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىياتتىكى مۇنازىرە توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

A ليۇ زەيفۇ

B ليۇ شۈيېۋەن

### پۈتۈن ئەدەبىيات تەتقىقاتى قۇرۇلۇشقا بۇرۇلۇشى كېرەك

B: ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىنىڭ مەسئۇلى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە قانداق قارايسىز؟

A: ھازىرقى ھالەتنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى، ئالدى بىلەن يېقىنقى مەزگىللەردىكى ئون يىللىق مۇساپىنى تەھلىل قىلىش كېرەك. پۈتۈن ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئىدىيىۋى ئازادلىق ئېقىمى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى قايتا مۆلچەرلەشتىن باشلاندى، بىر تەرەپتىن، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى بىرقەدەر قىسقا بولغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ سىياسىي بىلەن مۇناسىۋىتى بەك قويۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈزىتىش بۇ تەرەپتىمۇ ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىش بىلەن ئەكس ئەتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى 1957-يىلى «ئوڭچى» قىلىۋېتىلگەن يازغۇچىلارنى ئۆزىدىن سىرتقا قالدۇرغانىدى، قالايمىقانچىلىقنى تۈزىتىش ئارقىلىق ئەي چىڭ، دىڭ لىڭلارنىڭ ئىسمى قايتا ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇگۈنكى دەۋر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ۋاڭ مېڭ، ليۇ بىنيەن قاتارلىقلارمۇ يېڭىدىن پەيدا بولدى، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتى ئورنىغا كەلدى.

B: قالايمىقانچىلىقنى تۈزىتىشنىڭ بۇ جەريانى قانچە ئۇزۇن داۋاملاشتى؟

---

نىڭ ئىدىيىسى ئايلىنىپ كېلىپ يەنە لۇشۈن، گومورولارنىڭ ئىجادىيىتىگە دەسلەپكى قەدەمدە تەسىر قىلغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شۇنى ھېس قىلىمىزكى، كىشىلەر تەرىپىدىن «گۈڭگا» دەپ سۈپەتلىنىۋاتقان شېئىرلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەرگىزمۇ تەسادىپىي ئەمەس. چۈنكى تارىخ ئۈزۈلمىسە، ئەنئەنىمۇ ئۈزۈلمەيدۇ. گۈڭگالىقنىڭ ئۆزى رېئاللىق بولۇپ، پىسخىكا تەبىئەت (ئىككىنچى تەبىئەت) نىڭ مەنزىرىسىدىن دېرەك بېرىدۇ. «بىر مىللەتنىڭ پىسخىك ھاياتىدىكى غۇۋالىقنىڭ ئەكس ئېتىشى ئوخشاشلا پارلاقلىقنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر» جۇڭ-نىڭ بۇ سۆزىنى ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

A: ئىنتايىن سول ئىدىيىۋى ئېقىم ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بالايىئاپەت، بەك ئېغىر بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش خىزمىتى خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلدى. يېقىنقى ئۈچ-تۆت يىل مابەينىدىلا يېڭى ئەھۋاللار يۈز بېرىشكە باشلىدى. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئەدەبىي تەنقىد ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش پەۋقۇلئاددە جانلاندى. بۇ ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تېز راۋاجلانغانلىقى، كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى، يېڭى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز سادىر بولغانلىقى، بۇلارنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا بولغان تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقىدىن بولدى. بۇ يېڭى ھادىسە، يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار ئاجىز كېلىپ قالغان بولغاچقا، بۇ ئەھۋال ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى ئەسلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رامكىلارنى بۆسۈپ تاشلاشقا مەجبۇرلىدى. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ئىشىك-دېرىزىلەرنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن توختىماي ئېقىپ كىرىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم غەرب ئەللىرىنىڭ ھەرخىل نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئۇسۇللىرى ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى تېخىمۇ كەڭرى زېمىن بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ئارقىلىق تەتقىقاتنىڭ ئۆزىدىمۇ خۇددى ئىجادىيەتكە ئوخشاشلا كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىش باشلاندى.

B: بۇ بىر داۋالغۇش دەۋرى، تولغاق دەۋرى، كۆز يورۇش ۋاقتى كۈنسايىن يېقىنلىشىۋاتقان دەۋر بولدى.

A: شۇنداق، لېكىن بۇ خىل داۋالغۇش ۋە تولغاقنىڭ «تارقىلىش دائىرىسى» ئانچە تەكشى بولالمىدى، بەزى جايلاردىكى ئۆزگىرىش دېيەرلىك چوڭ بولمىدى.

B: سىزنىڭ كۆزدە تۇتقىنىڭىز كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىمۇ؟

A: مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، دەل كلاسسىك ئەدەبىيات، بۇ تەرەپتىكى تەتقىقات ھەددىدىن زىيادە ئاستا بولدى، ئىدىيىدىكى جانلىنىش يېتەرلىك بولمىدى. ئەلۋەتتە، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بار. ئۇ بىلىم جەھەتتە، كۈچ-قۇدرەت جەھەتتە، ماتېرىيال جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ تەييارلىققا موھتاج. ئۇنىڭدىن باشقا، كلاسسىك ئەدەبىيات ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھازىرقى زامان ۋە بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىغا قارىغاندا كۆپ مۇرەككەپ، لېكىن تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان قەدىمكى ئەدەبىيات گەرچە تارىخىي مىراسقا مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما بۇ خىل تەتقىقاتنىڭ ئۆزى يەنى ئۇنىڭ خاراكتېرى ھازىرقى زامان ئەدەبىيات دائىرىسىگە ياتىدۇ. مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى دەل مۇشۇ يەردە. شۇڭا كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا بۈگۈنكى دەۋرلىك بولۇش كېرەك. بۇ خىل تەتقىقات ئوبيېكتىغا چوقۇم ھازىرقى زامان ۋە دۇنيا خاراكتېرلىك مەدەنىيەت كۆز قارىشى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتتىمۇ يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن لياڭ چىچاۋ، ۋاڭ گوۋېي، چېن يىنكې قاتارلىقلار يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيەت شەكلىنى قوللىنىپ، جۈملىدىن، غەربنىڭ ئەدەبىيات ۋە ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەرىنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ قەدىمكى دەۋر ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا كىرىشكەنىدى. مەسىلەن،

ۋاڭ گوۋېي ئۆزىنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش تەتقىقاتى» دا شوپېنخائورنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىن پايدىلانغانىدى. چېن يىنكې «ۋاڭ جىڭئەن ئەپەندىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىگە كىرىش سۆز» دېگەن كىتابىدا ۋاڭ گوۋېينىڭ ۋەسىيىتىدىكى ئىلمىي مەزمۇن بىلەن بىلىم ئىگىلەش ئۇسلۇبىنى ئۈچ ماددىغا يىغىپ، ئۈچىنچى ماددىسىدا «چەتتىن كەلگەن ئۇقۇم-نەزەرىيەلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئەزەلدىن بار بولغان ماتېرىياللار بىلەن ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇش لازىم» دېگەنىدى. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا مۇنچە چوڭ تەرەققىياتنىڭ بولالىشىدىكى بىر سەۋەب، تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ بىلىم يىلتىزىنىڭ نىسبەتەن چوڭقۇر بولغانلىقى؛ يەنە بىرسى، غەربتىن كىرگەن ئىلىم-پەننىڭ بۇ ساھەگە يېڭى ۋە ساپ ھاۋا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىدە. ھازىرقى تەتقىقاتچىلارمۇ مۇشۇ ئىككى تەرەپكە قاراپ تىرىشماقتا.

B : يېقىنقى يىللاردىن بېرى كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتە يېڭى بۆسۈش ئېغىزلىرى بايقالدىمۇ؟

A : بايقالغانلىرى بار. بىز يېقىندا پۈتۈن مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ئىلمى «7-بەش يىللىق» پىلان يىغىنىنى ئاچتۇق. مۇنداق ئىككى تېما ناھايىتى زور داغدۇغا پەيدا قىلدى: بىرسى، ۋاڭ ياۋ ئەپەندىنىڭ مەسئۇللۇقىدا يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىدىغانلاردىن ئون بەش نەپەر كىشىنى تاللاپ، ۋاڭ گوۋېي، چېن يىنكېلاردىن تارتىپ تاكى ۋاڭ يۈەنخۇاغا قەدەر ئۆتكەن تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىش، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ھەمدە يەنە بىرسى، يولداش چېن بەيخەي مەسئۇللۇقىدا كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىگە نىسبەتەن ماكرولۇق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلاردىن ھالقىغان بىر خىل تىرىشچانلىق ھېسابلىنىدۇ.

B: بۇنى ئىجادىيەت ساھەسى بىلەن ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى داۋالغۇش ۋە بۆسۈشنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ چۈشىنىشكە بولامدۇ-يوق؟

A : مۇشۇنداق دېيىشكە بولىدۇ. ھېچبولمىغاندا، مۇناسىۋەتلىك.

B : ئۇنداقتا، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش جەريانىدىكى ئالدىنقى يەتتە-سەككىز يىلنى سالامەتلىكنى ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئوخشاپ كېتىدۇ دەيدىكەنمىز، يېقىنقى ئۈچ-تۆت يىل مابەينىدىكى ئەدەبىياتتىكى قايتا ئويلىنىشنى، يېڭى نۇقتىئىنەزەر، يېڭى ئۇسۇللارنىڭ كىرگۈزۈلۈشىنى ۋە ئەسلىدىكى ئەنئەنىگە بولغان بۆسۈشنى «ئون ئاي قورساق كۆتۈرۈش» كە ئوخشاتساق بولىدىكەن. كۆز ئالدىمىزدىكى ئەھۋال يېڭى بوۋاقنىڭ دۇنياغا كېلىشىغۇ دەيمەن.

A : جايىدا گەپ بولدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئالدىنقى ئون يىل يەنىلا تەييارلىق بىلەن، يولنى تازىلاش بىلەن كېڭىشىش ۋە چوقان سېلىش بىلەن ئۆتتى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا بىز تېخىمۇ ئاڭلىق يوسۇندا ئىلمىي قۇرۇلۇشقا قەدەم قو-

يېمىز. قۇرۇلۇش دېگىنىمىز، سىياسىي جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش تەلىپىنى قانائەتلەندۈرۈش دېگەنلىك ئەمەس، ياكى چۇقان سېلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتنىڭ، ئىلىمنىڭ ئىچكى تەلىپى بويىچە خىزمەت قىلىش دېگەن گەپ؛ ئىككىنچىسى، يالغۇز يېڭى بولۇشقىلا دىققەت قىلىپ قالماي، چوڭقۇر بولۇشقىمۇ دىققەت قىلىش لازىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يېڭى نۇقتىئىنەزەر ۋە يېڭى ئۇسۇل - چارىلەرنى كونكرېت ئىلىم - پەن قۇرۇلۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك، ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى كونكرېت ئىلىم - پەندىكى ھەقىقەتنى ئىزدەشكە خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك؛ ئۈچىنچىسى، قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك تەتقىقات پارچە - پۇرات بولماسلىقى بەلكى سىستېمىلىق بولۇشى كېرەك. يولنى تازىلاپ، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەشەببۇس قىلغان چاغدا، پەقەت بىرەر يېڭى قاراش، ئاز - ماز بوۋسۇش، لاپپىدە يانغان بىرەر يورۇقلۇق بولسىلا، دېمەك بۇ ئۇنىڭ قىممىتى بولغانلىقى، لېكىن قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللانغاندا، چوقۇم سىستېمىلىق بولۇش شەرت. مەسىلەن: بېيجىڭ داشۆ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ھازىر «XX ئەسىردىكى جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى»نى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ بىر خىل يېڭى تىپتىكى دەۋر ئايرىش ئۇسۇلى؛ ئۇ ئالدى بىلەن يېڭى بىر چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا ئالغان. بىراق، نوقۇل ھالدا مۇشۇنداقلا بىر تارىخىي ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇش كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە يىگىرمىنچى ئەسىردىكى ھېكايىچىلىق تارىخى، XX ئەسىردىكى شېئىرىيەت تارىخى قاتارلىقلارنى پەرز قىلىش لازىم. ئۇلارنىڭ بۇخىل سىستېمىلىق قۇرۇلۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

B: سىز ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ چوقۇم قۇرۇلۇشقا بۇرۇلۇشى لازىملىقىنىڭ ئاساسلىرىنى يەنىمۇ كەڭرەك سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

A: مېنىڭچە، مۇنداق ئىككى خىل ساۋاقنى، ئالدى بىلەن «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ساۋىقىنى چوقۇم قوبۇل قىلىش كېرەك. «4 - ماي» دەسلەپتە ئويغىتىش خاراكتېرلىك ھەرىكەت ئىدى، لېكىن ئۆز ۋاقتىدىكى «مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش ۋەزىيىتى بەكمۇ جىددىي بولۇپ كەتكەچكە، مەدەنىيەتنىڭ ئاۋانگارتلىرى ناھايىتى تېزلىك بىلەنلا «مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش»قا يۈزلىنىپ، ئىنقىلابنىڭ ئەمەلىيىتى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بۇ ئەلۋەتتە ناھايىتى زۆرۈر ئىدى؛ لېكىن ئىلمىي قۇرۇلۇش ئۇچۇن يېتەرلىك ۋاقىت بولمىدى. «4 - ماي» مەزگىلىدە ئىلمىيلىك ھەقىقىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋاقىت ئىنتايىن قىسقا بولدى. ھالبۇكى، ياۋروپادىكى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش ۋاقتى تولىمۇ ئۇزۇن بولدى، مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆز كلاسسىكلىرىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئىجادىيىتىنى تۇرغۇزۇشقا مۇۋاپىق بولالىدى. بىز ئەكسىچە ھەقىقىي ئەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ھېچقانچە «يېڭى كلاسسىك ئەسەر»لەرنى ئىجاد قىلالمىدۇق، كۈچلۈك يېڭى ئەنئەنە شەكىللەنمىدى. بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىدىن سۆز ئېچىلسىلا خىيالىمىز بىردىنلا «ئەلقىسسە» بىلەن

باشلانغان رومانلارغا يەنى «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇ بويىدا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» دېگەنلەرگە كېتىدۇ. روسىيە ئەدەبىياتى مۇنداق ئەمەس، روسىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى تىلغا ئېلىنغان ھامان، كىشىلەر ئالدى بىلەن پۇشكىن، گو-گول، تولستوي، دوستويېۋسكىلارنى ئېسىگە ئالىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، بىزنىڭ يېڭى ئەدەبىيات ئەنئەنىمىز بار، لېكىن دېگەندەك كۈچلۈك ئەمەس. لۇشۈن «يېڭى جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنەررىجىسى ھېكايىلاردىن ئىككىنچى توپلام»نىڭ كىرىش سۆزىدە ئۆز ھېكايىلىرىنى «4-ماي» مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ «ئەمەلىي نەتىجىسى»نى نامايان قىلدى، دېگەنىدى. بۇ راست گەپ. چۈنكى «ئەمەلىي نەتىجە» بەك ئاز بولغاچقا، لۇ-شۈن نائىلاج ھالدا شۇنداق ئېيتقان. خۇشنى ئۆزىنىڭ «جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى» دېگەن ماقالىسىدىمۇ «تەشەببۇس ئارمىنى بولۇپ، ئىجاد دەرمانى بولمىغان»لىقىنى تىلغا ئالغانىدى. شۇ چاغدىكى ساۋاقلا ئاساسەن، بىزگە ھازىر جىددىي زۆرۈر بولۇۋاتقىنى قۇرۇلۇش. بىز «4-ماي» باشلاپ بەرگەن يېڭى ئەدەبىياتنى، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنى تېخىمۇ كۈچلۈك قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. شۇڭلاشقا مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە قۇرۇلۇشنى تەرغىپ قىلىۋاتىمەن.

B: ئىككىنچى ساۋاق قايسى؟

A: بۇ ئازادلىقتىن كېيىنكى ئىش. ئوتتۇز نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن ھەقىقىي رەۋىشتە ئولتۇرۇپ قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋاقىت راستىنلا بەك ئاز بولدى.

B: 1957-يىلدىن بۇرۇن بىر مەھەل قۇرۇلۇش پۇرسىتى بولغانىدى. 1957-يىلدىن كېيىنكى ۋاقىت پارچىلىنىپ كەتتى.

A: توغرا، قۇرۇلۇش ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا بولدى، ئۇلاپ تەپەككۇر قىلىش كەم بولدى. پاۋلوۋ ئۆزىنىڭ ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىش تەجرىبىسىنى بىرىنچىدىن، ئۇلاپ تەپەككۇر قىلىش، ئىككىنچىدىن، ئۇلاپ تەپەككۇر قىلىش، ئۈچىنچىدىنمۇ ئۇلاپ تەپەككۇر قىلىشتىن ئىبارەت، دېگەنىدى. قۇرۇلۇش ئۈچۈن چوقۇم ئۇزۇن مەزگىللىك ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ۋاقىت بولۇش كېرەك. بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەر ھامان بۇ خىل ئۇلاپ ئويلىنىش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىدۇق. ھەقىقىي ھالدا ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان يىللىرىمىز بەك قىسقا بولدى، بۇ بىزنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى ئىلىم ساھەسىدىكى تەرەققىياتىمىزغا جىددىي چەكلىمە پەيدا قىلدى.

B: بىزنىڭ قالايمىقانچىلىقنى تۈزىتىشىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى داۋالغۇش ۋە چۇقان-سۈرەنلىرىمىزمۇ خېلى قىزغىن بولدى، لېكىن قۇرۇلۇش بىزگە ئادەتتىن تاشقىرى جاپالىق بولۇۋاتىدۇ. سىزنىڭ باشتا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىڭىزدىن باشقا، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى پىكىر قىلىش شەكلىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ-قانداق؟ ياۋروپا چوڭ قۇرۇلۇشىدىكى بىر قىسىم نەزەرىيەچىلەر ئوخشاشلا دېگۈدەك توغما ھالدا ئۇ نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە ماھىر بولۇپ كەلدى. ۋەھالەنكى بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز ئىچىدە سىستېمىلىق

تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇپراق بەكمۇ ئاز بولدى. كۆپ بولغانلىرى بايۋەچ-
چىلەرچە ئۆز - ئۆزىمىزنى ئىپادىلەشتىنلا ئىبارەت بولدى، يەنى چېكىپ تۇرۇپ باھالاش
شەكلى، بىراقلا ھاياجانلىنىش شەكلى، تاماشا قىلىش شەكلى قاتارلىق تەنقىدلا بولدى،
خالاس ...

A: سىز بۇ مەسىلىنى ناھايىتى توغرا ئوتتۇرىغا قويدىڭىز. نەزەرىيە ئۇسۇلى پەيكىر
قىلىش ئۇسۇلى دېمەكتۇر. بىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىز، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، سەرپە-
ياتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان، قۇرۇلۇشچانلىقى ئاجىز بولغان مەدەنىيەت.
جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئورنى چوڭ بىر مەدەنىيەت
تۈرى ئىچىدە مۇقىملاشقان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تۈر ئىچىدىكى مۇقىم نۇقتا،
ھېچكىمنىڭمۇ بۇ تۈردىن ھالقىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس، ھالقىغان ھامان خاتا-
لىششى تۇغۇلانلا كەپ. شۇڭا ئۇلاردا ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئاڭلىق روھ
كەمچىل، ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزىگە نىسبەتەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ
بارىدىغان، تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىغان مەدەنىيەت روھى كەمچىل. فېئودال
ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ۋەھشىيلىكى كىشىلەرنى ئۆزىنى قوغداشتا مۇھىم بولغان «ئۇسۇل -
چارە» لەرگە ئامراق قىلىپ قويغان. ئۇلار پۇل تاپقاندا، بۇ پۇللارنى قۇرۇلۇشقا ئە-
مەس، بەلكى «يۈز - ئابروي» غا سەرپ قىلدى. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەككە
ئىشلەتتى، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە، بايۋەچچىلىك قىلىشقا خەجلىدى، ھەممىسىنى سەرپ قىـ-
لىپ تۈگەتتى. قەدىمكى پادىشاھلار ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان ھامانلا ھەددىپ ئۆي-
ئىمارەت، ئوردا، قەبرىستانلىق، ھەرەمباغ... ياساش بىلەن بولغاندى، مانا مۇشۇنىڭ
ئۆزىلا سەرپىياتچانلىقى بولغان مەدەنىيەت. ھەتتا چوڭ قانالمۇ سەرپىياتنىڭ مەس-
ئۇلى. قانال قېزىش ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پادى-
شاھنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرۈشى ئۈچۈن ياسالغاندى. ھازىرمۇ بەزى «ئون مىڭ
يۈەنلىك ئائىلىلەر» تاپقان پۇلنى قانداق خەجلەشنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلار بۇتخانا،
قەبرە ياساش، زىياپەت بېرىش، ھەتتا قىمار ئويناش بىلەن بەنت. مۇشۇ پۇلنى ئىش-
لىتىپ زاۋۇت قۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، پايچىك بولۇش ئۇلارنىڭ
خىيالىدا يوق، ئۇلار بۇ پۇلنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا، تەكرار قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىش-
نى ئويلىمايدۇ. بۇ راستىنلا سەتچىلىك! بۇ دەل سەرپىيات تىپىدىكى مەدەنىيەتنىڭ
ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدىكى ئىپادىلىنىشى. ئەلۋەتتە، ئۆلىتىمىزمۇ تەكرار ئىشلەپچى-
قىرىش، تەكرار قۇرۇلۇش ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلىشى كېرەك.

B : ماركوس ۋېبېر غەربتىكى پروتېستانت دىنىي قائىدە - يوسۇنلىرىنى تەتقىق
قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ دىن تۈپەيلى ئاڭلىق ھالدا پارلاق سەرپىيات ھەۋەسلىرىدىن
ۋاز كەچكەنلىكىنى، پۈتۈن كۈچى بىلەن مەبلەغنىڭ جۇغلانمىسى ۋە تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى
كېڭەيتىپ، پۇل تېپىپ باي بولۇشنى خۇدانىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان رەھمىتى دەپ تونۇغانلىقى-
نى، نەتىجىدە، دەل ئۇلار ياشىغان جايدا ئەڭ دەسلەپكى كاپىتالىزمنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى
بايقىغانىدى. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز دەل بۇنىڭ تەتۈرسىچە بولدى. بىز ئاڭلىق ھالدا

بارلىق قۇرۇلۇش (جۈملىدىن، ئۆزىمىزنى قۇرۇش) ئارزۇ - ھەۋەسلىرىمىزنى چەكلىدۇق؛ بۇنىڭ بىلەن، كاپىتالىزم تەبىئىيكى بىز تۇرغان ماكاندا دۇنياغا كېلەلمىدى. ھازىر بۇ خىل سەرپىيات مەدەنىيىتى روشەن ھالدا ئىسلاھاتقا توسالغۇ بولماقتا، ئۇ ئوخشاشلا روشەن ھالدا ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە قۇرۇلۇشىغا توسالغۇ بولماقتا.

A: مەن بايا ئىككى ساۋاقنى تىلغا ئالغانىدىم، سىز ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەسىلە بىلەن جەمئىي ئۈچ بولدى. بىز ئازادلىقتىن كېيىنكى ساۋاقنى ئەستە تۇتۇشىمىز، «4-ماي» نىڭ ساۋىقىنى ئەستە تۇتۇشىمىز، نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ساۋاقلىرىنى ئەستە تۇتۇشىمىز لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى چوقۇم سالماقلىق بىلەن قۇرۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىشكە ئۈندىمەكتە. بۇزۇش ئوڭاي، قۇرۇش تەس ئەمەسمۇ!

## ياۋشۈيىننىڭ تەنقىدى «سىرتماق» ئىچىدە

B: تالاش - تارتىشتا قالغان يازغۇچىلاردىن بىر قانچىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە تەس ئەمەس. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەڭ كۆپ تەنقىد قىلىنغان نەزەرىيىچى ئېھتىمال، سىز بولسىڭىز كېرەك. ئۆتكەن يىلنىڭ بېشىدىن ئېتىبارەن «قىزىل بايراق» ژۇرنىلى ياۋشۈيىننىڭ تەنقىدىي ماقالىسىنى ئىككى نۆۋەت ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلەر گەرچە نەزەرىيىۋى جەڭ قىلىش ئەلپازى بىلەن مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن يۈزمۇ - يۈز ئېلىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرەلمىدى.

A: مەن ياۋشۈيىن ئەپەندىم بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا تەييارلانمىدىم، چۈنكى بۇ خىل مۇنازىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى بولمايتتى. ئۇنىڭ ماقالىسى ئاساسلىق ھالدا 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى، بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىل مابەينىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەنقىدتە بولغان بىر خىل نارازىچىلىق كەيپىياتىنى ھەتتا بىر خىل قارشىلىق قىلىش كەيپىياتىنى ئىپادىلەپ قويدى. ئۇ، بۇ يىللار ئىچىدە ئەدەبىيات ساھەسىدە «دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان نورمالسىز ئەھۋال يۈز بەردى» دەپ كۆرسەتتى. بۇ خىل چېكىدىن ئاشقان بىر تەرەپلىمىلىك ۋە بىمەنىلىك بىلەن تولغان يەكۈنگە نىسبەتەن مۇنازىرە قوزغاش ھاجەتسىز ئىدى، پەقەت سەممىي كۆز قاراش ۋە يازغۇچىنىڭ ۋىجدانى بىلەنلا ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى. خۇددى بىر باشتا سۆزلەشكىنىمىزدەكلا، بىرنەچچە يىلدىن بېرىقى، ئەدەبىي ئىجادىيەت نوقۇل مەدھىيىۋازلىقتىن كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىش تەرىپىگە قەدەم قويدى، بىر تۈركۈم جۇشقۇن، رامكىلاردىن ئەيمەنمەيدىغان ياش كىشىلەر ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىگە كىرىپ «ئارغىماقلار كىشنەلمەيۋاتقان» بۇرۇختۇم ۋەزىيەتنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. بۇ ئۇلۇغۋار دەۋرنىڭ ئېلىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە قىلغان ھىممىتى، ئەدەبىيات ئىشلىرىنى چىن قەلبىدىن قىزغىن سۆيىدىغان بارلىق يازغۇچىلارنى خۇشاللاندۇرىدىغان بىر ئىش ئىدى. بىراق ياۋشۈيىن ئەپەندىم بۇنىڭغا مۇتلەق كۆنەلمىدى، قورسىقى كۆپتى، ھەدېسىلا بۇنى بىر خىل قالايمىقانچىلىق،

ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان «نورمالسىزلىق» دەپ قارىدى. مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا ئۇنىڭ دەۋر بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ بەكمۇ يىراق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. مۇشۇنداق ئارىلىق ساقلانسىلا، كىشىدە خاپىغانلىق تۇغۇلىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆچلۈك، ھەسەتخورلۇقنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەك تەسكە توختىمايتتى. ئەگەر «دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان نورمالسىز ئەھۋال» دېيىشكە توغرا كەلسە، ئەلۋەتتە بۇ ئون يىلنى ئەمەس، بەلكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگەن ئون يىلنى كۆرسىتىش كېرەك. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت بۇ ئون يىل ئىچىدە ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسى ۋەيران بولغان خارابىگە ئايلاندى. پۈتۈن ئەدەبىيات-سەنئەتتە ئۈلگىلىك سەككىز تىياتىر بىلەن ئىككى روماندىن باشقا نەرسە قالمىدى، بۇ رومانلارنىڭ بىرى قەدىمكى سىنىپىي كۈرەشنى تەسۋىرلىگەن «لى زىچىڭ»، يەنە بىرى بۈگۈنكى دەۋر يېزىلىرىدىكى سىنىپىي كۈرەشنى تەسۋىرلىگەن «پارلاق يول» ئىدى خالاس (مەن يولداش خاۋرەننىڭ ئومۇمىي ئىجادىيىتىنى ئىنكار قىلمايمەن). مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن ئىبارەت ئون يىل، ساختا رومانتىزم ئىنتايىن غالجىرلاشقان ئون يىل، ئېلىمىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى «ئەڭ نورمالسىز»، ئەڭ ئېچىنارلىق يىللار ئىدى. «نورمالسىز» دېگەن بۇ قالپاقنى يەنىلا ئاشۇ ئالجىپ قالغان يىللارغا قايتۇرۇپ بېرىۋەتكەن تۈزۈك.

B: ياۋشۈيىن ئەپەندىمنىڭ ماقالىسىنىڭ كۆپ جايلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسى تىلغا ئېلىنىدى.

A: بۇ يەنە بىر مۇھىم مەسىلە. ئەنئەنىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش ئۇنىڭ مۇكەممەل بولمىغان تەرەپلىرىنى دادىللىق بىلەن كۆرۈپ، ئۇنى ئىسلاھاتىمىزنىڭ ئاساسى ۋە باشلىنىش نۇقتىسى قىلىش لازىممۇ ياكى ئەنئەنىنى «مۇتلەق مۇكەممەل» دەپ قاراپ، ھەتتا ئۇنىڭ «ئىششىپ قىزارغان جاي» لىرىنى «شاپتۇل چېچەكتەك گۈزەل» دەپ ماختاپ، ئۇنى ئىسلاھاتىمىزغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان چىرايلىق باھانە-سەۋەبكە ئايلاندۇرۇۋالىمىزمۇ، بۇ دەل بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىختىلاپنىڭ تۈگۈنى. «4-ماي» دەۋرىدىكى لۇشۈن بىلەن «دۆلەت جەۋھىرى ئېقىمى» دىكىلەر ئارىسىدا قوزغالغان مۇنازىرىدىن باشلاپ ھازىرغىچە بۇ تالاش-تارتىش تۈگىمەي كەلدى، بۇ خىل مۇنازىرە تېخى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولىدۇ، لېكىن مۇنداق بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىق، يەنى ياۋشۈيىن ئەپەندىمنىڭ نۇقتىئىنەزەرى مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىسىز. مېنىڭچە، ياۋشۈيىن ئەپەندىمنىڭ ئالدىراپ-تېنەپ «ماركسىزم» تاجىنى كىيىۋالمىغىنى ياخشى. «ئەدەبىيات ئوبزورى» ژۇرنىلىنىڭ بەشىنچى سانىدا لېيۇئەن ھاراق زاۋۇتىدىكى يولداش لى نەيشىڭنىڭ ياۋشۈيىن ئەپەندىم بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرە ماقالىسى ئېلان قىلىنىدى. ئەگەر قىزىقسىڭىز، ئىزدەپ تېپىپ كۆرۈپ بېقىڭ. مەن ھاراق زاۋۇتىدىكى ئىشچىلارنى ئىنتايىن سەگەك ئىكەن، «مەست» بولۇپ قالماپتۇ، «ئېزىپمۇ كەتمەپتۇ» دەپ ئويلىدىم.

B: بىز بىليا روھىي ھالەت، ئاساسىي مەيدان يېقىندىن ياۋشۈيىن ئەپەندىمنىڭ ما-

قالىسىدىكى كىيىنىكى ئەسەرلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتىڭىز. سىز ئەمدى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە مۇنا-
زىرە يېقىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ باقسىڭىز قانداق؟
ناۋادا چوڭقۇم ئىلمىي جەھەتتىن تەھلىل قىلىشقا توغرا كەلسە، ھېچ بولمىغاندا،
مۇنداق بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ، ياۋشۈيىن ئەپەندىمگە ھېچكىم قايىل ئەمەس. ئۇ
تەكەللۇپ ئارقىلىق باشقۇرۇش تەرتىپى ۋە «ئىلاھنىڭ ئەقىدىلىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئىنى-
سانىي ھەۋەسلەرنى يوقىتىش» قاتارلىق كۆز قاراشلارنىڭ ئىلمىمىز ئەدەبىياتىنىڭ تەرەق-
قىياتىغا زىيىنى يوق ئىكەنلىكىنى شەرھلىمەكچى بولغان ۋاقىتتا، بەزىبىر تارىخىي
ھېكايە ۋە ئىلمىمىزنىڭ ئەدەبىياتىدىكى ھادىسىلەرنى تىلغا ئالغانىدى. ھالبۇكى، ئەدەبى-
يات نەزەرىيىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ بىرقانچە ماھىيەتلىك مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ،
مېنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىمگە رەددىيە بېرىپ، ئۆزىنىڭ مۇنازىرە نۇقتىلىرىنى يورۇتۇپ
بەرمەكچى بولغان ۋاقىتتا بولسا، ئاساسلىقى ئۆز ئىجادىيىتىنى يەنى ئۆزى يازغان «لى
زېچىڭ» نى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىپ تۇرۇۋالدى. مۇشۇ ئىش بىر تۈپكى چەكلىمىنى
پەيدا قىلىپ قويىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ھادىسىسى پەقەتكىنە
قىسمەنلىكتىكى تەجرىبە ئىدى، خالاس. ئەكسىچە، نەزەرىيە دېگىنىمىز دەل قىسمەنلىكتى-
كى تەجرىبىلەرنى ھالقىپ ئۆتۈشنى كۆزدە تۇتاتتى. دېمەك، نەزەرىيە چوقۇم پۈتۈن
ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەجرىبىسىنى چىقىش قىلىشى لازىم ئىدى. ياۋشۈيىن ئۆزىنىڭ
ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولغان چاغدىكى ھېسسىياتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىجادىيەت
نەزەرىيىسىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىكتىن، بۇ نەرسىلەر تولىمۇ بىر تەرەپلىمە، قايىل قى-
لىش كۈچى ئاجىز بولۇپ چىقتى؛ شۇڭا، ياۋشۈيىن ئەپەندىمنىڭ ماقالىسى ئەمەلىيەتتە
بىر خىل ناھايىتى كۈلكىلىك «سىرتماق» ئىچىگە كىرىپ قالدى، يەنە ئۆزىدىكى نەرسە
بىلەن ئۆزىدىكى نەرسىنى ئىسپاتلايدىغان بىر نەرسە بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆزى ئىجاد قىل-
غان «لى زېچىڭ» ئارقىلىق ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ «ماركسىزم» ئىكەنلىكىنى ئىس-
پاتلاپ، قايتىدىن ئۆز نەزەرىيىسى، يەنى ئۆزى ئالدىن باھالاپ بېكىتكەن «ماركسىزم»
ئارقىلىق «لى زېچىڭ» نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ خىل ئۆزىدىن ئۆزىگە ماختۇ-
نۇپ ئىسپاتلاش، بۇ خىل «ئۆزى ئۆزىنى ئىسپاتلاش» تىن ئىبارەت كومېدىيىلىك ئۇ-
سۇل ئۇنى «سىرتماق» تىن قۇتۇلالمايدىغان دەرىجىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ پەرەز ۋە
شەرھلەشلىرىنى سەپسەتە بىلەن كۆمۈۋەتتى، ئۇنى ئۆزى ئۆزىگە يېپىشىۋالىدىغان پاراكەن-
دىچىلىككە گىرىپتار قىلدى.
ئەمەلىيەتتە، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى بايان قىلغان چاغدا ياۋشۈيىن ئەپەندىم: B
بىزنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىمىز ئۇلۇغ، شۇڭا بىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزمۇ چوقۇم ئۇلۇغ؛
سەن بىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزنى تەنقىد قىلغان ئىكەنسەن، سەن چوقۇم ئۇلۇغ ئە-
مەس، بەلكى چاكىنا، مەن سېنىڭ ئۇلۇغ ئەمەسلىكىڭنى راۋۇرۇس تەنقىد قىلدىم ھەمدە
سېنىڭ چاكىنا ئىكەنلىكىڭنى كۆرسىتىپ بەردىم، دېمەك، مەن چوقۇم ئۇلۇغ، دەيدىغان
مۇنداق بىر «سىرتماق» نىڭ ئىچىگىمۇ كىرىپ قالدى.
A: شۇنداق سىرتماق بىر خىل پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ قالغان ھامانلا، مۇ-

قەررەر ھالدا پۈتۈن پىكىر قىلىش جەريانىغا سىڭگەن بولىدۇ. بۇنىڭدىن مۇنداق بىر پىكىر قىلىش ساۋىقىنى تاپالايمىز، يەنە نەزەرىيە جەھەتتىكى ئىزدىنىش جۈملىدىن، نەزەرىيە ھەققىدىكى بەس مۇنازىرە ئۆز تەجرىبىلىرىمىز قاتلىمىدا توختاپ قالماسلىقى كېرەك، بەلكى ئۆزىمىزدىكى قىسمەن تەجرىبىدىكى ئايرىم ھادىسىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈشى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېخىمۇ يۇقىرى بولغان قاتلامغىچە كۆتۈرۈلۈپ ئىسپاتلىنىشى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولىدۇ، شۇنداقلا نەزەرىيە ئەخلاقى ۋە ئىلىم-پەن ئەخلاقىغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ ھەم ھېلىقىدەك نەزەرىيەۋى چىقىش يولى بولمىغان، پۈتمەس-تۈگىمەس «سىرتماق» تىن چىقىپ كەتكىلى بولىدۇ.

B: مېنىڭچە، بىزنىڭ ھازىر مۇزاكىرە قىلىۋاتقانلىرىمىز چوقۇم ئەتراپلىق دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان، ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۇسۇل مەسىلىسى. «سىرتماق» قا نىسبەتەن، ئېھتىمال بىز ئادەتلىنىپمۇ قالغاندۇرمىز. ئەڭ گەۋدىلىك مىسال «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»، شۇ چاغدا «ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش» ئۇسۇلى ئارقىلىق «ئۈلگىلىك تىياتىر»لار ئىسپاتلانغان، ئارقىدىن «ئۈلگىلىك تىياتىر»لار ئارقىلىق «ئۈچنى گەۋدىلەندۈرۈش» ئىسپات قىلىنىپ، ئايىغى چىقمايدىغان بىر ئايلىنىش بولۇپ قالغانىدى.

A: دۇرۇس: چۈنكى «سىرتماق» ئىچىدە ياشىغان چاغلىرىمىز ئۇزىراپ كەتكەچكە، بىزگە ئۇنىڭ غەلىتىلىكى بىلىنمەي قالغانىدى. شۇڭا بىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، «ئۆزى ئۆزىنى ئىسپات» قىلىدىغان تار «سىرتماق» تىن قۇتۇلۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ نەزەرىيە خىزمىتىمىز دۇنيادىكى ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە يۈزلىنىشى لازىم. ئاۋادا دۇنياغا يۈزلىنەلمىگەن تەقدىردە ۋەتىنىمىزنىڭ ئەدەبىيات ھادىسىلىرىگە (جۈملىدىن، ھەر خىل تەجرىبە-ساۋاقلارغا) بولسىمۇ يۈزلىنىش كېرەك، ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزگە، ئۆزىمىزنىڭ بىرەر ئەسىرىگە يۈزلەنمەسلىكىمىز كېرەك. ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ قىسمەن تەجرىبىلىرىمىزگىلا يۈزلىنىپ، ئەكسىچە، يەنە ئۆز نەزەرىيىلىرىمىزنى ماركسىزمنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنساق، بۇ ئەلۋەتتە تولىمۇ نادانلارچە خام-خىيال بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ قىسمەنلىكتىكى تەجرىبىلىرىمىز ئارقىلىق باشقىلارغا «ماركسىزمغا خىلاپلىق قىلدى» دەيدىغان جىنايى بەتناملارنى چاپلىساق، بۇ تېخىمۇ نادانلىق ھەتتا ساراڭلىق بولىدۇ.

B: مەن «سىرتماق» تىن تېخىمۇ كەڭ-كۆلەملىك ئويلىنىشنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. بىز كۆپىنچە ھاللاردا توختىماي چەمبىرەك ئايلىنىمىز-يۇ، «داغدام يولدا مېڭىۋاتىمىز» دەپ ئويلايمىز. ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ شۇ خىل پىكىر قىلىش خاتالىقىنى سادىر قىلدۇق. ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىز مەدھىيىگىلا دىققەت قىلدى. ئەدەبىيات-سەنئەت رېئاللىقتىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئارقىسىغا قايتىپ شۇ رېئاللىقنى مەدھىيىلىۋەرگەچكە، نەتىجىدە، رېئال تۇرمۇش «بىر تۇتاش پارلاق» دەيدىغان مەۋھۇم كۆرۈنۈشنىلا يارىتالىدى، خالاس. ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتى ئەگەر تەنقىدىي ئاڭ ۋە ھالقىپ ئۆتۈش ئېڭىدىن ئايرىلسا، ئۆزىگە مەلۇم ئىنسانىي غايىنى سىڭدۈرمىسە،

رېئاللىقتىن «ۋاز كېچىش» نى ئىپادىلەپ بېرەلمىسە، ئۇنىڭ قىممىتىدىن گۇمانلىنىش كېرەك. ئۆز ۋاقتىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت تەنقىدىدە پەقەت «پۇراقلىق گۈللەرنى يۆلەش» بىلەن «زەھەرلىك چۆپلەرنى يۇلۇش» لا قالغانىدى. «پۇراقلىق گۈللەرنى يۆلەش» رېئاللىققا بولغان مەدھىيىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، «زەھەرلىك چۆپلەرنى يۇلۇش» رېئاللىقتىن ۋاز كېچىشنى چەكلەش ئۈچۈن جان-پىدالىق كۆرسەتتى. مۇشۇ خىلدا، تۇرمۇشتىن ئىجادىيەتكە، ئىجادىيەتتىن تەنقىدكە قەدەر پۈتمەس-تۈگىمەس «سىرتماق-چەمبىرەك» لەرنىڭ ھەممىسىنى مېڭىپ كۆردۇق.

A: ئەگەر سەل-پەل كەڭرەك سۆزلىگەندە، جۇڭگونىڭ بىرنەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇنداق ئاستا بولۇشى مۇقەررەر ھالدا بىزنىڭ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە «سىرتماق» شەكىللىك پىكىر قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانلىقىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

B: بىزنىڭ ئەنئەنىۋى پىكىر قىلىش قۇرالىمىز بىر چاغلاردا ناھايىتى ئارقىدا قالغانىدى، لېكىن بۇنى ئېتىراپ قىلغۇمىز كەلمەيتتى. تاكى يېقىنقى زامانغا كەلگەندىمۇ، بىز ئىختىسادتا، ھەربىي ئىشلاردا باشقىلاردىن تولىمۇ ئارقىدا قالدۇق، ناھايىتى روشەن ھالدا ئىنتايىن پاسسىپ، خەقلەردىن دۇمبا يەيدىغان ئورۇنغا چۈشۈپ قالدۇق. ئاندىن بىز ھەسرەت چېكىپ، قايتا ئويلىنىشقا، ئەستايىدىل ھالدا يېڭى تەپەككۇر قۇرالى ئىزدەشكە باشلىدۇق.

A: كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى، بىز دەل «سىرتماق» نىڭ ئېغىر يۈكىدىن بوشىنىپ، يېڭى قۇرۇلۇشنى باشلايلى دەۋاتقاندا، جۇشقۇن روھ بىلەن ئالغا چامداۋاتقاندا، يەنە بىر مەرتىۋە «سىرتماق» شەكىللىك كۈلكىلىك تەنقىدكە دۇچار بولدۇق. ئەلۋەتتە، بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال ئەمەس، پىكىر قىلىشنىڭ ئادەت خاراكتېرى كۆپىنچە تۇرمۇشنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا تېخىمۇ كونسېرۋاتىپراق كېلىدۇ.

B: ئۇنداقتا، سىز «لى زىچىڭ» رومانىغا قانداق قارايسىز؟

A: مەن ھازىر ئاساسلىقى ئەدەبىياتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىلىك ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىۋاتىمەن، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن، شۇڭا تارىخىي رومانلارغا قاراشقا چولام يوق، تېخىچە «لى زىچىڭ» نى كۆرگۈدەك ۋاقتىممۇ يوق. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنى تەتقىق قىلىش پىلانىم بولمايدۇ. مەن پەقەتلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئەمدىلا تۈگىگەن بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئوقۇيدىغان كىتاب بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا مودا قوغلىشىپ «لى زىچىڭ» نى ئوقۇغانىدىم، بۇ پۈتۈنلەي «زېرىككەشتىن كىتاب كۆرۈش» كە ياتىدۇ. مەن بۇ كىتابنى كۆرۈپ بولۇپلا جۇڭگو دېھقانلىرىنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى (غايىلاشتۇرۇش ۋە رومانتىكلاشتۇرۇشنى) ياۋشۆيىن ئەپەندىمگە ئوخشاش مۇشۇنداق ئىنكاسلىسەك بولىدىغان-بولمايدىغانلىقى ھەققىدە دەرگۇمان بولغانىدىم. بىراق، بۇمەسىلىنى بۇيەردە مۇرادىغا يەتكۈزۈپ سۆزلىمەك قىيىن، ۋە بۇ ھەقتە كېيىنرەك بىر نەرسە دەرمەن. ئەدەبىياتنىڭ ئۆز ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «لى زىچىڭ» نىڭ بىرىنچى تومى مەندە نىسبەتەن ياخشى تەسىرات قالدۇرغانىدى؛ لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى، «لى زىچىڭ» نىڭ كېيىنكى توملىرى بىر-

رىدىن بىرى ئاباپ چىقىپ قالدى، يازغانلىرى قاملاشمىدى. بۇ يالغۇز مېنىڭلا شەخسىي ھېسسىياتىم ئەمەس. بۇ خىل «بىرىدىن بىرى ناچار» بولغان دۆكىدىن غۇلاپ چۈشۈش ھادىسىسىنى بەزى يولداشلار ياۋشۇيېن ئەپەندىمنىڭ ھەم چوڭ، ھەم ئەتراپلىق بولسۇن دەيدىغان نىيىتىدىن كۆردى. بەزىلەر ماڭا ياۋشۇيېن ئەپەندىنىڭ ئۈنئالغۇغا ۋە كاتىپىنىڭ رەتلەپ بېرىشىگە تايىنىپ يېزىقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى دەپ بەردى. بۇ خىل چارىنى ھېكايىچىلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان «قىسسە» ئەسلىمىلەرگە قوللانسا مەيلى، لېكىن ئەدەبىياتچانلىقى كۈچلۈك بولغان مۇكەممەل ئەسەرلەرگە قوللىنىشنى ئويلاپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە بەزى يولداشلار «بىرىدىن بىرى ناچار» بولۇپ قېلىشتىكى سەۋەب، ياۋشۇيېن ئەپەندىمنىڭ «ئۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈش»، «يۈكسەك مۇكەممەل» قىلىش قاتارلىق ئەدەبىيات نۇقتىئىنەزىرىدە چىڭ تۇرغانلىقىدىن بولغان، دەپ قارىدى. بۇ خىل نەزەرىيە بويىچە ئۆز پېرسوناژلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن لايىھىلىگەندە، پېرسوناژلارنىڭ ئابستراكت كىنايە بۇيۇملىرىغا ۋە دەۋر روھىنىڭ نوقۇل كانىيىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. لى زىچىڭ، گاۋ خانىمدىن ئىبارەت ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىلدىكى كاناي. قەدىمكى كىشىلەرنى سۈنئىيلىك بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇش، ھەتتا قەدىمكى كىشىلەرنى كلاسسىكلاشتۇرۇش ئاقىۋەتتە ئۇلارنى ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. بۇ تەھلىل سەممىي بولدىمۇ-يوق، ياۋشۇيېن ئەپەندىم قاراپ باقار. بۇ يەردە مەن ياۋشۇيېن ئەپەندىمگە: سىز ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزىڭىزچە سوزۇپ-تارتىپ يورمىسىڭىز قانداق؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىڭىزنى ۋە دۆكىدىن غۇلاپ چۈشۈش سەۋەبلىرىڭىزنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىپ باقسىڭىز بولارمۇ؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، باشقىلارنى جىملەپ كېتىشكە ھازىرچە ئالدىرىماي تۇرسىڭىز، ھەممىلا يەردە باشقىلارنىڭ ئەدەبىيات نۇقتىئىنەزىرىنى ماركسىزمغا خىلاپلىق قىلدى، دەپ ئېيلان قىلىۋېرىشكە تېخىمۇ ئالدىرىمىسىڭىز، دەپ قويماقچىمەن.

B: «لى زىچىڭ»نىڭ دۆكىدىن غۇلاپ چۈشۈشى ئۇنىڭ كېيىنكى بىرنەچچە توملىرى توغرىسىدىكى پىكىرنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۆز ۋاقتىدىكى «ئۈچىنى گەۋدىلەندۈرۈش» نىڭ زەھىرى ئەسەرنىڭ دەسلەپكى بىخلىرىغا ئۇرۇلغاچقا، كېيىنكى چاغلاردىكى كىتابىنىڭ پۈتۈپ چىقىش جەريانى ھامىلىدىكى مايماقلىقتىن مۇستەسنا بولالمىغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ياۋشۇيېن ئەپەندىممۇ شۇ چاغدىكى دەۋرگە قاراپ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن بولغىيدى؟

مېنىڭچە، بىز ياۋشۇيېن ئەپەندىنىڭ روھىي ھالىتىنى تېخىمۇ كەڭ-كۆلەمدىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە قويۇپ كۆزىتىشىمىز، ئۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى چوڭ بۇرۇلۇش پەيدا بولغان ۋاقىتتا مۇقەررەر ھالدا مەيدانغا كېلىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى دەپ قارىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئېلىمىز ئۇلۇغ بۇرۇلۇش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتىدۇ، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ۋە نۇرغۇن شەيئىلەرنىڭ ئورنىدا زور يۆتكىلىش بولۇۋاتىدۇ. مەسىلەن: مىللىتىمىز تۇرمۇشىنىڭ «مەركىزى» سىنىپىي كۈرەشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلدى،

بىزنىڭ ئىقتىسادىمىز بېكىنمۇېلىشتىن ئېچىۋېتىشكە قاراپ بۇرۇلدى، دۆلەتنى باشقۇرۇش
ۋە ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتنىڭ يۈكى كونا بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ مۈرىسىدىن ئۆتتۈ-
را ياش ۋە ياش بىر ئەۋلادنىڭ مۈرىسىگە تەدرىجىي ھالدا يۆتكەلمەكتە، بىزنىڭ ئەدەبى-
ياتىمىزمۇ نوقۇل مەدھىيىلەشتىن كۆپ تەرەپلىملىك ئىزدىنىشكە، كۆپ تەرەپلىملىك مۇسا-
بىقىگە يۈزلەنمەكتە. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئىجتىمائىي خادىملارنىڭ نام - ئاتىقىدىمۇ
ئۆزگىرىش بولماقتا (نام - ئاتاق دېگەنلەرمۇ قىلچە ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس)،
بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياش، ياش سىياسىئونلار، ئالىملار، كارخانىچىلار، ئىنژېنېرلار، مۇخ-
بىرلار، تەھرىر ۋە يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار نامى يوقلۇقتىن نامى بارلىققا كۆتۈرۈلدى،
ھەتتا پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەرنىڭ نام شەرىپىنى مەلۇم دەرىجىدە بېسىپ كەتتى. «چۈجە
سۇمرۇغنىڭ ئاۋازى قېرى سۇمرۇغنىڭ ئاۋازىدىن سۈزۈك» بولۇۋاتقان رېئاللىق نورمال
بولۇپلا قالماي، بەلكى خۇشاللىنارلىق ئىش. بۇ بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ جانلىق ھا-
ياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ يېڭى كىشىلەر
تارىخ سەھنىسىگە چىقىدۇ، ۋەتىنىمىزدىكى ۋە دۇنيادىكى داڭلىق كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن
ئورۇن ئالىدۇ. ۋەتەن ئانىمىزنى ۋە ۋەتىنىمىزدىكى يېڭى ئەۋلادنى ھەقىقىي رەۋىشتە سۆ-
يىدىغان بارلىق پېشقەدەم يازغۇچىلار بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى، ياۋشۆ-
يىن ئەپەندىم بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە سوغۇق چىراي بىلەن قارىدى، بۇ خىل بۇرۇ-
لۇشنى مەيلى پىسخىك جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ھېسسىيات جەھەتتىن بولسۇن قوبۇل
قىلىشنى خالىمىدى. دەۋر ئالامىتىدىكى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىش دەل دەۋرنىڭ ئۈزلۈكسىز
ئالغا بېسىۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەۋر ھامان ئالغا باسىدۇ. ئەگەر ياۋ-
شۆيىن ئەپەندىم بۇ بىر نۇقتىنى چۈشەنمىسە، ئۇ تېخىمۇ كۆپ ئازابقا دۇچ كېلىدۇ.
شۇڭلاشقا، ياۋشۆيىن ئەپەندىمنىڭ ھەسرىتى يېڭى مەزگىلدىكى بىر خىل تىپىك مەدەنى-
يەت پىسخىكىسى بولۇپ قالدى. بۇ خىل ھالەت، يىغىپ ئېيتقاندا، يېڭى ئەدەبىيات
ئېقىمىغا بولغان نارازىلىق ۋە يېڭى بىر ئەۋلاد يازغۇچىلارنى، ئالىملارنى زەردە بىلەن
چەتكە قېقىش. ئەكسىچە، بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى ئۆزىنى ئۆ-
زى پۈۋلەپ كۆككە كۆتۈرۈش ۋە ئۆزلۈكىدىن يوغىناپ كېتىش. شۇڭا، ياۋشۆيىن ئەپەن-
دىمنىڭ ھەسرىتى ۋە غەزىپى، جىددىيراق ئېيتقاندا، مەسئۇلىيەتچانلىقتىن كېلىپ چىق-
قان ئەمەس، بەلكى بىر خىل يوقىتىپ قويۇش خاپىغانلىقى ۋە خاپىغانلىقتىن كېيىنكى
قاراڭغۇچىلىق تۇيغۇسى.

B: بۇ خىل ھالەت ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى تىپىك. ئون يىل ئىلگىرى ئەدەبىيات
مۇنبىرىدە «لى زېچىڭ» قاتارلىق ئىككى پارچە رومانلا قالغان چاغدا، كىشىلەر دەرد-
ئەلەمگە مۇپتىلا بولغان ۋە قايمۇقۇپ قالغانىدى، ئەمدى رومان ۋە باشقا ئەدەبىيات
شەكلى رەڭمۇرەڭ گۈللەردەك بەس - بەستە ئېچىلىۋاتقاندا، بۇ دەرد - ئەلەم ۋە قايمۇ-
قۇشنىڭ نۆۋىتى ياۋشۆيىن ئەپەندىمگە كەلگىنىنى قاراڭ.

A: يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيان، كىشىلەر ياۋشۆيىننى تىلغا ئالسىلا، كۆز ئالدىمىغا
بەكمۇ ئازابلىنىۋاتقان، زادىلا ئۆزىنى تۇتالمايدىغان بىر بوۋاينىڭ ئوبرازى كېلىۋالى-

www.uyghurkitap.com



دىغان بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى بېسىۋالغىنى دەۋر خاراكتېرلىك ئىچ پۇشىقى، دەۋر ئېقىمىدىن چەتنەپ كېتىپ بارغان تەتۈرلۈك دەردى. بۇنىڭ پەۋقۇلئاددە دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ھادىسىسى ۋە مەدەنىيەت روھىي ھالىتى سۈپىتىدە بارلىققا كېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. شۇڭا مېنىڭ ياۋشۈيىنغا ئازراق ھېسداشلىقىممۇ بار. ئەگەر بۇ خىل ئىچ پۇشقى سەممىيلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلسە، ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە. لېكىن ئۇ، ئۆزىنى ئۆزى مەركەز قىلىپ، ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش يولى بىلەن باشقىلارغا زىيان سالماقتا، ئەتراپىدىكى ساغلام ھاۋانى زەھەرلىمەكتە ھەمدە ئۆزىنى ھەقىقىي «ماركسىزمچى» يازغۇچى ۋە «جەڭچى» دەپ جار سالماقتا. ئۇ ئۆتكەندە ئېچىلغان بىر يىغىندا «لى زېچېڭ» نى تەتقىق قىلىشنى «شۇناسلىق» سۈپىتىدە «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» نى تەتقىق قىلىش «شۇناسلىق» ى بىلەن ئوخشاش تۇتۇش كېرەك، دەۋەتتى. بۇ چوڭ گەپنى ئاڭلىغانلار، قىسقىسى، ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ئىشىنىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ ياۋشۈيىن ئەپەندىمنىڭ يالغۇز ئىچ پۇشقىدىلا قالماي، بەلكى بىر خىل چۈشىنىكسىز تىنتىتلىقتا گىرىپتار بولغانلىقىنى ۋە ئۆزىنى مۇبالىغە قىلىۋاتقانلىقىنى ئىزاھلاپ قويىدى. بۇ ئەھۋال بىر پېشقەدەم يازغۇچىنىڭ سالاھىيىتىگە ھەرگىز ماس كەلمەيدۇ. مەن مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدىكى ياۋشۈيىن ئەپەندىمگە ناھايىتى جىددىي قاراپ كەلگەنمەن. مەن خېلى بىر مەزگىل ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنچە پاراكەندە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ئاۋارە بولدۇم. مەسىلەن، ئۇ نېمىشقىمۇ بۇ ئۇن يىلنى ئەڭ «نورمالسىز» ھېس قىلغاندۇ؟ قانداقچە ئۆزىنى «ماركسىزم» نىڭ ۋەكىلى ھەمدە ئەسەبىي دولقۇنلارنى بار كۈچى بىلەن پاچاقلايدىغان «جەڭچى» دەپ بىلگەندۇ؟ بۇ خىل روھىي ھېسسىيات قانداق پەيدا بولغاندۇ؟ دەپ ئويلىدىم. بىراق، ئەمدى ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتتىم، ئۆزۈمچە ياۋشۈيىن ئەپەندىمنىڭ دەردىنى چۈشىنىپ بولغان بولدۇم. ئەپسۇسكى، بەزى يولداشلارنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ دوست تارتىشى ۋە ماختاشلىرى ئەكس ئۈنۈم پەيدا قىلىپ، ياۋشۈيىن ئەپەندىمنىڭ پۇچۇلىنىشى ۋە ئىچ پۇشقىغا كۈچلۈك كومېدىيىلىك تۈس بېرىپ قويىدى.

B ياۋشۈيىن ئەپەندىمنىڭ تەنقىددىن تاشقىرى سىز يەنە بىر خىل تەنقىدكىمۇ يولۇقتىڭىز. ئېسىمدە قېلىشىچە، روسسو «غەربنىڭ پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتابىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، كىتابتا ئىسمى زىكرى قىلىنغان پەيلاسوپلاردىن رابونىستتىن باشقىلىرى توغرىسىدىكى مېنىڭ كەسپىي بىلىمىم ئايرىم تەتقىقات بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىۋاتقان ئادەملەرنىڭكىگە يەتمەيدۇ؛ لېكىن مېنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى پەيلاسوپلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى قېزىپ چىققانلىقىمنى ئايرىم تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر قىلالمايدۇ، دېگەنىدى. روسسو ئۆز ئەسىرىنىڭ بۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەنقىدىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىگەنىدى. ئوخشاشلا سىزنىڭ نەزەرىيە تەتقىقاتىڭىزمۇ پەلسەپە، ئېستېتىكا، پسىخولوگىيە، مەدەنىيەت ئىلمى ھەتتا تەبىئىي پەن قاتارلىقلاردىن ھالقىپ ئۆتكەن بولغاچقا، بەزى مۇتەخەسسىسلەر ياكى مەخسۇس قىزىقىش بىلەن تەتقىق قىلىۋاتقانلارنىڭ رەددىيىسىگە يولۇقىشىڭىز

مۇقەررەر ئىدى.

A: دەل شۇنداق بولدى. بۇ يىل مەن گۇاڭجۇدا داۋالىنىۋاتقان چېغىمدا «قىزىل بايراق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان يولداش يۈجەنجاڭ بىلەن باشقا يولداشلارنىڭ مەن بىلەن تالاش - تارتىش قىلىدىغان ماقالىلىرى «ئەدەبىيات ئوبزورى»دا ئېلان قىلىندى. يولداش يۈجەنجاڭنىڭ ماقالىسى ماڭا ئالدىن ئەۋەتىپ بېرىلدى. ئۇ مېنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى جەھەتتىكى ئىزدىنىشىمنى ناھايىتى قىزغىن قوللاش بىلەن بىرگە، تىل ئىسلاھاتى مەسىلىسىدە تالاشماقچى بولغان پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. مەن ئۇنىڭ ماقالىسىدىن ئىلھاملىنىپ، ئۇنى «ئەدەبىيات ئوبزورى»دا ئېلان قىلىشقا كۆرسەتكەنىدىم. مەن ئوتتۇرىغا قويغان بەزى نەزەرىيە مەسىلىلىرىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل بولۇشى ناتايىن. ئەگەر مۇكەممەل دېيىلسە، ئىزدىنىشتىن سۆز ئاچقىلى بولامدۇ؟ شۇڭا مەن ئىلىمىيلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئورتاق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ جىددىي ۋە سەمىمىي مۇنازىرە ماقالىلىرىنى كۆرۈشنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

بىر يىل «پاك» ۋە «كىكەچ» بولۇشنىڭ نەتىجىسى

B: يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان، سىز ئەدەبىيات سەھنىسى ۋە نەزەرىيە ساھەسىدە جۇشقۇن ئىشلەۋاتقان ئالاھىدە شەخس بولۇپ قالدىڭىز، لېكىن ئۆتكەن يىلى سىز ھەر- قايسى سورۇنلاردا ئاز كۆرۈندىڭىز. ئىلمىي ماقالە ۋە نۇتۇق ئېلان قىلمىدىڭىز دېسەكمۇ بولىدۇ، شۇنداقلا سىزنىڭ يېڭى نەسرىي شېئىرلىرىڭىزنىمۇ بەك ئاز كۆردۇق. كىشىلەر سىزنىڭ بۇ بىر مەزگىلدىكى خىزمىتىڭىز ۋە روھىي ھالىتىڭىزنى بىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

A: ئۆتكەن يىلى سالامەتلىكىم ياخشى بولمىدى، كۆڭلۈممۇ جايىدا بولمىدى. بويۇن ئومۇرتقامدا سۆڭەك ئۆسۈپ قالغانلىقتىن، دائىم دېگۈدەك بېشىم قېيىپ، كۆزۈم قاراڭ- غۇلىشىپ يۈردۈم. دوختۇرلار ماڭا كېسەلنى ياخشى داۋالاش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى، بىر يىل «پاك» ۋە «كىكەچ» بولۇش ھەققىدە مەسلىھەت بەردى. مەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم - دە، دوختۇرلارنىڭ دېگىنىگە كۆندۈم. پاك ۋە كىكەچ بولۇشنىڭ «شەكلەن» ئويلىنىشقا، ئالەم ۋە كىشىلىك ھاياتى ھەققىدە خىيال سۈرۈشكە ئىنتايىن پايدىلىق بولىدىغانلىقىنى سېزىپ قالدىم.

B: ئويلىنىش بىلەن بىللە، يېزىش بىلەنمۇ شۇغۇللاندىڭىزمۇ؟

A: يازدىم، يازغاندىمۇ ئادەتتە يازغىنىدىنمۇ كۆپرەك بىر نەرسە يازدىم. يىغىپ ئېيت- قاندا، ئۆتكەن يىلى ئاساسلىقى، ئىككى ئىشنى تۈگەتتىم. بىرسى، بىزنىڭ ئۇزگانىدىكى بىر ياش ئۇلپەت بىلەن، يەنى لىنگاڭ بىلەن بىرلىكتە «ئەنئەنە ۋە جۇڭگولۇقلار» دېگەن كىتابنى تاماملىدىم. بۇ ئىككىمىزنىڭ 1985 - يىلدىن تارتىپ ئورتاق تەتقىق قىلىشقا باشلىغان پىلانىمىز ئىدى. لىنگاڭ قەلەم تەۋرەتكەن قىسمىنى ئالدىنقى يىلىلا تۈگەتكە- نىدى. ئۇ ناھايىتى پىكىرلىك ياش ئىدى، يازغاندىمۇ ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ يازدى. مەن ئۆزۈم تۇتقان قىسمىنى بۇ يىل قولدىن چىقاردىم، ئاندىن پۈتۈن ئورىگىنالىنى بىرلەشتۈردۈم.

B: بۇ كىتابىنىڭ كۆلىمى ۋە خاراكتېرىنى بەكمۇ بىلگۈم كېلىدۇ.

A: پۈتۈن كىتاب تەخمىنەن ئۈچيۈز مىڭ خەت ئەتراپىدا بولۇپ، «4-ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىكى بىرقانچە ئاساسىي تېمىلار ھەققىدە قايتا ئويلىنىش ۋە تەكرار ئەنقەدتىن ئىبارەت: بىز ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىمىز، لېكىن ئەنئەنىۋى غايىمىزگە قارشى تۇرىمىز، ئەنئەنىۋى قۇيرۇقۋازلىققا تېخىمۇ قارشى تۇرىمىز (مېنىڭچە، ياۋشۇيېن ئەپەندىمنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە تۇتقان نۇقتىئىنەزەرى دەل ئەنئەنىۋى قۇيرۇقۋازلىققا ياتىدۇ). «4-ماي» دىكى مەدەنىيەت ئاۋانگارتلىرى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن مىللەت خاراكتېرى مەسىلىسىنى قىزغىن تەتقىق قىلغانىدى. ھالبۇكى، تېخىمۇ جىددىي بولغان «مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلۇش» ھەرىكىتى بۇ تەتقىقاتنى ۋاقتىدىن بۇرۇن ئۈزۈپ قويغاچقا، «ئويغىتىش» خاراكتېرلىك نۇرغۇنلىغان مۇھىم پىكىرلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىتىشقا ئامال بولمىدى. شۇڭلاشقا، بىز «4-ماي» مەزگىلىدە تولۇق شەرھىلەنمىگەن خۇلاسىنى ئەسلىدىكى مەسىلە ھالىتىگە قايتۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى تېخىمۇ كەڭرى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن بىرلەشتۈردۇق-تە، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن مىللەت خاراكتېرىنى قايتىدىن مۇزاكىرە قىلدۇق. ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنە قوشۇمچە ھالدا «4-ماي» مەزگىلىدىكى ئىدىيىۋى مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىلەر توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىكى سەۋەبلەرنى، ئۇنىڭ ئاساسىي خاراكتېرىنى، قىممەت نىشانىنى ۋە يېتەرسىز جايلىرىنى مۇزاكىرە قىلدۇق. «4-ماي» دىكى بىرقانچە ئاساسىي تېمىلارغا بولغان قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق «4-ماي» دىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئېغىر بىر مەسىلىنى، يەنى ئەنئەنە بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ئىزاھلىدۇق.

B: سىلەردىكى بۇ خىل «قايتا ئويلىنىش» بىلەن قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان جۇڭگو زىيالىيلىرىنىڭ قايتا ئويلىنىشى ئارىسىدا بىرەر ئوخشاشلىق بارمۇ-يوق؟

ئېلىمىزدىكى قەدىمكى زىيالىيلارمۇ قايتا ئويلانغان، لېكىن ئۇلارنىڭ قايتا ئويلىنىشى ئاللىقاچان بار بولغان قىممەت دائىرىسى ئىچىدىلا ئېلىپ بېرىلغانىدى، قايتا ئويلىنىشنىڭ ئۆلچىمىمۇ ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرگە بەنت قىلىنغان ئۆلچەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاللىقاچان بار بولغان ئۆلچەم ۋە قىممەت دائىرىسىدىن ھالقىغان ھالدا پۈتۈن ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەر بىلەن پىكىر قىلىش قېلىپىغا نىسبەتەن ئومۇمىي قايتا ئويلىنىش ئېلىپ بېرىش ناھايىتىمۇ يېتەرسىز بولغانىدى. «4-ماي» دىكى مەدەنىيەت ئاۋانگارتلىرى بۇ ئىشنى باشلىغان بولغاچقا، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشتۇق، بىزمۇ ئۆزىمىزنى بىر سىناپ كۆرمەكچى بولدۇق. نەتىجىدە، بىزنىڭ قايتا ئويلىنىشىمىز ئىچىدە ئاز بولمىغان، ئاچچىق مەسخىرىلەر چىقتى. مەسىلەن، ئىسلاھاتقا، ئېچىۋېتىشكە توسالغۇ بولىدىغان «خاندانلىق روھىي ھالىتى» نىڭ مەسخىرىلىرى. ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئەھلىدە ئۆز-ئۆزىنى مەسخىرە قىلىش روھىي كەمدەك تۇرىدۇ، يۇقىرى سەۋىيىلىك يۇمۇرلارمۇ ئاز. ئەمەلىيەتتە، بىرەر قىزغىن ۋەتەنپەرۋەر ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسىنى ھالاللىق بىلەن مەسخىرە قىلالىغان بولسا، ئۇ ئالغا بېسىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى

كۆچى بولغان بولاتتى، بىر بۇ ئەسىرىمىزنى جەمئىيەتنىڭ چۈشىنىپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. تەبىئىيكى، بىزمۇ ياۋشۇيىن ئەپەندىمنىڭ دەرغەزەپ بولغان ھالدا بىزنى «ئەجدادىنى ئۇنتۇغانلار» دەپ قايتا تەنقىد قىلىشىغا تەييارمىز. لېكىن بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، تارىخ بىزنىڭ ئۆز ۋەتىنىمىزنى قايسى تەرىقىلىق سۆيۈشنى بىلىدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. بىزنىڭ ۋەتەن سۆيۈش قىزغىنلىقىمىز ھەرگىزمۇ ياۋشۇيىن ئەپەندىدىن تۆۋەن ئەمەس.

B: سىز ئورۇنلىغان ئىككىنچى ئىشچۇ؟

A: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يازغان نەسرىي شېئىرلىرىمنى رەتلەپ، ئۇنى «ئىنسانلار، مېھرىبان ئانا، مۇھەببەت» ناملىق توپلام قىلدىم. بەزىلىرى يېقىندىن يېزىلغان. ئەڭ ئۇزۇن يازغىنىم «ئىزدەۋاتقان مۇڭلۇق ناخشا»، ئۇنىڭدا ئۆزۈمنىڭ روھىي سەپىرىم يېزىلدى: يەنى ئىزدەش، تەلپۈنۈش، ئازاب، شادلىق، غېرىبلىق، يالغۇزلۇقتىن ھالقىپ ئۆتۈش، ئۆز ئىزدىنىشىمنى قەيسەرلىك بىلەن داۋاملاشتۇرۇش قاتارلىقلار. مەن نەسرىي شېئىر ئىجادىيىتىمدە بۇرۇنقى ئىجادىيەت قېلىپىنىڭ چۈشەكلىرى بىلەن ئۆزۈمنى چىرماپ قويۇشنى خالىمىدىم.

B: ھە، راست، سىز يەنىلا ھېلىقى «سۇبيېكت» توغرىسىدىكى تەتقىقاتىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋاتامسىز؟

A: داۋاملاشتۇرۇۋاتىمەن، بۇ ھېلىمۇ ھەم مېنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىمنىڭ بىرى. مېنىڭ «ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتلىقى ھەققىدە» دېگەن ماقالەم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كەڭ - كۆلەملىك غۇلغۇلا پەيدا بولدى، كەڭ - كۆلەملىك تويلىنىش بارلىققا كەلدى، ھازىر بەزى مەكتەپلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇشۇ ھەقتىكى چوڭقۇر تەتقىقات مېنى ھاياجانلاندۇرماقتا. مەسىلەن: شەنشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى چاڭ گۇاڭيۇەن مۇئەللىم يېتەكلەۋاتقان شەكىكىز نەپەر ئوقۇغۇچى «سۇبيېكتلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئىلمى»نى يېزىشقا كىرىشتى. چاڭ گۇاڭيۇەن مۇئەللىمنىڭ ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ بېيجىڭ، خېنەن قاتارلىق جايلاردا باشقىلاردىن دەرس ئاڭلاۋاتقانلىقى مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى. شۇبھىسىزكى، ئۇلار مەن باشلىغان نۇقتا ئۈستىدە چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. مەن ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە سۇبيېكتلىق مەسىلىسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايمەن، بۇنى چوقۇم چوڭقۇر تەتقىق قىلىش كېرەك، يەنىلا ئالدىراپ - سالدىراپ «ئىدېئالىست» دېيىلگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ قويۇشتىن ساقلانغان ياخشى.

B: سىز سۇبيېكتلىق دېگەن بۇ ئۇقۇمنى تېخىمۇ ئاددىي، تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ چۈشەندۈرەلەمسىز؟

A: سۇبيېكت دېگىنىمىز — ئادەمنى، ئىنسانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. سۇبيېكتلىق دېگىنىمىز — شۇ سۇبيېكت ئىچىدىكى ھەقىقىي رەۋىشتە ئادەمگە مەنسۇپ بولغان ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىدۇ. تېخىمۇ ئىلمىي بولغان سۆز بىلەن ئىپادىلىگەندە، سۇبيېكتلىق سۇبيېكتنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ھەمدە ئوبيېكت دۇنيادىكى ئادەمدە يۈز بېرىدىغان ماھى-

يەتلىك كۆچنى كۆرسىتىدۇ. سۇبيېكتىپلىق دېگەن ئۇقۇمنى ئېنىق سۆزلەش ئۈچۈن، ئۇنى ئىچكى مۇجەسسەملىك ۋە تاشقى داۋاملىشىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن ئىزاھلاش لازىم. سىز مېنىڭ ئىچكىرىلەپ بىر نەرسە دېيىشىمگە يول قويامسىز؟

B: مۇنداق بولسۇن، بىز سىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ماقالىلىرىڭىزدە تېخىمۇ كەڭرەك بىر نەرسە دېيىشىڭىزنى كۈتىمىز. نۆۋەتتە، بىزنىڭ تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز، سىزنىڭ تەتقىقات سۈرئىتىڭىز.

A: مەن ھازىر «ئەدەبىياتتىكى سۇبيېكتىپلىقنىڭ يېتەكچى نەزەرىيىسى» دېگەن كىتاب ئۈستىدە ئىشلەۋاتىمەن. نەشىردىن چىقىدىغان چاغدا كىتاب ئىسمىدا ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ مەنىسى تەخمىنەن مۇشۇ. ھازىر بۇ كىتابنى قۇراشتۇرۇشنى تۈگەتتىم ھەمدە يېزىشنى باشلىدىم. ئەگەر بۇ يىل مېنىڭ ئەدەبىيات ئورنىدىكى خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىق قىلماسلىقىمغا يول قويۇلسا، 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كىتابنى پۈتتۈرەلەيمەن، بولمىسا يەنىلا ئازراقتا سۈرۈلىدۇ. مەن بۇ كىتابتا ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىيات نۇقتىئىنەزەرىمنى تېخىمۇ روشەن ھالدا شەرھلىمەكچى بولۇۋاتىمەن. مەن ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ئەڭ تولۇق ئەركىنلىككە ئىگە روھىي زېمىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. پەقەت ئەدەبىيات - سەنئەتلا ئادەمنىڭ پۈتۈن ئىززەت - ھۆرمىتىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيدۇ، ئۇنى بىر پۈتۈن گەۋدە ھالىتىدە روھىي ئازادلىققا ئېرىشتۈرەلەيدۇ.

B: سىز بايا، ئۆتكەن يىلى كۆڭلۈم جايىدا بولمىدى دېگەن ئىدىڭىز، ھازىرچۇ؟

A: ھازىر كۆپ ياخشى. مۇھىمى، 13 - قۇرۇلتاينىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ماڭا مەدەت بولدى. مەن 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىننىڭ لۇشيەنىنى جان - دىلىم بىلەن قوبۇل قىلىمەن، ئوخشاشلا 13 - قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى جان - دىلىم بىلەن قوبۇل قىلىمەن. 13 - قۇرۇلتاي يالغۇز ئېلىمىز تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىلىك پرىنسىپلىرىنى تۇرغۇزۇپلا قالماي، بەلكى ئىلىم - پەن تەتقىقاتىمىز ئۈچۈنمۇ غايەت زور ئىلھام بەردى، مەيلى ئىدىيىۋى قاراش بولسۇن، ئىلىم - پەن شىجائىتى بولسۇن، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش روھى بولسۇن ياكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولسۇن، ھەممە جەھەتتە بىزگە يېڭى ئالغ بەردى. تەتقىقات ئورگىنىمىزدىكى كادىرلار يېقىندا 13 - قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن ئورتاق ھالدا دەۋر مۇھەببىتى ۋە ئىلمىي روھ ئالدۇق، كۆپ نەرسىنى بىلىۋالدۇق. جۇڭگو تارىخىدا يەنە بىر يېڭى سەھىپە ئېچىلدى، بىزنىڭ ئىلىم - پەن مەدەنىيىتىمىز داۋاملىق ئالغا باسىدىغان بولدى. مەن ئەمدى پارتىيە بىلەن، ۋەتەن بىلەن بىرگە پىكىر قىلىمەن، ئىزدىنىشىمنى داۋاملاشتۇرىمەن.

(«ۋېنخۇي» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 2 - سانىدىن)

ئىمىن ئەخمىدى تەرجىمىسى.

بوغدا ئابدۇللا

# پاكىستاندا بولغان كۈنلەردە

## مۇقەددىمە

پاكىستان ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، يۈەنىيىڭ باشچىلىقىدىكى بەش كىشىلىك جۇڭگو يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى 5-مايدىن 20-مايغىچە پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە دوستانە زىيارەتتە بولدۇق. بۇ جەرياندا كاراچى، ھەيدەر ئاباد، ساككار، كويتا، لاھور، پېشاۋۇر، ئىسلامئاباد قاتارلىق شەھەرلەردە بولۇپ، نۇرغۇن يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلەشتۇق. بىر زىيارەت جەرياندا پاكىستان خەلقى ۋە يازغۇچىلىرىنىڭ جۇڭگو يازغۇچىلىرىغا ۋە جۇڭگو خەلقىغە بولغان سەمىمىي، دوستانە مۇھەببىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

## كاراچىدا

5-ماي كۈنى ئەتىگەن سائەت 10 دىن 36 مىنۇت ئۆتكەندە دۆلىتىمىزنىڭ بېيجىڭ-بېلگراد ئارىلىقىدا قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئايروپىلانىدا پاكىستانغا قاراپ ئۇچتۇق. بېيجىڭ بىلەن كاراچىنىڭ ھاۋا يولى ئارىلىقى 5 مىڭ 500 كىلومېتىر بولۇپ، 7 سائەتتىن كۆپرەك ئۇچۇشقا توغرا كېلىدۇ.

چۈشتىن كېيىن سائەت 5 تىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە كاراچىدىكى «جىنناھ» خەلقئارا ئايروپورتىغا قوندۇق. بىر خىل دىمىق ئىسسىق ۋۇجۇدىمىزغا ئۇرۇلدى. ئايروپورتنىڭ دەم ئېلىش زالىدا ئىسلامئابادتىن بىزنى ئالايىتەن كۈتۈۋالغىلى كەلگەن پاكىستان ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىنىڭ رەئىسى پروفېسسور پىرشەن كاتتاك، كاتىپى غۇلام رابانى ئاگرو قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتۇق. ئاندىن كېيىن كاراچىدىكى «مەرۋايىت» مېھمانخانىسىغا يۈرۈپ كەتتۇق.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ساھىبخانىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا زىيارىتىمىزنىڭ تۇنجى بېكىتىگە — پاكىستاننىڭ دۆلەت ئاتىسى مۇھەممەد ئەلى جىنناھنىڭ مەقبەرىسىگە باردۇق.

www.uyghurkitap.com



ئېگىز تۆپىلىكتىكى بۇ گۈمبەزگە كىرىش ئۈچۈن نۇرغۇن پەلەمپەيگە قەدەم قويۇشقا توغرا كېلەتتى. گۈمبەزنىڭ ھەممە ئىشىكى ئوچۇق ئىكەن، شامال گۈركىرەپ ئۆتۈپ تۇراتتى. مەرمەردىن ياسالغان قەبرىنىڭ ئالدىغا گۈلچەمبىرەك قويۇپ، بۇ زاتقا ئېھتىرام بىلدۈردۇق. مۇھەممەد ئەلى جىنناھ (1876 — 1948) پاكىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى.

مۇشۇ گۈمبەزنىڭ تورۇسىغا ئېسىلغان غايەت چوڭ چىراغ دۆلىتىمىزدە ياسالغانىكەن. بۇ چىراغ ئىككى مەملىكەت خەلقلىرى دوستلۇقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. بىز ئۇ يەردە جىنناھنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسىنىڭ قەبرىسىنىمۇ زىيارەت قىلدۇق. ئۇ ئاكىسى ۋە مىللىي ئازادلىق كۈرىشى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت نىكاھلانمىغانىكەن.

6 - ماي كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى كاراچى پورتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. كاراچى پورتى پاكىستان بويىچە ئەڭ چوڭ پورت ھېسابلىنىدۇ. بۇ پورتتا 32 پاراخوت توختاش ئورنى بار، 30 مىڭ توننىلىق پاراخوتلار بىمالال كىرىپ چىقالايدۇ. ھەر يىلى 15 مىليون توننا يۈك قوبۇل قىلىدۇ. بۇ پورت داۋاملىق كېڭەيتىلمەكتە ئىكەن.

بىر كىچىكرەك بىر موتورلۇق قېيىققا ئولتۇرۇپ ئەرەب دېڭىزىنى تاماشا قىلدۇق، كەڭ ۋە بىپايان دېڭىزدا چوڭ تىپتىكى پاراخوتلار ياكور تاشلىغان پېتى تۇرماقتا. بېلىقچىلارنىڭ كېمىلىرى ۋە ئۇ قاتتىن - بۇ قاتقا ئۆتكۈچىلەر چۈشكەن قېيىقلارمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. كىشىلەر بىزگە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرەيدۇ، قول ئىشارىتى بىلەن سالام بېرىدۇ. بىزمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ سالامغا جاۋاب بەردۇق.

مەن قېيىق گىرۋىكىدىن ئېڭىشىپ قولۇمنى تەستە دېڭىز سۈيىگە تەگكۈزدۇم. سۇ بىر خىل ئاقۇش ۋە مۇزدەك بولۇپ، ئاجايىپ كەچمىشلەرنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە يېنىك چايقىلىپ تۇراتتى. يىراق ئۇپۇققا سىنچىلاپ قارىدىم، سۇدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى.

جىنناھ مەقبەرىسىگە كېتىۋاتقىنىمىزدا، كاراچىنىڭ بىر يان كوچىسىدا بويىنىغا كۆك مارجان ئېسىپ قويۇلغان بىر تۆگە مېنى تولىمۇ قىزىقتۇردى. موي تاشلاۋاتقان ئېگىز بويلۇق بۇ تۆگىنىڭ چىرايلىق كۆزى مۆلدۈرلەپ تۇراتتى. مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ھەقتە بىر شېئىر يازدىم.

دۆلىتىمىزنىڭ پاكىستاندىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ 3 - دەرىجىلىك كاتىپى روشەن بۇ شېئىرنى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. پاكىستاننىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر ئايال شائىرەسى ئادا جافرى شېئىرىمنى «ئوخشىتىش يېڭى ۋە تەبىئىي» دەپ تەرىپلىدى. سۆھبەتتە شۇنى ھېس قىلدۇقكى، پاكىستان يازغۇچىلىرى جۇڭگونى كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇلار: «جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ خەلق، بىز پاكىستان خەلقىنىڭ تېنى بۇ يەردە، يۈرىكى جۇڭگودا» دېيىشتى. ئۇلار بىزگە پاكىستاننىڭ يازغۇچىلىرى ۋە ئىجادىيەت ئەھۋالىنى خېلى ئەتراپلىق تونۇشتۇردى. ئۇلاردا ھەر يىلى 12 - ئايدا يازغۇچىلارنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. قۇرۇلتايدا نۇرغۇن تەكلىپ پىكىرلەر بېرىلىدىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يازغۇچىلارنىڭ بەزى قىيىنچىلىقلىرى

مۇزاكىرە قىلىنىشقا باشلىغان. مەسىلەن، بەزى كېپەل يازغۇچىلارنىڭ چەت ئەللەرگە چىقىپ داۋالىنىشى قاتارلىقلار. مىللىي رايونلاردا يازغۇچىلار ئەسەرلىرىنى ئۆز ئانا تىلىدا يازىدىكەن. سىندھى ئۆلكىسىدىكىلەرنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلار سىندھى تىلىدا يازىدىكەن ۋە بۇ تىلدا كىتاب نەشىر قىلىدىكەن. ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى ھەرقايسى تىللاردىكى ئەسەرلەرنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرىدىكەن. پەنجاپ ئۆلكىسىدە ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشىر قىلىشتا ئېتىبار بېرىلىدىكەن. نۇرغۇن پاكىستانلىق يازغۇچىلار ئەسەرلىرىنى ئىنگلىز تىلىدا يازىدىكەن. بەزى يازغۇچىلار ئۆز ئەسەرلىرىنى قىممەت باھادا نەشرىيات سودىگەرلىرىگە ساتىدىكەن. ئۇلارنىڭ قەلەم ھەققى كىتابنىڭ تىراژىغا قاراپ ئېشىپ بارىدىكەن.

## ھەيدەرئابادتا

7-ماي كۈنى بىز ھەيدەرئابادقا كەلدۇق ۋە سىندھى ئۆلكىلىك مەدەنىيەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇلى رەشىدى خانىمنىڭ ئۆيىدە بولدۇق. رەشىدى خانىم ئۆتكەن يىلى دەل مۇشۇ مەزگىلدە دۆلىتىمىزدە زىيارەتتە بولغانىكەن. رەشىدى خانىمنىڭ ھەمراھلىقىدا بىز يەنە سىندھى ئۇنىۋېرسىتېتىغا قاراشلىق سىندھى مىللىتى مەدەنىيەت مەركىزىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ يەرگە پاكىستاننىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەدەنىي يادىكارلىقلىرى قويۇلغانىكەن. سىندھى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قاراشلىق سىندھى مىللىتى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىدا 11 نەپەر ئىلمىي خادىم بار ئىكەن. جەمئىيەتنىڭ رەئىسى ئەللامە دوكتور غۇلام مۇستاپا قاسىمى بىزگە بىرنەچچە زامانىۋى مەتبەئە ماشىنىسىدىن تەركىب تاپقان باسمىخانىسىنى كۆرسەتتى. قاسىمىنىڭ ئىشخانىسىدىكى ئىشكاپقا ئۆزلىرىدە نەشىر قىلىنغان ھەر خىل مۇقاۋىلىق كىتابلار رەتلىك تىزىپ قويۇلغان. مەن بۇ يەردە سىندھى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىندھى مىللىتىدىن بولغان بىر خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، ئۇنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىۋاتقان ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ جۇڭگو توغرىسىدا كىتاب يازغانلىقىنى ئېيتتى.

ھەيدەرئابادتا بىزگە كالاۋتۇن بىلەن كەشتىلەنگەن سىندھى دوپپىسى ۋە ئەزىز مېھمانلارنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇلىدىغان رەخت تەقدىم قىلىندى.

## ساككاردا

رومانتىك تۈس ئالغان خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ماكانى بولغان شەھەر — ساككارغا قەدەم قويدۇق. ئادەتتە ھەيدەرئاباتتىن ساككارغا قاتنايدىغان مەخسۇس پويىز بولۇپ، ئىككى سائەتتىلا يەتكىلى بولىدۇ. ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان سىندھى دەرياسى بۇ شەھەرنى ساكېي ۋە رولىي دەپ ئىككى رايونغا ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ يەرنىڭ تېمپېراتۇرىسى 45 گرادۇس بولۇپ، قىرغاقلار ياپيېشىل، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ جايغا تۇنجى

كەلگەن جۇڭگولۇق مېھمانلار بىز ئىدكەنمىز. يېڭى ئېچىۋېتىلگەن بۇ ۋىلايەتنىڭ ماناۋىن ۋالىيسى مۇھەممەد باخش سومۇرۇ قاتارلىق ئەمەلدارلار مېھمانخانىغا كېلىپ بىزنى يوقلىدى.

سىندھى دەرياسىدىكى قېيىق سەيلىسى بۇ يەردىكى كۆڭۈللۈك پائالىيەتلەرنىڭ بىرى. شۇ كۈنى گۇگۇم چۈشۈشتىن بىر ئاز بۇرۇنراق بىر ماتورلۇق قېيىقتا سەيلىگە چىقتۇق. جىمجىت ۋە سۇزۇك ئېقىۋاتقان دەريادا ئېقىپ كېلىۋاتقان قۇرۇق شاخلار، لەيلەپ كېلىۋاتقان بىرەر-يېرىم تاۋۇز كۆرۈنۈپ قالاتتى. سول تەرەپتىكى قىرغاقتا بىر-نەچچە كېمە قاتىرىغا تىزىلىپ تۇرۇپتۇ. بەزى ئاياللار كېمىدىكى ئاسما بۆشۈكلەرگە بالىلىرىنى بۆلەپ قويۇپتۇ. يەنە بەزى كېمىلەرگە ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغان كىچىك تونۇرلاردا خۇددى مەشئەلدەك ئوت يالقۇنجاپ كۆيمەكتىدى. دەريا شامىلى كىشىگە بىر خىل راھەت بېغىشلايتتى. نېرىقى قىرغاقتا، زامانىۋى ئۇسلۇبتا سېلىنغان بىنالاردا، قەلئەلەردە چىراغلار تەكشى يورۇپ تۇراتتى. كىمدۇ بىرسى ئالدىمىزدا غۇۋا كۆرۈنۈۋاتقان ئارالنى كۆرسىتىپ: «ئۇ يەردە بىر شائىرنىڭ قەبرىگاھى بار» دېدى. ئارالنىڭ نېرىسىدا، دەريانىڭ لېۋىدە بىر ئېگىز يارلىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ يەرنىڭ سۈيى بەكمۇ چوڭقۇر بولغانلىقتىن، قەدىمكى زامان پادىشاھلىرى نۇرغۇن بىگۇناھ ئادەملەرنى جازالاپ، شۇ يەرگە غەرق قىلىۋەتكەنىكەن. ئاخىرقى كېمىلەر قىرغاققا ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەپسۇسكى، بىز بۇ دەريادا مورمىتنى كۆرەلمەي قالدۇق، مورمىت تۇغرىسىدىكى گۈزەل رىۋايەتلەر تاھازىرغىچە خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرمەكتە. بۇ بېلىق دۇنيادا پەقەتلا مۇشۇ دەريادا بولىدىكەن. ھەر يىلى نۇرغۇن ساياھەتچى كاراچىدىن بۇ يەرگە مورمىتنى كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن كېلىدىكەن.

## كويتادا

٩-ماي كۈنى كېچىلەپ يولغا چىقتۇق. يول بويى پاكىستانلىق مۇلازىم ئاللابەخش بىزنى بەكمۇ ياخشى كۈتتى. قىزغۇچ چاچلىق، زەڭگەر كۆزلۈك بۇ ئادەم ناخشىنى ناھايىتى چىرايلىق ئېيتاتتى. ئۇ ئېيتقان ئوردۇ تىلىدىكى ناخشىنىڭ مەزمۇنىنى زادىلا ئۇقالمىدىم. بىراق، گۈزەل ئاھاڭى مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. ئىشارەت ئارقىلىق مەزمۇنىنى سوراپ كۆردۈم. ئۇ قوللىرى بىلەن كۆك ئاسماننى، زېمىننى، كۆكرىكىنى كۆرسىتىپ نېمىدۇ بىر نەرسىلەرنى سۆزلەپ كەتتى. ئەبەئەت ۋە ئىنسان توغرىسىدىكى بىر ناخشا بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

بەلۇج تۆمۈريولىدا كېتىۋاتقىنىمىزغا 11 سائەتچە بولدى. ئىچىمىز پۇشسا گاھىدا قارتا ئوينىدۇق، بولمىسا مەنزىرە كۆرۈپ ئولتۇردۇق. يول بويى بوغدايلىق ئېگىزلىكلىرى، قاقاس يەرلەر، دېھقانلارنىڭ پاخال ۋە كېسەك ئۆيلىرى، قوراق چېدىرلار ئۆتۈپ تۇردى.

تاغلىق شەھەر كويتادا رەڭمۇرەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ھەممە يەرنى خۇددى گىلەمدەك قاپلاپ تۇراتتى. كويتا كوچىلىرىدا ئاق، قارا، قىزىل كىيىم كىيگەن ئادەملەر

لەرنى ئۇچراتتۇق، بۇ شەھەردە كۆپىنچە ئەرلەر بېشىغا سەللە ئورايدىكەن. ساقىلىغا خېنە قويۇش بەزى بوۋايلارنىڭ ھەۋىسى ئوخشايدۇ. ياشلىرىنىڭ چېچى تۇم قارا، يۈزى قارا مۇتۇق كېلىدىكەن. يول - يوللاردا ھەر خىل زىننەتلەنگەن كارۋان ماشىنىلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن.

پاكىستان ئىسلام دۆلىتى بولۇشىغا قارىماي، بەزى تەسەۋۋۇرلىرىمىزدىن پەرقلىق ھالدا ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنىگە پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. پوشتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 2000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل كەسىپلەر بويىچە 22 فاكۇلتېتتا ئوقۇيدىكەن. ھەر بىر فاكۇلتېتتا ئاز دېگەندە بىر پروفېسسور، 3 - 2 دوتسېنت بولۇپ، كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلار دوكتور ئىكەن. ئىنگلىز، پوشتو، ئوردۇ تىللىرىدا دەرس ئۆتۈلىدىكەن. بۇ يەردە ئۈچ ئاكادېمىيە بار ئىكەن.

مۇھەممەد ئەلى جىنناھنىڭ قەدىم جايى (ۋاپاتىدىن بىر كۈن بۇرۇنغىچە شۇ يەردە ياشىغانىكەن) «باب زىيارەت» نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. تاختاي ۋە مەرمەردىن ياسالغان بۇ ئىككى قەۋەتلىك ئىمارەت جىنناھنىڭ بۇرۇنقى ياتاق ئۆيى، ئىشخانىسى، مېھمانخانىسى ھەمدە بىر تۇغقان سىڭلىسىنىڭ ھۇجرا ئۆيىنىمۇ، ئۆز ئۆيىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئىمارەتنىڭ ئالدىدا بىر تۈپ غايەت يوغان پارسچە «چەرى» دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخ ئاپئاق گۈللەپ تۇرۇپتۇ.

كويېتانى «مەرمەر شەھىرى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. شەھەرنىڭ شىمالىدىكى ئىرانغا يېقىن جاي چاگىدىن ئىنتايىن ئېسىل مەرمەر چىقىدىكەن.

## لاھوردا

11 - ماي كۈنى، لاھور مېھمانخانىسى بىزنى باغدىن يېڭىلا ئۈزۈلگەن قىزىل گۈلدىن ياسالغان گۈل ئاسقۇسىنى بوينىمىزغا ئېسىش بىلەن قارشى ئالدى.

لاھور — پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولۇپ، بۇ شەھەردىن راۋى دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ. لاھور كوچىلىرىدا ئازادە كىيىنگەن ئادەملەرنى، چىرايلىق، ئويناقشىپ تۇرىدىغان ئاتلار قوشۇلغان مەپە — ھارۋىلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ھويلا - ئارامىلارنىڭ ئالدىدا پىكوس دەرەخلىرى ئالاھىدە زىننەت بېرىپ تۇرىدۇ، ھەشقىپېچەكتەك يامىشىپ ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك تاملارنى قاپلاپ تۇرىدۇ.

12 - ماي كۈنى مىللىي ئوركېستىر ساداسى ئىچىدە ئىقبال قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلدۇق. پاكىستاننىڭ يېقىنقى زاماندىكى ئەڭ ئاتاغلىق شائىرى، پەيلاسوپ، ئەللامە «دوكتور» مۇھەممەد ئىقبال (1938 — 1877) پەنجاپ ئۆلكىسىدە بىر سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1899 - يىلى لاھوردا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئەنگلىيە، گېرمانىيىلەردە ئوقۇغان، پەلسەپە ئىلمىدە دوكتورلۇققا ئېرىشكەن. 1908 - يىلى ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، پەلسەپە تەتقىقاتى ھەم شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

لاھور ئىسلام ئىنستىتۇتى قارىمىقىدىكى «ئىقبال ئاكادېمىيىسى» يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي ئورگان بولۇپ، بۇ ئاكادېمىيە ئىقبالنىڭ 25 توملۇق ئەسىرىنى نەشر قىلىغانىكەن. ئۇلار ئەدىبىنىڭ ئەسەرلىرىنى «ئىقبالىيەت» ئىلمىي سۈپىتىدە تەتقىق قىلماقتا.

لاھور مۇزېيى بىزنى بۇددىزىم مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشتۇردى. 1894-يىلى ياسالغان بۇ مۇزېيغا قويۇلغان بۇددىزىمغا ئائىت يېزا ئىگىلىك ئىلاھى، بايلىق ئىلاھى، ئىبلىپەر ئۈستىدە ئولتۇرغان ساكيامۇنى قاتارلىق ھەيكەللەرنىڭ ياسىلىشى سىپتا، قىياپىتى تەبىئىي بولۇپ، ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، نەقىش چۈشۈرۈلگەن چوڭ لوڭقىلار، پىل چىشىدىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرى، قەدىمكى يېزىق نۇسخىلىرى، رىم مەدەنىيىتىگە ئائىت ھەيكەللەردە بىر خىل سېھرىي كۈچ، جانلىقلىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. 1987-يىلى 2-ئايدا 58 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ئاتاغلىق رەسسام سادىگەن، ماي بوياق تېخنىكىسىغا يېڭى جان كىرگۈزۈپ، مۇزېينىڭ تورۇسىغا ئىشلىگەن رەسىمدە بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى تەرەققىيات، ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى چوڭقۇر ئىپادىلىگەن.

لاھوردا دىلكۇشا، شالىمار، جۇمە-تول-ۋىدا قاتارلىق تاش قەلئە، تۇردا، باغ، مەسچىت-جامەلەردىن موغۇل سەلتەنىتى ئەڭ راۋاج تاپقان دەۋرلەردىكى ئارخىتېكتۇرا ئالاھىدىلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

45 ياشلىق يازغۇچى ئاتاۋۇللا ھەق قاسىمى شۇ كۈنى بىزنى يېڭى سېتىۋالغان پىكاپىغا ئولتۇرغۇزۇپ شەھەر ئايلاندۇردى. قاسىمى ئۆتكەن يىلى ئېلىمىزدە زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن «يەنىمۇ كۆپرەك كۈلۈش ئۈچۈن» دېگەن ماۋزۇدىكى نەسرلەر توپلىمىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. ئۇ بۇ كىتابىدا «بېيجىڭدىكى 2 كۈن»، «پىڭيۇ-پىڭيۇ» قاتارلىق جۇڭگوغا ئائىت نەسرلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. قاسىمى ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى ئوتتۇرا قاتلام زىيالىيلار تۇرمۇشىنىڭ تۆۋەن دەرىجىسى قاتارىغا كىرىدىكەن. ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئايرىم بىر ئىمارەت سالدۇرۇپتۇ. قاسىمىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغىنىمىزدا، ھويلىسىدا تۇرغان يەنە بىر پىكاپىنىمۇ كۆردۇق. بۇ يازغۇچىنىڭ ئاساسىي كىرىمى كىتابلىرىنىڭ قەلەم ھەققى، تىراژ ھەققى، تېلېۋىزىيە تىياتىر ئەسەرلىرىنىڭ كۈندىلىك قويۇلۇش ھەققى، مەخسۇس ستۇنلارغا يازغان ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئۆتكەن دەرس ھەققىدىن كىرىدىكەن.

لاھوردىكى ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇنبىرى مەن چەت ئەلدە تۇنجى قېتىم سۆزگە تەكلىپ قىلىنغان مۇنبەر بولۇپ قالدى. قارشى ئېلىش يىغىنى ئاخىرلاشقاندا، بىز ئىقبال ئاكادېمىيىسىگە كىتاب تەقدىم قىلدۇق، ئۇلارمۇ جاۋابەن كىتاب تەقدىم قىلدى.

## پىشاۋۇردا

پىشاۋۇر — غەربىي ئاسىيادا ئوتتۇرا ئەسىر قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان بىردىن-

بىر شەھەر بولسا كېرەك. تومۇز ئىسسىقىدا تار، توپىلىق كوچىلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىمىز. ئەتراپتىكى دۇكانلارنىڭ ئالدىدا ئوقەتچىلەر، نەرسە - كېرەك ئېلىۋاتقان ئادەملەر مىڭ - مىڭ كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە كۆزۈمگە چېلىققىنى مىستىن ئىشلەنگەن قول سانائەت بۇيۇملىرى بولۇپ، ئۇلار بۇنداق مىس لىگەن، مىس ئاپتۇۋا، چىلاپچىلارنى ناھايىتى نەپىس قىلىپ ئىشلەيدىكەن. پىشاۋۇر گىلەملىرىمۇ مەشھۇر ئىكەن.

14 - ماي كۈنى 1960- يىلى قۇرۇلغان پىشاۋۇر مۇزېيىدا بولدۇق. پىشاۋۇر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئارخېئولوگىيە پروفېسسورى سەھرائى گەجىدىن ئىشلەنگەن قەندىھار مودېلىنى تونۇشتۇردى. مودېلدىكى بۇددىستلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا تۇرپاندىكى بېزەكلىكنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. جۇڭگو بۇددىستلىرى ئەينى زاماندا بۇ يەرنىمۇ غەربىي رايون دەپ ئاتىغانىكەن. قەندىھار ئەزەلدىنلا ھىندى، پارس، گرېك مەدەنىيەتلىرى ئۇچرىشىدىغان مەركەزلەرنىڭ بىرى ئىدى. قەندىھاردا تۇنجى قېتىم ساكيامۇنىنىڭ ھەيكىلى ياسالغانىكەن. ساكيامۇنىنىڭ بۇ ھەيكىلى يۇناننىڭ ئاپىللوسىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ساكيامۇنى ئۆلگەندىن كېيىن، پىشاۋۇردا ئۇنىڭ جەسەت كۈلى مۇنارىسى تۇرغۇزۇلغان. 1909 - يىلى مۇشۇ يەردىن تېپىلغان بىر جەسەت قۇتىسىدا ساكيامۇنىنىڭ 3 تال سۆڭىكى بولۇپ، بۇ سۆڭەكلەر ھازىر بېرمىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ. پىشاۋۇر مۇزېيىغا يەنە چەت ئەللەر مەدەنىيىتىنىڭ قەندىھار مەدەنىيىتىگە بولغان تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۈرلۈك ھەيكەللەرمۇ قويۇلغان.

15 - ماي كۈنى پىشاۋۇردىن 40 كىلومېتر يىراقلىقتىكى ئادىم خىل قەبىلىسىنىڭ تاغلىق يۇرتىغا باردۇق. بۇ مۇستەقىل قەبىلىنىڭ داھىسى ئالدىمىزغا چىقتى. ئۇزاق تارىختىكى جەڭلەردە خىزمەت كۆرسەتكەن بۇ قەبىلىنىڭ يەرلىك قانۇنى ھۆكۈمەت تەرەپتىن قوغدىلىدىكەن. 400-500 مېتر كېلىدىغان كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كىچىك دۇكانلاردا سېمىز، بۇرۇتلۇق كىشىلەر قورال - ياراق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. دۇكانلارغا ھەر خىل تىپتىكى قورال‌لار قويۇلغانىكەن. بىر دۇكاننىڭ خوجايىنى بىزگە ھاسا مىلتىق ۋە قەلەم تاپانچىنى كۆرسەتتى. بىز بازار ئارىلاۋاتقاندا، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇردۇق.

## ئىسلامئاباتتا

15- ماي كۈنى چۈشتىن كېيىن پىشاۋۇردىن ئايرىلىپ، ئايروپىلان بىلەن ئىسلامئاباتقا كەلدۇق. ئىسلامئابات مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل، باغۇ - بوستانلىق، ھاۋاسى ساپ بولغان بىر شەھەر ئىكەن. ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرنىڭ: «15 كۈنلۈك دەم ئېلىشىڭ بولسا، بەش كۈنىنى سەپەردە، ئون كۈنىنى ئىسلامئاباتتا ئۆتكۈز» دېگەن سۆزى بىكار ئېيتىلمىغانىكەن.

ئىسلامئاباتتا دۇنيا بويىچە 3- چوڭ مەسچىت — شاھ پايسال مەسچىتى قەد كۆتۈرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭغا 100 مىڭ ئادەم سىغىدىكەن.

16 - كۈنى باش ئەلچى تيەن دىڭنىڭ ھەمراھلىقىدا مائارىپ مىنىستىرلىكىدە بولدۇق. مىنىستىر سەيدھاجار ھەيدەر بىزنى قوبۇل قىلدى. ئۇ يېقىندىلا جەنۋەدە ئېچىلغان بىر يىغىنغا قاتنىشىپ كەلگەنىكەن. بىزگە كىتاب ۋە قەلەم تەقدىم قىلدى.

كەچتە مەدەنىيەت سەنزەنىمىز ئىلك چىلك ئىسلامئاباتتىكى يازغۇچى - شائىر، دوست ئەربابلارغا مەدەنىيەت باشقارمىمىز تۇرۇشلۇق جايدا كاتتا زىياپەت بەردى. جۇڭگو - پاكىستان يازغۇچىلىرى يەنە بىر قېتىم جەم بولۇپ، ئازادە سۆھبەتلەشتۇق.

17 - كۈنى «پاكىستاننىڭ مۇز ساندۇقى» دەپ ئاتالغان مەرى تېغىغا چىقتۇق. قاتتىق ئىسسىق بولۇپ كەتكەندە كىشىلەر بۇ جايغا چىقىپ دەم ئالىدىكەن. قىش كۈنلىرى بۇ تاغدا قار قېلىن يېغىپ، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولىدىكەن. مەرى تېغىدىكى گۈل - گىياھلار، ئاسمان - پەلەك ئۆسكەن قارىغايلار كىشىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىراتتى. يېشىللىق دۇنياسى ئىچىدە ياغاچ ئۆيلەر، كىچىك - كىچىك ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ بازىرى كېچە - كۈندۈز قىزىيدىكەن. دۇكانلاردا رەڭگارەڭ رەختلەر، ئاياغ - كىيىملەر، سەنئەت بۇيۇملىرى، كەشمىرنىڭ چىرايلىق ياغلىقلىرى سېتىلىدىكەن. رېستورانلارنىڭ تاماقلىرى پۈتۈنلەي غەربچە ئۇسۇلدا تەييارلىنىدىكەن. ئۇن تائاملىرىنى كۆرۈش خېلى قىيىن. پاكىستان كىشىلىرى سوغۇق ئىچىملىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىكەن. 18 - كۈنى سەھەردە، بۇ تاغلىق يۇرتتا روزى ھېيت نامىزى ئوقۇلدى. ئائىلىسىچە، ئۇلار ئۆزئارا ھېيتلىشىدىكەن. نامازدىن كېيىن بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ، «ھېيت مۇبارەك!» دېيىشىدىكەن. ئۆيگە مېھمان تەكلىپ قىلىشقا توغرا كەلسە ئالدىن باغاق يازىدىكەن. پاكىستاننى «گۈزەللەر دۇنياسى» دەپمۇ ئاتايدىكەن. ھېيت ئويناپ يۈرگەن گۈزەللەرنىڭ ئىنسان ياكى پەرى ئىكەنلىكىنى ئايرىش ھەقىقەتەن قىيىن.

تاغدىن قايتىپ كېلىپ، شۇ كۈنى كەچتە، ئىسلامئاباتتىكى «ئىستىراھەت» مېھمانخانىسىدا، مۇھەممەد زىيائۇلھەق زۇڭتۇڭنىڭ ئاخبارات كاتىپى سالىك ئەپەندى ئۆتكۈزگەن زىياپەتكە قاتناشتۇق. ئۇ بۇ قېتىمقى زىيارىتىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. رېستوران تاملىرىدىكى ماي بوياق بىلەن ئىشلەنگەن ئەسەرلەرگە دىققىتىم مەركەزلەشتى. بىر سۈرەتتە سەلىلىك بابۇرنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا كىتاب كۆرۈۋاتقان ئوبرازى يارىتىلغان. ئۇنىڭ تولىمۇ مەشھۇر بولغان بىر كۇبلېت رۇبائىسى يادىمغا كەلدى:

«كۆپتىن بىرى يارۇ - دىيارىم يوقتۇر،
بىرلەھزە - بىر نەپەس قارارىم يوقتۇر.
كەلدىم بۇ دىيار سىرى ئىختىيارىم بىرلە،
لېكىن كېتۈرگە ئىختىيارىم يوقتۇر.»

بابۇر تېمۇرنىڭ 6 - ئەۋلاد نەۋرىسى ھەمدە موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغۇچىدۇر. ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ شائىرى ئىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن جاھانگىر قاتارلىقلارنىڭ قەبرىسى ھېلىمۇ لاھوردا ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ.

## ئاخىرقى دەقىقىلەر

19- ماي كۈنى كاراچىغا قايتىپ كەلدۇق. ئەتىسى ۋەتەنگە قايتماقچى بولدۇق. ئايروپىلان بېيجىڭ ۋاقتى 12 دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە هاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئايروپىلانغا چىقىش ئالدىدا غۇلام راباني ئاگرۇ، ئاللا بەخش بىز بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپ سەپىرىمىزگە ئاق يول تىلىدى، باش كونسۇلخانىمىزنىڭ دىپلوماتىك ئەمەلدارلىرىمۇ ئالايىتەن ئۇزىتىپ چىقتى. ئېگىز ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتىمىز. پەستە مەشهۇر پەنجاپ ۋادىسى، هىندىقۇش تاغلىرى ۋە پامىر تاغلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاغلاردىكى، جىرالاردىكى توختاپ قالغان ئاپئاق قارلار يالتىراپ تۇراتتى. بىز قىسقىغىنا بىرنەچچە كۈنلۈك زىيارەت جەريانىدا يالغۇز ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى هېس قىلىپلا قالماستىن، تارىم ۋە پەنجاپ ۋادىلىرىنىڭ، سېرىق دېڭىز، ئەرەب دېڭىزى ساهىللىرىنىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق دوستانە ئۆتمۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلدۇق. بۇ ۋادىلار - ساهىللار ئىنسانىيەتنىڭ دوستانە ئالاقىسى، مەدەنىيەت ۋە يۈكسىلىش، ئۈمىد ۋە تەلپۈنۈش ۋادىسى سۈپىتىدە بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، قەلبىمىزنى روهلاندۇردى. ئىقبال بىر شېئىرىدا: «شائىر مىللەتنىڭ كۆزى» دەپ بەكمۇ ياخشى ئېيتقان. خەلقنىڭ كۆزى بولغان يازغۇچىلارغا نىسبەتەن بۇ سۆز هېلىمۇ رېئال ئەهمىيەتكە ئىگە. بىز تىنچلىق، دوستلۇق، ئىنسانىيەت ۋە تەبىئەت غايىلىرى ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىپ، هارماي، قەلەم تەۋرىتىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ هېس قىلدۇق.

خوش پاكىستان! لېكىن بۇ ئاخىرقى خوشلىشىشىمىز ئەمەس!

* *

تۆۋەندە پاكىستاندا بولغان كۈنلەردە يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرىمنى كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىمەن:

### تۆگە

كاراچى كوچىسى،
بىر تۆگە كۆردۈم،
بوينىغا ئۇنىڭ كولدۇرما ئەمەس
كۆك مارجان ئېسىپ قويغان ئىگىسى.
ئەجەبلىنىپ كەتمە بۇرادەر،
تۆگە دېگەن قىز بولمىسا، دەپ.
شەهلا كىرپىكى ئېچىلسا، گويا
سەندەلدىن ئۇچقۇن چاچرايدۇ هەدەپ.
چۆلنى تاشلاپ بەرسەڭ ئالدىغا،
يولدا هەرگىز قالمايدۇ يۈكى.
خىسلەتتە بار، زوۋاندا هېچ يوق،
قۇيرۇقىنى قوم باسقۇچە تاكى!

5 - ماي، كاراچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



## كومزەك كۆتۈرگەن قىز

كەربالانىڭ ئىسسىقمۇ بۇ؟!
تېرەكنى سويۇپ تاشلايدۇ قات - قات.
مۇشۇ چۆلدە،
بېشىدا كومزەك، بارىدۇ بىر قىز،
(بىر دەستە گۈل ئەمەس بۇ هايات!)
ئوخچۇپ ئاققان مۇز تاغ سۇلىرى،
كىرىپ قالار چۈشىگە بەزەن.
پەقەت - پەقەت نېسۋىسىنى،
ئالماي بولماس ئوكىدىلا تەن!

18 - ماي، مەرى.

## لاهور

لاهور، قېنى، بارمۇ خۇمدانىڭ،
سالغىن قېنى، بولاي پارچە خىش.
«شالىمار①»نىڭ تاملىرى ئارا،
تۇرۇۋەرسەم بولۇپ بىر نەقىش.
مىڭ يىللاردا سۆگىنكىم قالماس،
تاپسا ئەۋلاد روهىمنى بۇندىن.
ئىقبال بىلەن مېڭىپ يانمۇ يان،
خانتەگرىگە چىقاتتىم ئاندىن.

11 - ماي، لاهور.

## سەنتۇر②

مەر - مەر تامدا قالقان ۋە قىلىچ③،
شام كۆيىدۇ چاراسلاپ بىر خىل.
سەنتۇر تارى نازىنىن قىزدەك
تىترىمەكتە، ياش كەبى غىل - غىل.
بەلكى بۇ كۈي ئىشق پارچىسى،
نە قىز قالغان، نە يىگىت هازىر.
دەردىنىڭ ئورنى بۆلەك، ئۆزى بىر،
مۇمكىنمۇ ئېغىر تىنماستىن بىر - بىر.

6 - ماي، كاراچى.

## بابۇر

كەچۈر، بابۇر، مەندىكى مىجەز
خاس قالمىشتۇر ئۆمەر هەييامدىن.
لاهور گۈلدىن ياسالغان شاراب،
جانان لېۋىدەك مۇشۇ بىر جامدىن.
ئوتلىغىنا، مەستۇ - مۇستەغرەق —
بولۇپ بارساق مەهشەرگە ئۇدۇل،
ئەجەب ئەمەس «بابۇرنامە»دىن
تېرىلىپ قالساق جاهانغا بىر يول.

18 - ماي، ئىسلامئاباد.

## مورمەت

(رىۋايەت قىلىنىشىچە، سىندھى دەرياسىدا ئادەمگە يېقىن بولغان مورمەت دېگەن بىر بېلىق بارمىش، كىشىلەر بۇ بېلىقنى بىر كۆرۈش ئارزۇسىدا تاڭ سەهەردە دەريا لېۋىدىن كەتمەيدىكەن…)

ياتىۋەرمە قاراڭغۇلۇقتا،
ئىنسان هىدى ساڭا ئەمەس يات.
ياكى ئۇنى قىلىپ مەرۋايىت
ئۇتامسەن قىزلارغا ئىزدە دەپ نىجات!

9 - ماي، ساككار.

---

① شالىمار — لاهوردىكى قەدىمىي باغ.
② سەنتۇر - چالغۇ ئەسۋابى.
③ پاكىستانلىقلار مېهمانخانىلىرىدا مەللىي ئادەت بويىچە قەدىمكى قالقان، قىلىچلىرىنى ئېسىپ قويىدۇ.

## تىلەمچى

— كاراچى كوچىسىدىكى بىر كىچىك قىزغا

سىلىپتۇ ئاناڭ بورنۇڭغا ھالقا،
تۇغۇلۇشۇڭدىن بەختىڭنى ئىزدەپ.
لېكىن تەقدىرنىڭ قىسمىتى تولا،
كىچىك بېشىڭغا كۈن چۈشكەن ئەجەب.
قارىسىپ قولۇڭ كۆيگەن ئاپتاپتا،
ئۇزاتتىڭ ئۇنى رۇپىيە تىلەپ.
يارىمىدىم پۇچۇق يارماقتا،
خاپىلىقتا قاغىدىڭ نەچچە،
ئۇخلالمىدىم ئەسلا كېچىلەپ.
يۈرۈپ تۇرغىن كوچىلار ئارا،
ئۆلمىگەن جان، كۈن دېگەن كېچەر.
روھىڭ پاكتۇر — ئالتۇن تەختتە سەن،
ئېرىقىڭغا بىر كۈن سۇ كېلەر!

19 - ماي، كاراچى.

## ئەرەب دېڭىزى

ئېچكىرىسىگە قاراپ دېڭىزنىڭ
پانالاپتۇ بېلىقلارمۇ جان.
سۇمۇ ئۇپۇق، ئۇپۇقمۇ بىر سۇ،
كۆرۈنمەيدۇ نە قېيىق، ئىنسان.
نېرىقى جاھان ئۇزاق بەك ئۇزاق،
ئاچار، ئاچماس بىزگە بىر دىدار.
مەن قايتارمەن قوم - بارخانلارغا،
خىيالىمدا لەپشىمەكتە قار.

6 - ماي، كاراچى.

## مەرمەر ئۈستىسىغا

ئەسلى سوغۇق مەرمەر دېگەن تاش،
گۆھەر قولۇڭدا كىرەر ئاڭا جان.
ياسارسەنمۇ بىۋاپا دۇنيا —
ھەسرىتىنى يۇتسۇن دەپ كۆلدان.

5 - ماي، بەلۇجىستان - كويتا.

## مىخايىل شولوخوۋ ۋە «تىنچ دون»

### 1

كىشىلەر نېمە ئۈچۈن يېرىم ئەسىردىن بۇيان شولوخوۋنىڭ نامىنى پەۋقۇلئاددە ھېسسىيات بىلەن تىلغا ئالىدۇ؟ خەلق نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئەتىۋارلايدۇ؟ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتچىسىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، شولوخوۋ گويا بىر ھاكىم مۇتلەققە ئوخشاش مەڭگۈ ئىشغالىيەت يۈرگۈزىدۇ. بۇنداق ئەتىۋارلاش باشقىلارغا ھەرگىز نېسىپ بولمايدۇ. نېمە ئۈچۈن ۋىشىنىسكايادەك بىر ئاددىي كازاك كەنت بازىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ مۇقەددەس جايىغا ئايلىنىپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ كەنت بازىرىنىڭ بىر پۇقراسى يازغان ئەسەر ئاددىي ئىشچى-دېھقانلارنىڭ، ھەتتا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىرىنىڭ چەكسىز سەممىي ئېتىبارلىشىغا ئېرىشىدۇ؟ دېگەن سوئاللارغا پەقەت ۋاقىتلا جاۋاب بېرەلەيدۇ.

ۋىشىنىسكايا كەنت بازىرى ھەقىقەتەنمۇ ئاددىي قىسمەتكە ئىگە. نۇرغۇن كازاك كەنت بازارلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ ھېچقانچە ئارتۇق يېرى يوق، ئەمما شولوخوۋ «تىنچ دون» نىڭ ئالدىنقى بىرنەچچە بابىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېقىن-يىراقلاردا بىراقلا داڭقى چىقىپ كەتتى، شۇنىڭدىن بۇيان شولوخوۋ بىلەن ۋىشىنىسكايا مەنداش سۆزگە ئايلىنىپ قالدى. كىشىلەر ۋىشىنىسكايانى تىلغا ئالغاندا، مۇقەررەر ھالدا بۇ ھەيۋەتلىك تارىخىي داستاننىڭ ئاپتورىنى تىلغا ئالىدۇ. ھەر يازدا كەنت بازىرىنىڭ سىرتىدىن ئۆتۈۋاتقان كېمىلەر سىگنال بېرىپ يازغۇچىغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. كېمىدىكى يولۇچىلار بولسا، تىك قىرغاقتا جايلاشقان ئۆيلەرگە ئۇزاققىچە قاراپ، يازغۇچى ئولتۇرغان ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۆينى ئىزدىشىدۇ.

«تىنچ دون» نىڭ لەپپىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، پۈتۈن دۇنياغا ئېقىپ كىرگەنلىكى شولوخوۋنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇمىغان ئادەملەرگە باشقىچىرەك تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى خۇددى مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان كاتتا ئىمارەتنى قوپۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان ئەڭ ئېسىل، ئەڭ مۇستەھكەم خىش تاشلارغا ئوخشايدۇ.

شۇڭا شولوخوۋنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىش سۈرئىتى تېز ۋە شىددەتلىك بولدى.
كىتابخانلار ئالدىنقى بىرنەچچە باب پەقەت بۇ تۆت تومۇلۇق يىرىك تارىخىي داستاننىڭ
باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ-دە، تەقەززالىق بىلەن تالىشىپ ئوقۇشقا كىرىشىپ
كېتىدۇ، ئەمما ئۇلار ئوقۇپ بولۇپ، قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ، تاقەتسىزلىك بىلەن كېيىن-
كى بابلارنى كۈتىدۇ. بۇنداق ھالەت 14 يىلغا سوزۇلدى. يازغۇچى مۇشۇنچە ۋاقىت
سەرىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ كىگانت ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى. ئەسەرنىڭ بىرىنچى جۈم-
لىسىنى يازغاندا، ئۇ تېخى بىر ياش يىگىت بولسا، ئەسەرنىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى يېزىپ
بولغاندا، ئۇ تازا قىرانلىق دەۋرىگە قەدەم قويغانىدى. بىز بىر تەرەپتىن ئوقۇساق، بىر
تەرەپتىن كۈتەتتۇق، كۈتۈپ تاقەتسىز تاق بولۇپ، ئاخىرىنى سۈرۈشتە قىلاتتۇق، بە-
زىلەر بۇنىڭ بىلەنلا توختىماي، «سىز گىرىگورىي مېلېخوپنى پالانى يەرگە ئېلىپ بېرىڭ
ياكى پۇستانى يەرگە ئېلىپ كېلىڭ، ئاكسىنيەنى ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ئېرىگە قايتۇرۇپ
بېرىڭ، مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلسىلا مۇۋاپىق بولىدۇ» ۋەھاكازالار دېيىشىپ، يەڭگىللىك
بىلەن يازغۇچىغا ئەقىل ئۆگىتەتتى. ئەمما ئۇ يېزىۋېرەتتى. سەنئەتكارنىڭ ئاشۇ قور-
قۇمسىز ۋە سەممىي بىر جۈپ كۆزى پەقەت چىنلىققىلا توغرىدىن-توغرا قارالغانىدى.
ئۇ پەقەت چىنلىققىلا بېرىلگەنىدى، پەقەت چىنلىقنىڭلا تەلىپىنى ئاڭلايتتى. كېيىن ئۇ
ئۆزىمۇ: «گەرچە بەزىلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى، بەزىلەرنىڭ رايىغا بېقىشنى ئويلىغان
بولسامۇ، لېكىن چىنلىق دېگەن بۇ ئېزگۈ ئانا ماڭا يول قويمىدى» دېگەنىدى. دەل ئاشۇ
ئانا ئۇنىڭ قولىدىكى قەلەمنى باشقۇرۇپ تۇراتتى، دەل ئاشۇ ئانىنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا
شولوخوۋ ئەڭ جاپالىق، ئەڭ خەتەرلىك، ئەمما ئەڭ غەلىبىلىك يول بىلەن بىزنىڭ قەل-
بىمىزگە كىرىپ كەلدى. بىزنىڭ قەلبىمىز بولسا، چىنلىققا ھەرقانداق ۋاقىتتا داغدام
ئوچۇق ئىدى. شولوخوۋ، كازاك كەنتىنىڭ بۇ ئۇلۇغ پۇقراسى پۈتۈن خەلق ۋە پۈتۈن
ئىنسانىيەتنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ سىرى مۇنداق: مۇھەببەت پەقەت مۇھەببەت
ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ.

... يەر، دالا، سۆيۈملۈك دالا.

شولوخوۋنىڭ ئەسەرلىرىدىن بۇنداق سۆيگۈ ساداسىنى قانچە قېتىملاپ ئاڭلىغىنىمىز-
نى بىلەلمەيمىز، بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ھاياجاندىن قاتتىق سوققان يۈرىكىدىن قانچە قېتىم-
لاپ چىققىتكىن؟ يۇقىرى دۇنىڭ ھازىر پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كەتكەن ئاشۇ
بىر پارچە يېرىگە يېقىنلاپ كەلگىنىمىزدە، ئىختىيارسىز ھالدا «ئاھ، سۆيۈملۈك دالا!»
دېگەن سۆيۈنۈش ساداسىنى ياڭرىتىمىز. ھەر قېتىم شولوخوۋنىڭ مۇبارەك يېرىگە قەدەم
قويغىنىمىزدا، تەبىئىي پەيدا بولغان ئاشۇنداق كەيپىياتنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەر-
گىلى بولماي قالىدۇ. بەجايىكى، بىر پارچە يورۇق ۋە ئىللىق بولۇت قەلبىمىزنى ئور-
ۋالغاندەك، ئۈمىد-ئىستەككە تولغان، ئىككى تال ئۆتكۈر خەنجەرسىمان قانىتى ئاسماننى
قايچىلىغان نەۋقىران بۈركۈتكە، دالىدا سۈكۈناتقا چۆمگەن ئاشۇ دومچەك-دومچەك قەب-
رىلەرگە، خۇددى ماۋۇققا ئوخشاش كۆمۈش رەڭ ئەمەنلەرگە، بولۇپمۇ يىراقلاردا ئەگىمە-
نىپ ئېقىۋاتقان كۆك تاۋار لېنتىدەك دەرياغا، ئاشۇ دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇش دولقۇنلار سىلغايتىۋەتكەن مالتا تاشلارغا، دوننىڭ ئاشۇ مەشھۇر شىددەتلىك ئېقىنىغا، شوخ گىرىشكا بىلەن ئۇنىڭ مېجەزى چۇس، باشقىلارغا قاتتىق قول دادىسى يۇمىران بېلىقلارنى تۇتۇۋاتقان يەرگە، دەرياغا تۇتىشىدىغان ئەلەملىك چىغىر يولغا ياكى ئاشۇ گۈزەل، ئەمما بەختسىز ئاكسىنىيە سۇغا كەلگەندە ماڭغان يولغا قارىغىنىڭىزدا، چوڭقۇر ھاياجانلانماي تۇرالمايسىز. بۇنىڭ ھەممىسى شولوخوۋنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكەت دۇنياسى، بۇ دۇنيا ھەم رېئال، ھەم سىرلىق. چۈنكى سەنئەتكار ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قەلىمى بىلەن ياندىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى بىرگە بېجىرىم پېتى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ھەم ئۇنىڭ قايىل قىلارلىق رېئاللىقىنى، ھەم ئۇنىڭ ساماۋىي چۆچەكلەردىكىدەك تىلسىملىقىنى ساقلاپ قالىدۇ.

بەزىدە شۇنىڭغا ئىشەنمەيمۇ قالىسىزكى، قاشانىڭ ئىشىكى ئېچىلىش بىلەنلا ئاشۇ ئاددىي، ئۇياتچان، ئەمما ئەقىل يەتكۈسىز دەرىجىدە تالانتلىق ئادەم ئالدىڭىزدا دەرھال پەيدا بولىدۇ-دە، ئادەتتە ئۇچراپ تۇرىدىغان، كۆز ئالدىمىزدىن ھەمىشەم لىپىلداپ ئۆتىدىغان ئىشلارنى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان گارتىنىلارغا ئايلاندۇرىدۇ. روشەنكى، شولوخوۋنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغان ھەرقانداق بىر كىشى بۇ سەنئەتكار بىلەن دەسلەپ ئۇچراشقاندا، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. سۆزنى زادى نېمىدىن باشلاش كېرەك؟ ئۇنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ يازغۇچى ئىكەنلىكىنى، خەلقنى نەقەدەر قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى ئېيتىش كېرەكمۇ؟ بۇنىڭ ھاجىتى يوق. شۇڭا تەڭقىسلىقتا قالىسىز، يازغۇچىمۇ قىسىنچىلىقتا قالىدۇ. بىر قېتىم ئۇ ماڭا ئۇدۇللا مۇنداق دېدى:

— سىزمۇ قىسىنماڭ، مېنىمۇ قىسىنچىلىققا سالماڭ! — بۇ سۆزدىن ھەر ئىككىمىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنى ئازادە ھېس قىلدۇق.

كېيىن ئۇ:

— موسكۋاچە ئۇستىبېشىڭىزنى يېشىۋېتىڭ، ماۋۇلارنى كېيىڭ، دالاغا بارىمىز، ئەگەر كۈز كۈنلىرىدە پاختىلىق چاپان، قولاقچا، قىشلىق ئاياغ كىيىم كىيىۋالسىڭىز مېھمانغا ئوخشىماي قالىسىز، — دېدى.

بىر قېتىم بىز ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەمدىلا يېتىپ تۇرۇشىمىزغا (بۇ چاغدا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ، يېرىم كېچە بولۇپ قالغانىدى) ئۇ بىز بىرقانچە ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى بىلەن بىللە ئوۋغا بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. بۇغداي پاخلى چېچىلغان يولدا بىرنەچچە تۈلكە چاشقان تۇتۇۋاتاتتى. خوجايىن ئەسلى بىزنى شۇلارنى تۇتۇشقا چاقىرغان بولسا كېرەك. دەسلەپتە ئامىتىمىز كەلمىدى، بىرنەچچە تۈلكىنى ئۇچراتقان بولساقمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھىيلىگەرلىك قىلىپ قېچىپ كەتتى.

— بۇرادەرلەر، قايتقىنىمىز ياخشىغۇ دەيمەن، — دېدى ئارىمىزدىن بىرسى بەل قويۇۋېتىپ.

— مۇشۇ پېتى ئىككى قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپ قايتىمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى كىچىك شولوخوۋ، — بۇ دادامنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدۇ، مەن ئۇنى بىلىمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئوۋ يەنە داۋام قىلدى. بىر تۈلكىنى ئاتقاندىن كېيىنلا قايتىپ كەل-

دۇق. يازغۇچىنىڭ ئۇ چاغدىكى ھالىتى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن ھەقىقەتەن تولىمۇ يىراق ئىدى، ئۇ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا بىز ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەرگىچە سۆھبەتلەشتۇق.

شولوخوۋنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى دەسلەپتە مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى، ئۇ ھەرقانداق بىر ۋەقەنى بايان قىلسا، ھامان يېرىم جۈملىدىن كېيىنلا ئىما-ئىشارىغا چۈشۈپ كېتەتتى، بەجايىكى، بۇ جۈملىنى ئۇسۇل ئارقىلىق ئاياغلاشتۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇڭا بۇنىڭغا ئادەتلەنمىگەن ئادەم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشتا تولىمۇ قىينىلاتتى. ئۇ ھەزىلنى ياخشى كۆرەتتى، لەتىپىلەرنى زوق-شوق بىلەن ئېيتاتتى، كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ توختىماي قاقاقلاپ كۈلەتتى، ئەمما ئاڭلىغۇچى ئېيتىلىۋاتقان ھېكايىنىڭ قانچىلىك كۈلكىلىكلىكىنى ھەمىشەم دېگۈدەك ھېس قىلالمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى نەدە؟ شۇنى بىلىش كېرەككى، شولوخوۋ «تىنچ دون» ۋە «ئېچىلغان تىڭ» نىڭ ئاپتورى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتمەس-تۈگىمەس جانلىق سۆزلەرنى ۋە چەكسىز مول ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇنداقتا ئۇ نېمە ئۈچۈن ھېكايە سۆزلىگەندە سۆز ئىشلىتىش جەھەتتە شۇنچە بېخىللىق قىلىپ، ئىما-ئىشارىغا شۇنچە مەردلىك قىلىدۇ؟

بۇنى سىز كېيىنچە ئاستا-ئاستا چۈشىنىشكە باشلايسىز: يازغۇچىنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزى ئۇنىڭغا تېخى سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە ئۈلگۈرمىگەن كارتىنىنى سىزىپ بېرىدۇ. ئەگەر بۇ رەسىم راستىنلا كۈلكىلىك بولسا، شولوخوۋمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قاقاقلاپ كۈلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆز تەسەۋۋۇرىدا كۈلكىنى ئاللىقاچان تاماملاپ بولغان، ئەگەر ئۇنى شۇ يەردە يالغۇز قالدۇرۇپ، بىر ۋاراق قەغەز بەرسە، ئۇنىڭ قەلىمىدىن قانچىلىك روشەن ۋە جانلىق رەسىم پەيدا بولغان بولاتتى. شۇڭا سىز ئاۋدېيىچ بۇلىخ ئېيتقان ھېكايە، پروخور زىكوۋنىڭ ئاكوپتىن قېچىشىنىڭ ئاددىي ئۇسۇلىنى تېپىش يولىدا بېشىدىن كەچۈرگەن ھەرخىل سەرگۈزەشتىلىرى، شۇكار بوۋاي بىلەن جەڭچى روباشىنىڭ ھېكايىلىرىدىكى بىھېساب كۈلكىلىك كۆرۈنۈشلەرنى ئوقۇغاندا، كۆزىڭىزدىن ياش ئاققۇچە، ئۈچەيىڭىز ئۈزۈلگۈچە كۈلىسىز. يازغۇچى بىزنى ئۇھ دەۋالسۇن، سەل-پەل تىنچلىنىۋالسۇن دەپ، ئورغۇن كۈلكىلىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئارىسىغا ئېچىنىشلىق، قانلىق كۆرۈنۈشلەرنى قىستۇرۇپ قويىدۇ. سەنئەتكار بۇ كۆرۈنۈشلەرنى قەغەزگە چۈشۈرمەستىن بۇرۇنلا كۆرۈپ بولغان. سىز بۇ نۇقتىنى بايقىغاندىن كېيىن، تىل ئۇستىلىرىنىڭ ئىچىدە ناتىقلىق قابىلىيىتىگە ئىگە ئادەملەرنىڭ ئىنتايىن ئازلىقىنى دەرھال ئېسىڭىزگە ئالىسىز. مەسىلەن: ماكسىم گوركى ئۇن جۈملىنى بىر يولدا ئېنىق ۋە راۋان ئېيتالمايتتى، سىرداشلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، لېۋ. تولستويمۇ نۇتۇققا ئۇنچىۋالا ماھىر ئەمەس ئىكەن. تىل سەنئەتكارلىرى قەغەز ئۈستىدە ئويلىنىشقا ئادەتلەنگەن ھەممە ئۇلار خۇددى ئالتۇن چايقايدىغان ئالتۇن ئىشچىلىرىغا ئوخشاش، ئۆز قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن كەم ئۇچرايدىغان بىباھا سۆزلەرنى قازىدۇ. ئۇ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن قازىدۇ دېيىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، پەقەت شۇ يەردىن قېزىلغان سۆزلەر ئەسىرىڭىزنى ئوقۇغان كىتابخانىنىڭ قەلبىنى ئۇرغۇتالايدۇ، يالقۇنجىتالايدۇ.

uyghurkitap.com



دالىدىكى بىر جىلغىدا، لايلىرى تېخى قۇرۇمىغان بىر قەبرىنىڭ يېنىدا بىر ئادەم ئولتۇرىدۇ، ئۇ چېكە چاچلىرى پاخپايغان بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى چوڭقۇر خىيالغا كەتكەن. سىز كۆز ئالدىڭىزدا سوزۇلۇپ ياتقان بۇ ھەيۋەتلىك پانىي دۇنيا پاجىئەلىرىدىن قېتىپ قېلىشنىڭ ئورنىغا ئەكسىچە نېمىشقىدۇر بۇ ئادەمنىڭ ئىككى قولى توغرىسىدا ئويلاپ كېتىسىز، بۇ قوللار ئۇستىخانلىرى بۈرتۈپ چىقىپ، كۆك تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ قالغان دېھقان قوللىرى ئىدى، بۇ قوللار ئېرىنچەكلىك بىلەن بوشاشقان ھالدا بۇ ئادەمنىڭ تىزلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغانىدى. بۇ قوللار، دېھقاننىڭ بۇ قوللىرى ئەسلىدە ساپان ھەيدىشى، تۇپراق بوشىتىشى، ئۇرۇق چېچىشى، قوتاننىڭ ئۆرۈلگەن قاشاسىنى ئوڭلىشى، بالىلىرى بىلەن خوتۇنىنى سىلاپ-سىيپىشى لازىم ئىدى، ئەمما بۇ قوللار يىل بويى ئۆز ئىگىسىگە ئوخشاش جاپاكەش دېھقانلارنى ئۆلتۈرىدىغان قوللارغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ، دون كازىكى گىرىگورىي مېلېخوۋ؟ سەن نېمىشقا بۇنچىۋالا پاجىئەلىك ھالدا يولدىن ئاداشتىڭ؟

بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، «تىنچ دون» نىڭ ئاپتورى ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس، توپتوغرا ئون تۆت يىل سەرپ قىلدى. 35 يىلدىن بۇيان بۇ كىتاب دۇنيادا شۆھرەت قازاندى. بۇنداق زور بەدىئىي قۇدرەت بىلەن ئاددىي خەلقنىڭ مۇرەككەپ ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتىنى، مۇھەببەت ھەم نەپرىتىنى، خۇشاللىق ھەم قايغۇ-ئەلىمىنى ئىپادىلەپ بەرگەن ئەسەر پۈتكۈل دۇنيا ئەدەبىياتىدا كۆپ ئەمەس.

قارىغاندا، دېھقان ئائىلىسى چالا ساۋات ئاكسىنىيە ئاستاخوۋا ئۆز مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، قايغۇ-ئەلىمىنىڭ ئېغىرلىقى جەھەتتە ئاننا كارېنىنا بىلەن كاتيۇشا روستوۋادىن قېلىشمايدۇ. گىرىگورىي مېلېخوۋنىڭ يۈگەنسىز قەلبىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن پاجىئەسى ئاندرېي بولكونسكىنىڭ قەلبىدىن قېلىشمايدۇ. يىللىقچى مىخايىل كوشېۋوينىڭ پىكىر قىلىش قابىلىيىتى پيېر بېزوخوۋدىن قېلىشمايدۇ. مىخايىل كوشېۋوينىڭ ھاياتى، ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى، ئۆزىگە ئوخشاش نامرات كەنتداشلىرىنىڭ تەقدىرىنى ئويلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ئىنقىلابنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، ئىنقىلاب ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇخلىغىلى ئۇزۇن بولغان قۇدرەتنى ئويغىتىدۇ. لېنىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، لېۋ تولستوينىڭ ئىجادىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ بەدىئىي ئۆسۈشى جەھەتتە زور بىر قەدەم تاشلىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ سۆزنى بىزنىڭ زامانىدىشىمىز ۋە قېرىندىشىمىزغا تەقدىم قىلىشقا تامامەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيانىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇچقىقىدىكى خەلقلەرنىڭ قەلبىنى ئۆركەشلەتتى. بۇ ئەسەرلەر ئاللىقاچان مىللەت چېگرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، دەۋرنىڭ بايلىقىغا، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقىغا ئايلاندى. پۈتۈن دۇنيا خەلقى شولوخوۋقا موھتاج.

«تىنچ دون» نىڭ تۆتىنچى تومى، يەنى ئەڭ ئاخىرقى تومى بىر قارىماققا باشتىن-ئاخىر جانسىز، بوش، پېرسوناژلار لايغەزەل، دائىمۇ سۇس يېزىلغاندەك تۇيۇلىدۇ، بۇ تومدا كۈچلۈك سۆز-ھەرىكەتلەر يوقتەك كۆرۈنىدۇ. ھەممە نەرسە ۋەقەلەرنىڭ ئىچكى قىسمىغا كىرىپ كەتكەندەك، ھەممە نەرسە بارغانسېرى كۈچىيىپ، كۈنسايىن

يېقىنلاپ، پات-يېقىندا يېتىپ كېلىدىغان بوران-چاپقۇنغا نەپەسمۇ ئالماي قۇلاق سېلىۋاتقاندەك سېزىلىدۇ. شولوخوۋ كىتابىنىڭ بېشىغا ئالغان ھېلىقى قەدىمكى كازاك قوشىقىنى ئەمدى تىڭشىساق، ئۇنىڭ مۇقامىدا يېگى، يوشۇرۇن بىر خىل مۇجۇش بارلىقىنى ھېس قىلىمىز:

«ئەي تىنىچ دون، سەن بىزگە ئەڭ قەدىردان ئاتىسەن،
قەدىردانىم تىنچ دون نېمانچە لاي ئاقىسەن؟
ئاھ، تېگىمدە ساناقسىز مۇزدەك بۇلاق قاينىسا،
ئېقىمىمنى لايلىتىپ ئاپئاق بېلىق ئويناسا،
نېمە قىلاي چارەم يوق، لايلانماستىن ئېقىشقا؟»

ئاپتور ئۆزىنى تەمكىن تۇتىدۇ، ھېكايە سۆزلىگەچ بەزى تەپسىلاتلارنى كىرگۈزۈپ قويىدۇ، بۇ تەپسىلاتلار كىشىنى ئېمىشقىدۇ شۇر كەندۇرۇۋېتىدۇ، بۇ چاغدا ئۆزىڭىز جىددىيلىشىپ، زەربىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالىسىز. مەسىلەن: گىرىگورىي بىلەن ناتالىيە گۈل-چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈللۈكتە ئاستا كېلىۋاتقاندا، گىرىگورىي ناتالىيەگە مۇنداق دەيدۇ:

«— ھەممىگە تۇرمۇش ئەيىبلىك. ناتاشكا، ھەممىسى ئۇنىڭ كاساپىتى... ئادەم ھەمىشەم ئۆلۈمنىڭ گىرۋىكىدە مېڭىپ يۈرىدۇ. مانا قارا، ھەر قېتىمدا پۇتلىشىپ چۈشۈپ كېتىشىڭ مۇمكىن...»

بۇ ئەسەردىكى ئۆلۈمنى تىلغا ئېلىشىنىڭ تۇنجى قېتىممۇ، ئاخىرقى قېتىممۇ ئەمەس. بۇ ئەسەردە ئۆلۈمنى تىلغا ئالىدىغان جايلار ئىنتايىن كۆپ. ئېسىڭلاردىدۇ، شولوخوۋ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يازغان ھېكايىلىرىدا بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن سىلەرگە ئارامبەخش رەسىملەرنى ئەسلا سىزىپ بەرمەيمەن، ئۇلار-نىڭ كۆز ئالدىدا ئادەملەرنىڭ قېنى ئېقىۋاتىدۇ. بۇ توقۇپ چىققان قان ئەمەس بەلكى ھەقىقىي قان. يۇرتۇمنىڭ داللىرى ساپ قانلار بىلەن تويۇندى. مەن بۇلارنى ئۆز كۆ-زۈم بىلەن كۆردۈم. مەن خۇددى چىنلىقنى قاتتىق سۆيگەن كىشىگە ئوخشاش بۇلار-نىڭ ھەممىسىنى قىلچە يوشۇرماي كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىمەن.» شتوكمان بىلەن ئىۋان ئالېكسېيېۋىچ قۇربان بولدى. مېلېخوۋ جەمەتىنىڭ باشلىقى قەدىمىي كازاك يوسۇنىنىڭ غالجىر ۋە جاھىل قوغدىغۇچىسى پانتېلېي پروكوفيېۋىچ ئۆلدى. ناتالىيە ئۆلدى. ئەقىلسىز، بىشەم، ياش تۇل ئايال دارىيە ئۆلدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن دارىيەنىڭ ئېرى پېترو ئۆلگەنىدى. ئېلىنچىدىنا ئىۋادى ئاخىردا ئاكسىنيەمۇ بىئەجەل ئۆلىدۇ. بۇنىڭدىن گىرىگورىي ئۆلگۈدەك قورقۇپ كېتىدۇ. ئۇ شۇنى چۈشىنىدۇكى، «ھەممىسى تۈگىگەن، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش روي بەرگەنىدى.» ئۇ، بۈيۈك ۋە داۋالغۇپ تۇرغان بۇ دۇنيانىڭ ئاسمىنىغا چىققان ئاشۇ قارا رەڭلىك قۇياش بىلەن روي بەرگەن بۇ ھەممە نەرسىنىڭ دەلمۇ دەل ماس كەلگەنلىكىنىمۇ چۈشىنەتتى. بۇنداق تراگېدىيىچە بەدىئىي بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىغاندا، ھەتتا ھازىرغىچە ئۆزىدە يوق شىجائەت بىلەن ھەمىشەم ماختىنىدىغان ئاشۇ ئادەملەرمۇ ئۆلگۈدەك قورقۇپ كېتىدۇ.

شولوخوۋنىڭ ئۇ چاغدا زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپىسى ئەسلا يېنىك ئەمەس، ئەل-
ۋەتتە. «چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتسە» ئىشنى بۇزۇپ قوياتتى، كۆپلىگەن قارائىغۇ تەرەپ كار-
تىنىلىرى كىتابخانلارنى مەيۇسلەندۈرۈپ قوياتتى. بۇنداق خەتەرنىڭ ھەرقانداق چاغدا
يۈز بېرىشى، كىتابخان كىتابنى ياپقاندىن كېيىن سىقىلىش ھېس قىلىشى مۇمكىن ئىدى،
ياكى تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇنداق ئەھۋالغا راستىنلا يولۇقۇپ قېلىشىمىز
مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىزنىڭ ھەربىر سۆز-ئىباردىن ھېس قىلىدىغىنى-
مىز — روھنى پاكلىغۇچى، يېنىكلەتكۈچى دەھشەتلىك چىنلىق. بىز بىر دەقىقىمۇ ئېس-
مىزدىن چىقىرالمايدىغان تاتارسكى كەنتىدە تىرىك قالغانلاردىن يەنە ئۆز ئىشىنىڭ توغ-
رىلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن مېخايىل كوشىۋوي بىلەن كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، گۈزەل دۈن-
ياشكا، يەنە مىشىنكا بولۇپ، بالىلىق قەلبى بۇ ئىككىسىگە چىڭ باغلانغان، ئۇ مېلېخوۋ
جەمەتىنىڭ يالغۇز كۆچىتى. ئەتە، يەنى كېلەچەك شۇلارغا مەنسۇپ. ئاخىردا ئامىنىڭ
ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان ھاياتىي كۈچكە باي «قەھرىتان سۈزۈك بۇلاق» نىڭ كىشى-
لەرگە پارلاق ھايات ئۇچۇرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئۇلار-
نى مەڭگۈلۈك بەختكە ئېلىپ بارىدىغان يولغا يېتەكلىگەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقارمايمىز.

2

مەن ھازىر «ھاۋا رەڭ دەشت» تىن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇدۇم:
«قۇرۇپ كەتكەن سازلىقنىڭ يېنىدىكى سايلىقتا قوي پادىسى بىرنەچچە توپقا بۆ-
لىنىپ، بىر-بىرىگە سۈۋۈشۈپ تۇرىدۇ. قويلار قۇيرۇقلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن پۇلاڭ-
لىتىدۇ، بىر سېمىز پاخلان كەينى پۇتىچە تۇرۇپ ئانىسىنىڭ سېرىق ۋە پاسكىنا تېنىگە
يېپىشىپ ئەمەكتە. ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپلا ئانىسىنىڭ ئەمچىكىگە ئۇسۇپ قويىدۇ. ئانا قوي
مەرەيدۇ، تولغۇلۇۋالىدۇ. پەممىچە، ئۇنىڭ كۆزىدە ئەلەملىك ئالامەتلەر تولۇپ تاش-
قانىدى.»①
شولوخوۋ بۇ ئابزاسلارنى يازغاندا، مەن سەككىز ياشقا كىرگەنىدىم، ئۇ چاغدا
مەنمۇ قويچى ئىدىم. ئەگەر مەن يىراقتا قالغان ئاشۇ يىللاردا بۇ بىرنەچچە جۈملىنى
ئوقۇپ قالغان بولسام، ھەمراھلىرىم ۋە ماڭا ئوخشاش قويچى بالىلارنىڭ ئىچىدىن بۇ قۇر-
لارنى يازغان ئادەمنى جەزمەن ئىزدىگەن بولاتتىم. چۈنكى پاخلان قانداق ئېمىدۇ، ئانا
قوي بېلىنى قانداق ئېگىدۇ، كۆزلىرىدە قايغۇ-ئەلەم قانداق ئەكس ئېتىدۇ ۋاھاكازالارنى
پەقەت قويچى بالىلارلا بايقىيالايتتى. بىراق مېنىڭ ھازىر ئويلاۋاتقىنىم باشقا بىر ئىش.
ئوتتۇزىنچى يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللى ئىدى. ۋولگا دەرياسىنىڭ بويىدا
كىچىككىنە بىر كەنت بىپايان ئوتلاق ئىچىدە پىنھان تۇراتتى. شامال قارلارنى دۆۋە-
دۆۋە قىلىۋەتكەن. قار دۆۋىلىرى دېھقان ئۆيلىرىدىنمۇ ئېگىز ئىدى. كەنتتىكى باشلانغۇچ
مەكتەپ قار دۆۋىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاپسىلىپ قالغانىدى. مەكتەپ دېرىزىلىرى قىرو
باغلاپ، بەئەينى ئاق چۈشكەن كۆزگە ئوخشاش مۇز دۇنياسىغا قاراپ تۇراتتى. بىر

① «دون ھېكايىلىرى» دىن.

دېرىزىدىن باللارنىڭ شوخ كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. تەخمىنەن 25 ياشلار چامىسىدىكى ياش ئايال ئوقۇتقۇچى ھەر نېمە قىلىپمۇ سىنىپنى تىنچىتالمايۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل قويمايۋاتقانىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىگە ئوخشاش كۈلكىگە تولغانىدى. ئۇ كۆزىدىكى ياشلارنى سۈرتكەچ ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە جىددىي قىياپەتتە داۋاملىق ئوقۇماقتا ئىدى: «يېڭىباشتىن ئامۇت شورپىسى كەلتۈرۈلۈپ، پاراڭ توختىدى. پەقەت تاماق ئىچىۋاتقانلارنىڭ چاينىشلىرى ۋە ياغاچ قوشۇقلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى تاۋاقنىڭ تۈۋىگە تېگىپ تاقىلدىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. باللاردىن بىرىنىڭ ياغاچ قوشۇقى ئوتتۇرىدىكى تاۋاقنىڭ شورپىسى ئىچىدە بىرنەچچە ئايلىنىپ، شورپىنىڭ ئىچىدىكى ئامۇتنى سۈزگەن ۋاقىتتا تاقىرلاش كۆچىيىپ، جىمجىتلىق بۇزۇلاتتى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئانىتىم بوۋاي ئۆزىنىڭ قوشۇقىنى يالاپ قويۇپ، شورپىدىكى ئامۇتنى سۈزۈۋاتقان باللىنىڭ ماڭلىيىغا قوشۇق بىلەن تارسىلا قىلىپ بىرنى قويدى-دە: ‹شورپىنىڭ قويۇقىنى سۈزمە› دەپ قوشۇمىسىنى تۈردى»① شۇنىڭ بىلەن يەنە كۈلكە باشلاندى. ھېلىقى ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن قالغۇسى كەلمەيتتى. بىز، يەنى بۇ يېزىنىڭ باللىرى ئانىتىم بوۋاي ئاۋۋال پاك-پاكىز يالىۋالغان ياغاچ قوشۇق بىلەن ھېلىقى شا كىچىكنىڭ بېشىغا ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ بېشىمىزغا ئۇرغاندەك ئىختىيارسىز ھالدا باشلىرىمىزنى سىلاپ كېتىپتىمىز. بۇنداق ئەدەپلەشلەر بىزگە تولىمۇ تونۇش ئىدى. پەقەت بىرلا نۇقتىنى ھەرقانچە قىلساقمۇ ئېنىقلىيالمايمىز: يازغۇچى بۇ كۆرۈنۈشنى قانداق بايقىغاندۇ؟ كىتاب چوڭ شەھەردە يېزىلغان، چوڭ شەھەردە بولسا، ياغاچ قوشۇق بىلەن باللارنىڭ بېشىغا ئۇرمايدۇ. يەنە شۇمۇ ئېسىمدىكى، بىز شۇ چاغدا بۇنى ھېلىقى ئايال مۇئەللىمىمىزدىن سوراپ بىلىۋالماقچى بولغانىدۇق، سوراپ بىلىۋالغان-بىلەۋالمىغانلىقىمىز ئېسىمدە قالماپتۇ، ئەمما مەيلى قانداقلا بولسۇن، شۇ كۈندىن باشلاپ شولوخوۋنىڭ نامى مېنىڭ قەلبىمگە مەڭگۈلۈك مۇستەھكەم ئورناپ كەتتى. «ئېچىلغان تىڭ»نى مەن بىر يولدىلا ئوقۇپ تۈگەتكەنىدىم. ھازىر كۈلكىلىك بولغان بىلەن ئۇ چاغلاردا مەن بۇ كەنتتىكى بارلىق ياشلار بىلەن بىلىملىك ئادەملەرنىڭ ئىچىدە شولوخوۋ تەخەللۇسلۇق ئادەم بارمۇ-يوق دەپ جىددىي ۋە تەپسىلىي كۆزەتكەنىدىم. مەن كىتابتىن ئەمدىلا ئوقۇپ بولغان ئاشۇ ۋەقەلەر بىلەن بىزنىڭ ئاشۇ يېرىمىزدە روي بەرگەن ۋە بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن ۋەقەلەر شۇ قەدەر ئوخشىشىپ كېتەتتىكى، بىزدە: «شولوخوۋنىڭ يازغىنى روشەنكى بىز، بىزنىڭ يېزىمىز» دېگەن خىياللار ئىختىيارسىز پەيدا بولاتتى. مەن ئۇ چاغدا كەنتىمىزدىكى پالانچىنىڭ كىتابتا پۇستانچىغا ئايلانغانلىقىنى ئۇنچىۋالا قىينالمايلا تېپىۋالغانىدىم. شۇكار بوۋاي ھەققىدە توختىلايلى. بۇ بىزنىڭ كارپۇشكا كوتونوۋ ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئەڭ نامرات، ئاغزى بېسىلمايدىغان كوت-كوت ئادەم ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ چىراي-تۇرقىمۇ شۇكار بوۋاي بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش. داۋىدوۋ ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. كەنتداشلىرىمىزنىڭ ھەرقاندىقى بۇ بىزنىڭ كەنتتىكى زىلىنسكى، كولخوز رەئىسى، يېگىرمە بەش مىڭچى ھەمدە پوتىلوۋ زاۋۇ-

① «ئېچىلغان تىڭ»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 331 ـ بەت.

تىنىڭ ئىشچىسى دەپ ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. ناگولنوۋتىن بىرنىڭ كەنتتە ئىككىسى بار، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىسمىلا ئوخشىمايدۇ. بىرسىنىڭ ئىسمى كىلىر زۇبانوۋ، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى ئالېكسى زۇبانوۋ بولۇپ، ئىككىسى ئاكا - ئۇكا، دۇنيا ئىنقىلابىنى ئارمان قىلىدۇ، ناگولنوۋقا ئوخشاش تەۋەككۈل ئىش قىلىدىغان، ھەمدە پارتىيىگە ناگولنوۋتەك سادىق، پەقەت تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ماكار ناگولنوۋقا ئوخشاش پېشكەللىككە ئۇچرىماي، ئىككىسى ئۈچ قېتىم باي دېھقانلارنىڭ ئوقىدىن ئامان قالغان. بىرىنىڭ ئۇ يەردە كاندىدات مايدانىنكوۋ، ياكوپ لوكىچ، ھەتتا ئاركاشكىلارمۇ بار، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىسمىلا ئوخشىمايدۇ، خالاس.

نۇرغۇن ئادەملەر ئومۇمەن بىر ياخشى كىتابنى ئوقۇغاندا، مۇنداق بىر ئاددىي، ئەمما كۈتۈلمىگەن كەيپىياتتىن تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، «تۇۋا، بۇ ئىش مېنىڭ ئۇچراتقانلىرىم، بېشىمدىن ئۆتكۈزگەنلىرىم، كۆرگەنلىرىم بىلەن نېمىدېگەن ئوپما - ئوخشاش! بۇنداق ئىنچىكە كۆزىتىش ماھارىتىنى ھەقىقەتەنمۇ قىياسقا يەتكەن دېيىشكە بولىدۇ!» دەپ يازغۇچىغا ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

مەسىلەن: ماكار ناگولنوۋ تاقەتسىزلىك بىلەن ئۆزى نەپرەتلىنىدىغان خۇسۇسىي مۈلۈكنى بىراقلا يوقىتىۋېتىشنى ئويلايدۇ، ئۇزۇن ئالقانلىرى بىلەن ئوردېنلىرىنى بېسىپ تۇرۇپ، ئۇرغۇپ تۇرغان قىزغىنلىق بىلەن شۇنداق دەپ سۆزلەيدۇ: «سۆيۈملۈك ئاچا - سىڭىللار! توخۇ ۋە ئۆدەكلىرىڭلارغا تارتىشماڭلار،... بۇ نېمىلەر... مەن ئاشۇ مېكىيانلارنى دەۋاتىمەن، بىردەم كۆكتاتلىققا كىرىۋېلىپ كۆكتاتلارنى چوقۇلاۋاتقان، بۇ قاغىش تەككۈرلەر بىردەم ئامبارنىڭ ئاستىغا كىرىپ تۇخۇم تۇغۇۋاتقان، بىردەم ئۇلارنى ئاغمىخان بوغۇۋاتقان، نېمە چاتاقلار چىقمايدۇ دەيسىلەر؟ سىلەرگە دائىم توخۇ كاتىكىگە كىرىپ قايسىسى تۇغۇدىكىن، قايسىسى تۇغمايدىكىن دەپ، مېكىيانلارنىڭ پورۇكىنى سىيلاپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. كاتەككە كىرسەڭ يا توخۇ پېيى چاپلاشتۇرىسەن، يا توخۇ ۋاباسىنى يۇقتۇرۇۋالىسەن.»① ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەن ئەلۋەتتە ماكارنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدىم، چۈنكى مەن ئۆزۈممۇ ھەمىشەم ئاپامنىڭ بۇيرۇشى بىلەن ئامبارنىڭ ئاستىغا ېىرىپ توخۇلار تۇغۇپ قويغان تۇخۇملارنى تېرىپ كېلەتتىم، لېكىن ھەربىر قېتىم بارغاندىن كېيىن خېلىغىچە توخۇ پىتلىرىنىڭ ئازابلىشىغا چىداشقا توغرا كېلەتتى، ھەتتا ئۇنى ھازىر خىيال قىلساممۇ، پۈتۈن بەدىنىم چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىچىشىپ كېتىدۇ. مەن ئۇ چاغلاردا يازغۇچى ھەتتا مۇشۇلارنىمۇ بىلگەنىكەن، ئۇنداقتا ئۇ كىتابتا يازغان ئىشلارغا ئىشەنمىگىلىمۇ بولارمۇ، دەپ ئويلاپ كېتەتتىم.

ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئۇ چاغدا مەن «ئېچىلغان تىڭ» رومانىنى ئوقۇشتا پەقەت ئۆزۈمنىڭ بىلىمىگىلا تايىنىپ بىر ئۆسمۈر بالىدىكى تەجرىبىدىن ئىبارەت ئەرزىمەس مىزان بىلەن كىتابتا يېزىلغان ھەممە نەرسىنى ئۆلچىگەنىدىم، ئەمما بۇنداق تەجرىبە ئەرزىمەس بولغىنى بىلەن ئۇ ئارقىلىق كىتابتىكى چىنلىقنىڭ غايەت زور قۇدرىتىنى تامامەن ھېس قىلىشقا بولىدۇ، بۇ ھەر تەرەپتىن ئالغاندىمۇ، خەلققە

① «ئېچىلغان تىڭ»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 220 - بەت.

مەنسۇپ بولغان ئېسىل كىتاب. «ئېچىلغان تىڭ» توغرىسىدا كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ يازدى ۋە كۆپ سۆزلىدى. بۇ ماقالە ۋە نۇتۇقلارنىڭ تاشايىندا، يېڭى، تەكرارلانمىغان سۆزلەرنى تولۇقلاپ ئېيتىش مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ بۇ كىتاب ئۈستىدىكى مۇھاكىمەم باشتىن - ئاخىر ئۆزۈمنىڭ خۇسۇسىي تەسىراتلىرىدىغا ئاساسلانغان. بۇ تەسىراتلاردىكى بەزى جايلارنىڭ مەلۇم ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن بىر يەردىن چىقىپ قالغانلىقى، بەزى جايلىرىنىڭ ئۇنداق بولمىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ مۇھىم تەرەپلەر ئەمەس.

بىز — يازغۇچى، ئوبزورچى، كىتابخانلار: بىز — شولوخوۋنىڭ زاماندىشى، قېرىنداشلىرى شولوخوۋ قەلىمىدىكى كىشىلەرنى رام قىلغۇچى سېھرىي كۈچنىڭ سىرى ئۈستىدە ئۆزىمىزنىڭ چۈشىنىش سەۋىيىمىز بويىچە ئىزدىنىش يۈرگۈزىمىز. شولوخوۋ كىتابخانلار بىلەن نۇرغۇن كۆرۈشكەندى، بىر كىتابخان ئۇنىڭدىن:

— بۇ ئۆزگىچە رەڭ، ئوبرازلارنى نەدىن ئالغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ باقسىڭىز، — دەپ ئۆتۈنگەن.

شولوخوۋ كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇ يەردىن ئالىمەن! — دەپ ئىپادىلەش كۈچىگە باي قول ئىشارىتى بىلەن تۆۋەن تەرەپنى كۆرسەتكەن. كىتابخانلار بۇ قول ئىشارىتىنى تەبىئىي ھالدا چۈشەنگەنلىكتىن، گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتقان. ئۇنداقتا كۆپچىلىكنىڭ چۈشەنگىنى زادى نېمە؟ يازغۇچىنىڭ ھايات ۋە يەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، خەلق ئارىسىدا ياشاپ، خەلق بىلەن قەلبداش بولۇپ، خەلق شادلانغانغا شادلىنىپ، خەلق قايغۇرغانغا قايغۇرغانلىقىمۇ؟ توغرا، دەل ئاشۇنداق، ئەمما يەنە بىر ھەقىقەتمۇ بار: بۇنداق ھايات كەچۈرگەن يالغۇز شولوخوۋلا ئەمەس، بىزنىڭ يەنە نۇرغۇن ئەدىبلىرىمىز تۇرمۇشنى ئىنتايىن ياخشى بىلىدۇ، ئەمما شولوخوۋنىڭ سەۋىيىسىگە يېتەلەيدىغانلار پەقەت بىرنەچچىلا... بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق بىر ئىنتايىن ئاددىي ھەقىقەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: قابىلىيەت يۇقىرى - تۆۋەن بولىدۇ. بىزنىڭ ئارىمىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەر يېزىدا تۇغۇلۇپ، دالا - قىرلاردا ئۆسكەن، نۇرغۇن ئادەملەر تار ياغاچ ئۆيلەردىن چىقىپ، يانۋارنىڭ مۇزدەك ھاۋاسىدىن قانغىچە نەپەس ئالغان، ئۇنىڭ تەمىنى تېتىغان، شولوخوۋ بۇنى بىزگە مۇنداق بايان قىلىپ بېرىدۇ: «يانۋار ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھاۋانىڭ دەسلەپكى ئىسسىقى بىلەن ئالۇچا باغلىرىدىن خۇشپۇراق كېلىدۇ. چۈش مەزگىلىدە قەيەردىدۇ، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن بىر جايدا (ئەگەر كۈن ئىسسىتىشقا باشلىسا) ئالۇچىلارنىڭ سۇس پۇرىقى ئېرىگەن قارنىڭ نەمى ۋە قارنىڭ ئاستىدا قېلىپ سولىشىپ، جانسىز ياتقان يوپۇرماقلارنىڭ ئاستىدىكى قارا يەرنىڭ پۇرىقى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ.» ① شولوخوۋ بۇنداق ئىنچىكە ھادىسىلەرنى سۈپەتلەش ۋە تەرىپلەش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇۋاپىق سۆزلەرنى تېپىپ، بىزگە پۇراق سەزگۈمىزدىكى خاتىرە ئارقىلىق بۇنداق «سۇس پۇراق»نى يېڭىباشتىن ھېس قىلدۇرىدۇ. ئانا تەبىئەتنى بۇنداق

① «ئېچىلغان تىڭ»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - بەت.

ھېس قىلىش ۋە تەسۋىرلەش ئۈچۈن، پەقەت ئۆتكۈر كۆزنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يەنە تەبىئەت بىلەن قەلب ھەملىشىپ كېتىشى لازىم. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پەقەت تالانتلىق ئادەم بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى يەنە تالانتلىق قەلبمۇ بولۇشى كېرەك. بۇ ھەرگىزمۇ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان گەپ ئەمەس. ئەقىللىق، ھەرقانداق نەرسىنى ئىدراك ئارقىلىق چۈشىنىدىغان ئادەملەر پانىي ئالەمدىكى ئەڭ ئامەتلىك قابىلىيەتكە ئىگە بولغان قەلبى تالانتلىق كىشىلەردىن كۆپ. پوتىلوۋ زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى داۋىدوۋ تەبىئىيكى بىر شەھەرلىك ئادەم، ئۇنىڭ قار-مۇز بىلەن قاپلانغان بىپايان دالىغا كېلىشى، ئېھتىمال، تۇنجى قېتىم بولۇشى مۇمكىن. ئۇ چاندا كېتىۋېتىپ، مۈگدەشكە باشلايدۇ. ئاپتور بۇ پېرسوناژنىڭ گۈزەل مەنزىرىنى ئۆتكۈزۈپ قويۇشىدىن قورققاندەك ئۇنى ئويغىتىدۇ-دە، ئۇنىڭغا ئەتراپنى كۆرسىتىدۇ: «سوغ جان-جېنىغا ئۆتكەندىن كېيىن، چىدىيالمىغان داۋىدوۋ ئويغىنىپ، كۆزىنى ئاچتى. كۆز ياشلىرى ئارقىلىق ھەسەن-ھۈسەنگە ئوخشاش رەڭگارەڭ سوغۇق كۈننى، جىمجىت ياتقان بىپايان دالىنى، ئۇپۇق بىلەن تۇتاشقان قوغۇشۇن رەڭلىك كۆكۈش ئاسماننى ۋە يېقىن يەردە ئۈستى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان ئىدىرنىڭ تۆپىسىدە قىزىل-سېرىق ماموق يۇڭلىرىنى تىترىتىپ تۇرغان تۈلكىنى كۆردى. تۈلكە چاشقانغا ئوخشاش ئويناپ يۈرەتتى. ئۇ كەينى پۇتى بىلەن تىك تۇرۇۋېلىپ، ئوياق-بۇياققا تىكىلىپ ئالدىغا قاراپ سەكرەپ، ئىككى پۇتى بىلەن قارنى پۇرقىرىتىپ، پارقىراپ تۇرغان كۈمۈچ رەڭلىك قارغا كۆمۈلدى. قۇيرۇقى بولسا، ئوتنىڭ قىزىل يالقۇنىدەك سىيرىلىپ كېلىپ، قارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى». مەنزىرە رەسسامى بولغان سەنئەتكار ماي بوياق تەڭشەش تاختىسىدىكى قارا، سېرىق، يېشىل، كۆك، ھال رەڭ بوياقلارنى خالىغانچە ئىشلىتىدۇ. يازغۇچى، سەنئەتكارلار بولسا، پەقەت تىلنىلا ئىشلىتىدۇ. تىل — ئۇنىڭ بوياق تەڭشەش تاختىسى. ئاجايىپ ئىنچىكە كۆزىتىش قۇدرىتى، ئاجايىپ سۆز ئىشلىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن بوياقلىرى ئۆزگىچە، ئەمەلىي تۇيغۇ بېرىدىغان بۇنداق كارتىنىنى سىزىپ چىققىلى بولىدۇ. يەنە بىر نۇقتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم: يازغۇچى نېمە ئۈچۈن بۇ ئاجايىپ ئاق سىزمىنى بۇ يەرگە، بۇ باياننىڭ ئىچىگە قىستۇرىدۇ؟ بۇ ئاق سىزما دەماللىق تەسىراتتىن تۇغۇلغان بولۇشى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن (ھەتتا جەزمەن شۇنداق)، ئەمما ئۇ شۇنداق دەل جايىغا چۈشكەنكى، كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. داۋىدوۋدەك 25 مىڭچى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان ئىشچىلارنىڭ يېزىغا كېلىشى يېزىدىكى كىشىلەرنىڭ يېڭى ھايات يولىغا مېڭىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىدى. شۇڭا شولوخوۋ ئۇنىڭغا: «داۋىدوۋ، بۇ دالىغا نەزەر سال، ئۇنى چۈشىنىشنى ۋە سۆيۈشنى ئۆگىنىۋال. بۇ زېمىندا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە ئەمگەك قىلىپ كېلىۋاتقانلار سەن بىللە خىزمەت قىلىدىغان، بىللە ھايات كەچۈرىدىغان، بىللە بوز ئاچىدىغان كىشىلەر، ئەگەر زېمىننى چۈشىنىشنى ۋە سۆيۈشنى ئۆگىنىۋالمىساڭ، دېھقانلارنى چۈشەنمەيسەن، ئۇ چاغدا دېھقانلارمۇ سېنى چۈشەنمەيدۇ. سۆيمەيدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك ئىدى.

3

ئوبزورچى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى بىردەك شولوخوۋ تولىمۇ ئاستا يازىدۇ، دەپ كېسىپلا ئېيتىدۇ، ھەتتا يازغۇچىنىڭ ئۆزىمۇ ھەمىشە ئاستا يازغىنىم ياخشى، دەيدۇ. «تىنچ دون»نىڭ 1 - تومى بىلەن 4 - تومىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 14 يىل، «ئېچىلغان تىڭ»نىڭ 1 - تومى بىلەن 2 - تومىنىڭ ئوتتۇرىسىدا 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ئالدىنقىسىدىنمۇ ئاستا يېزىلغان. ئەمما مۇنداق بىر نۇقتا كىشىنى تېخىمۇ ئويغا سالىدۇ. «ئېچىلغان تىڭ»نىڭ 1 - تومى شولوخوۋنىڭ سۈرئىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چاقماق تېزلىكىدە، يۇقىرى سۈرئەت بىلەن يېزىپ تاماملانغان، ھەرتەرەپتىن قارىغاندا، بۇ تومنى يېزىشقا بىر يىلدىن ئاز ۋاقىت كەتكەن. بۇنىڭدىن ئاۋۋال كەم كۆرۈلىدىغان تېز سۈرئەت بىلەن يېزىلغان «تىنچ دون»نىڭ 3 - تومى پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ كەتكەنىدى، بۇنىڭدىنمۇ ئاۋۋالراق كىتابخانىلار 20 ياشلىق بىرەيلەن يازغان ئاجايىپ ئېسىل «دون ھېكايىلىرى»نىڭ بارلىقىنى بىلەتتى.

مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندىلا، بىز شولوخوۋنىڭ كۈچلۈك زامانىۋى تۇيغۇغا ئىگە يازغۇچى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. گراژدانلار ئۇرۇشىنىڭ ئوتلىرى ئۈچە - ئۈچمە - گەن، ئېرى بىلەن ئوغلىدىن جۇدا بولغان كازاك ئائىلىسىنىڭ كۆز يېشى تېخى قۇرۇ - مىغان، ساپ قانلارغا تويۇنغان دون تۇپرىقىنى يەنىلا قويۇق ئىس - تۈتەكلەر قاپلاپ تۇرغان بىر چاغدا شولوخوۋ ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى — «تىنچ دون»نىڭ كۆلىمى بويىچە باشقا بىر ئەسەر يېزىشقا باشلايدۇ. گىرىگورىي مېلېخوۋ ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك مۇساپىسىنى تېخى مېڭىپ بولمايلا، جانجان يۇرتىدا يېڭى ۋەقەلەر قاينىمىغا كىرىپ كېتىدۇ. «سامادا پەرۋاز قىلغان دۇلدۇلغا ئوخشاش ھايات» — كوللېكتىپلاشتۇرۇش باشلىنىدۇ. شولوخوۋ ئۆزىنىڭ تاماملانمىغان بۈيۈك ئەسىرىنى تاشلاپ قويۇپ، «ئېچىلغان تىڭ»نىڭ 1 - تومىنى يېزىشقا باشلايدۇ، بۇ كىتاپ ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر تازا ئەۋجىگە چىققاندا يورۇقلۇققا چىقىدۇ (بۇ يەردە شۇنى قوشۇمچە قىلىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇكى، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھورۇنلۇقى بىلەن ئىددىيە جەھەتتىكى قورقۇنچاقلىقىنى پەدەزلەيدىغان تولىمۇ ئەپچىل «تارىخىي ئارىلىقنى ساقلاش» نەزەرىيىسىگە بەرگەن ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ ئەجەللىك زەربىسى ئىدى). سۆزلەپ كەلسەك، بۇ كىتابنىڭ قىسمىتى كىشىنىڭ ئىشتىياقىنى قوزغايدۇ: كىتاب يورۇقلۇققا چىقىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئون مىليونلىغان كىشىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالىدۇ، كىتاب دەرھال ئەڭ بىۋاسىتە شەكىل بىلەن يېزىلاردا قانات يايدۇرۇلغان تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە كۈرەشكە قاتنىشىدۇ. داۋىدوۋلار بىلەن ناگولنوۋلار بۇ كىتابنى — ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ قابىلىيەتلىك تەشۋىقاتچىنى يېزىلاردىكى ھەر بىر ئائىلىگە ئېلىپ كىرىدۇ. قارىماققا، يازغۇچى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقان ھالدا، ئەسەرنى تاماملاي - دىغان يەرگە كېلىپ قالىدۇ، ئەمما ئۇ ئەسەرنى تاماملىمايدۇ. بىرىنچى كىتاب «كونا ئىشلار يېڭىباشتىن باشلاندى» دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك، ئەمما كىشىنى بىئارام قىلىدىغان خاتىمە بىلەن ئاياغلىشىدۇ. «بىرىنچى كىتاب» دېگەن بۇ

بىرنەچچە سۆزنى كۆرۈشىمىز بىلەنلا، ئۇ خۇددى تىكەنگە ئوخشاش خاتىرىمىزگە سان-
جىلىدۇ. ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ھېچكىممۇ ئىككىنچى كىتابنىڭ چارەك ئەسىر-
دىنمۇ كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا مەيدانغا چىقىشىنى خىيال قىلغانمۇ كەلتۈر-
مىگەنىدى. كىشىلەرگە مەلۇمكى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە،
تاكى ئۇرۇش پارتلىغانغا قەدەر، شولوخوۋ باشتىن - ئاخىر «تىنچ دون»نىڭ 4 - تومى
ئۈستىدە جىددىي ئىشلىدى. ئەسلىدە ئۇ بۇ كىتاب يورۇقلۇققا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا
«ئېچىلغان تىڭ»نىڭ 2 - كىتابىنى يېزىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇرۇش ئۇنىڭغا
توسقۇنلۇق قىلدى. بۇ چاغدا بۇ ئۇلۇغ سەنئەتكارغا باشقا سەھنە تېپىلىپ قالدى،
ئۇزۇن ئۆتمەي بىز «نەپرەت ئىلمى»نى ئوقۇدۇق. كېيىن «ئۇلار ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ
قىلدى» دېگەن رومانىنىڭ ھەرقايسى بابلىرى كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭ
ئۈستىگە، بۇ ئەسەرلەر ۋەقەنىڭ كەينىدىن ئەمەس، بەلكى ۋەقەنىڭ ئوتتۇرىسىدا،
ھەتتا ۋەقە ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتتا يېزىلدى. بۇ كوممۇنىست يازغۇچى ئۆزىنىڭ
جەڭگىۋار ئورنىنى ئېنىق تونۇيتتى. «ئۇلار ۋەتەن ئۈچۈن جەڭ قىلدى» تېخى
تاماملانمىغانىدى. ئەمما دەۋرنىڭ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ تەلىپىنى كۈچلۈك ھېس قىلغان
يازغۇچى ئۇزۇنغىچە كۈتۈپ تۇرالمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەنئەتكارغا خاس تىلى بىلەن
ئۇرۇش ۋە تىنچلىقنىڭ تەقدىرى، مۇشۇنداق ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بەرگەن
ئۆز ممەلىكىتىدىكى خەلقنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئىمكان قەدەر تېز سۆزلىشى
كېرەك ئىدى. «ئادەمنىڭ تەقدىرى» مانا شۇنداق مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭدىن ھەتتا
شولوخوۋنىڭ كىتابخانلىرىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە كۈتۈلمىگەنلىك ھېس قىلدى؛ بۇ
ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بەجايىكى گۈلدۈرماما ئاۋازىدەك ھەيۋەت بىلەن كۆڭۈللەرگە
ئىلھام بەخش ئەتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئۆز جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدىغان داۋىدوۋ بىلەن
ناگولنوۋنى يېڭىباشتىن يېزىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھايات ئۇلۇغ
يازغۇچىنى تەنتەنە بىلەن يېزىشقا چاقىرماقتا ئىدى. ئۇ يەردە يېڭى ئەھۋال ئاستىدا يېڭى ئىشلار
باشلانماقتا ئىدى. تەبىئىيكى، كىتابخانلار ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر شولوخوۋ «ئېچىلغان
تىڭ» نىڭ 2 - كىتابىدا 30 - يىللاردىن بىراقلا 50 - يىللارغا ئۆتۈپ كېتىدۇغۇ، دەپ
ئويلاشقانىدى. نېمىشقىدۇر كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق ئارزۇ بار ئىدى. ئەمما
يازغۇچى باشقىچە يول تۇتتى، چۈنكى دوننىڭ بۇلبۇلى يىراقتا قالغان، ئەمما ئىنتا-
يىن يېقىملىق، خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان يىللاردا يازغۇچىنىڭ قەلىمىدىكى پېرسوناژ-
لارغا بېغىشلىغان ناخشىسىنى تېخى ئېيتىپ بولالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشۇ دەۋرنى
ھازىرقى كىشىلەرنىڭ ئۆتكۈر كۆزى ئارقىلىق كۆزىتىپ، ھازىرقى دەۋر بىلەن ئاشۇ دەۋر
ئوتتۇرىسىغا كۆۋرۈك سېلىش كېرەك ئىدى. رومانىنىڭ ئاخىرىدا شۇكار بوۋاي ھالسىز ئاۋازى
بىلەن ۋايساشقا باشلايدۇ: «... ياق، مېنىڭ تېنىم كېرەكتىن چىقتى، ماكارۇشكا بىلەن
داۋىدوۋ ئۆلۈۋىدى، جۇدۇن تەگكەندەك بولۇپ ياشىيالمايدىغىنىمغا كۆزۈم يەتتى...
ئۇلار تىرىك بولغان بولسا، يەنە بىر - ئىككى يىل ياشىيالىغان بولاتتىم. ئۇلارمۇ تۇ-
گىدى، ئەمدى ياشاپ كۆرگەن كۈنۈممۇ چاغلىق بولىدۇ. ھەقىچان ...» ئۇنىڭغا كى-
شىنىڭ بىرنەچچە ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ، ئۇنى ئىلھاملاندۇرغۇسى، ئۇنىڭغا تەسەللى

بەرگۈسى كېلىدۇ. بۇنداق كەپلەرنى نەدىنمۇ تاپقىلى بولسۇن، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ قېشىدا ماكارۇشكا بىلەن داۋىدوۋ يوق تۇرسا، بوۋاي ئۇ كەپلەرنى قانداقمۇ ئاڭلىسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىدىغان بىر دەرد غەلىتىرەك، ئەمما ئومۇمەن ئالغاندا، ئەقىللىق ۋە ياخشى بوۋاينىڭ قەلبى ئارقىلىق بىزنىڭ قەلبىمىزگە دەۋرەپ كىرىدۇ. مېنىڭ بىر مۇئەللىمەم (ئۇ ھازىر قېرىپ كەتتى) ماڭا خەت يېزىپ، مېنىڭدىن: «ئۇ نېمىشقا مۇنداق يازىدۇ، نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سوراپتۇ. راستىنلا، يازغۇچى ئۇلارلى نېمىشقا ئۆلتۈرىدۇ؟ روشەنكى، يازغۇچى يوللۇق، ئۇنىڭ «بەزى كىشىلەر بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى، بەزى كىشىلەرگە ماسلىشىشنى ئويلىسامۇ، لېكىن چىنلىقتىن ئىبارەت بۇ ئانا يول قويمايدۇ» دېگەن سۆزى كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك.

4

كىشىلەر شولوخوۋنى سانسىز نۇقتىلاردىن تەسۋىرلىدى. ئۇنىڭ خاراكتېرى ھەقىقەتەنمۇ چەكسىز باي، ئەمما بۇ ئادەمنىڭ مۇقەددەس دوستلۇق تۇيغۇسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نېمىشقىدۇر كىشىلەر بەك ئاز تىلغا ئالدى. ئۇ تولىمۇ كۆپ ئادەملەرگە ياردەم قىلدى، تولىمۇ كۆپ ئادەملەرنى ئەدەبىيات يولىغا باشلاپ كىردى، ئەمما بۇ يولغا كىرگەن ھەر بىر ئادەمگە شولوخوۋنىڭ ئاشۇ ئىنتايىن غەمخور، ئەمما كۈچلۈك سىنچى كۆزلىرى باشتىن-ئاخىر قاتتىق قادىلىپ تۇردى. مەن ئاناتولى كالىنىن بىلەن ۋىتالىي زاكروتكىنىدەك كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچىلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرەلەيمەن. ئۇلار شولوخوۋنىڭ نەسىھەتلىرىدىن ھېسابسىز پايدىلىق تەربىيەگە ئىگە بولدى. ئاناتولى كالىنىن، ۋىتالىي زاكروتكىن، مېخايىل سوكولوۋ، ۋلادىمىر فومىنكوۋ، ئاشورت گارناكلىيان، بورىس كولىكوپ، بورىس پۇرۇمىلوۋ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئاۋازى مەملىكىتىمىز ئىچىدە، ھەتتا چەت ئەللەردە ئىنتايىن يىراقلارغا تارقىلىپ كەتتى (گەرچە بۇ ئەدىبلەر شولوخوۋنىڭ يۈكسەكلىكىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ). ئادەتتە، بۈيۈك ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرى تەڭداشسىز بولىدۇ، لېكىن ئۇلار كىمگە قاراپ يۈكسىلىشنى بىلىدۇ، قەدىمىي ۋىشىنسكايا بازىرىنىڭ ئاشۇ مايىكى ئۇلارنىڭ سەپەر يولىنى مەڭگۈ يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

شولوخوۋنىڭ ئاجايىپ تالانتى تۆت ئەتراپقا، دون داللىرىدىن ئەڭ يىراق قورۇقلۇقلارغىچە پارلاق نۇر چاچىدۇ. مەشھۇر ھىندى يازغۇچىسى مۇرات راجى ئانناد ئۆزىنىڭ «ۋىشىنسكاياغا خەت»ىدە: «سىزنىڭ كىتابىڭىز ئۆزىنىڭ تارىخىي داستان تەقلىدىدىكى قۇدرىتى بىلەن مېنى ئىنتايىن ئىلھاملاندۇردى، مېنى شەرق يازغۇچىلىرىنىڭمۇ دۇنيا ئەدەبىياتىغا كىرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەندۇردى» دېگەنىدى. پولشا شائىرى ستانىسلاۋ گىللوخوۋىك: «كەلگۈسىدىكى ياش يازغۇچىلار شولوخوۋنىڭ تەجرىبىسىنى مەڭگۈ قۇرۇمايدىغان غايەت زور دېڭىز — ئەقىل دېڭىزى قىلىپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئالىدۇ» دەپ يازغانىدى. چۈنكى ھىندى يازغۇچىسى رام باسۇنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «XX ئەسىردىكى مەشھۇر يازغۇچى شولوخوۋ ۋە ئۇنىڭ ‹تىنچ دون› دېگەن كىتابى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنى بىر قەدەم ئىلگىرى سۈردى.»

م. ئالېكسېيېۋنىڭ «سوۋېت ئەدەبىيات - سەنئىتى» (خەنزۇچە) نىڭ 1984 - يىللىق 5 - سانىغا بېسىلغان «مېخايىل شولوخوۋ» ناملىق ماقالىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

ئوسمانجان ساۋۇت تەرجىمىسى.

# ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرىدىن

تاتار خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى ئابدۇللا توقاينىڭ تۇغۇلغىنىغا بۇ يىل 102 يىل تولدى. توقاي ئۆزى ھايات ۋاقتىدىلا ئاجايىپ سېھىرلىك كۈچكە ئىگە شېئىرلىرى بىلەن تاتار خەلقى ئىچىدىلا تونۇلۇپ قالماستىن، بەلكى باشقا تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىمۇ كەڭ شۆھرەت قازانغانىدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى 20-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد ۋەكىللىرىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان.

ئابدۇللا قازان شەھىرىنىڭ قوشلاۋۇچ يېزىسىدا بىر موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كىچىك چېغىدىلا ئاتا-ئانىسى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، يېتىمچىلىك ئىچىدە چوڭ بولغان. 7 ياشقا كىرگەندە قىرلاي يېزىسىدىكى مەكتەپتە تېزلا خەت ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، 1895-يىلى ئورالسكى شەھىرىگە كېلىپ رەسمىي مەدرىسە ھاياتىنى باشلىغان. دەسلەپتە مەدرىسە قارىمىقىدىكى رۇس تىلى سىنىپىدا ئۈچ يىل ئوقۇپ، ئۇنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەرەبچە، پارسچە ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتكەن. ئابدۇللا ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت جەريانىدا رۇسچە، ئەرەبچە، پارسچە تىللىنى مۇكەممەل ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز زامانىسىنىڭ تەلىپىگە يارىشا چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشقا مۇيەسسەر بولغان.

توقاي ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى گېزىت-ژۇرناللاردا كوررېكتور ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1907-يىلى مەدرىسىنى تاماملاپ مۇستەقىل بىر شائىر سۈپىتىدە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىغان.

ئابدۇللا توقاينىڭ ئىجادىيىتى كۆپ قىرلىق. ئۇ تاتار ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچى، تاتار تىلىنى مۇكەممەل ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە يۈكسەلدۈرگۈچى، تاتار ئەدەبىياتىدا تۇنجى بولۇپ سىياسىي لىرىكىنى باشلاپ بەرگۈچى، تاتار باللار ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ۋە تاتار ئەدەبىياتىدا ساتىرا، يۇمۇرنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئالاھىدە ھەسسە قاتقۇچى شائىر ھەمدە رۇس ۋە ياۋروپا كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بىرىنچى بولۇپ تاتار تىلىغا تەرجىمە قىلغان ماھىر ئەدەبىي تەرجىمان سۈپىتىدە تاتار ئەدەبىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئابدۇللا توقاي 27 يىل ئۆمۈر كۆردى، ئۇ 1904-يىلدىن 1913-يىلغىچە بولغان 11 يىللىق ئىجادىي ھاياتىنىڭ مەھسۇلى بولمىش ئىنتايىن باي ئەدەبىي مىراسىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

## مۇنتەقىد①

(قىتئە)

سۆزلىدىم كۆپ، ياخشى ئەمدى مۇنتەقىدلەر سۆكمىسە،
بىرسى بارلىق يازغىنىمنى چەتكە سۈپۈرۈپ تۆكمىسە.

يازغۇچىلار ئاشۇ خەقتىن بولمىغاي ھەرگىز تىنىچ،
بىرسى بار دوستۇم مېنىڭ ھەر بىر سۆزى ئۆتكۈر قىلىچ.

ئۇ شامال تۇگمەننى كۆرگەچ: «ئاھ، سۈيى يوق!» دەپ قويار،
كۆرسە گەر سۇ تۇگمىنىنى: «پار، ھورى يوق!» دەپ قويار.

ئۇ تۇتۇپ ئات قۇيرۇقىنى: «بۇ ئۇزۇن چاچ!» دەپ قويار،
«خوش، نېچۇن باشتا ئەمەس؟ تەنقىدكە موھتاج!» دەپ قويار.

ئۇ ساپاننى بىر كۆرۈپلا: «يەرنى بۇزغاي!» دەپ قويار،
«نەق قەلەم ئەھلىمۇ شۇنداق ئىشنى قىلغاي!» دەپ قويار.

ئۇ كۆرۈپ قوي قۇيرۇقىنى: «ئىششىغانكەن!» دەپ قويار،
«رۇس تېپۇپىقا بۇ تاتارلار زەپمۇ دۇشمەن!» دەپ قويار.

## ئالتۇنغا قارشى

ئەي خۇدايا! يەر يۈزىدىن ئال ئاشۇ ئالتۇننى، ئال،
كۆيدۇرۇچى بۇ مۇقەددەس يەرنى — بۇ يالقۇننى ئال!

ئېيت مەلەكلەرگە: جاھاننى تاپ - تازا ئەتسۇن ئىدى،
بارچە ئالتۇننى يىغىپ، دوزاخقا تېز ئاتسۇن ئىدى.

ساپ‌سېرىق شەيتاندۇر ئالتۇن، شۇندا ئۆرتەنسۇن ئۇلار،
ھەممە ئاسىيلار قۇتۇلسۇن، ئورنىغا كۆيسۇن ئۇلار.

بۇ جاھان قالغاي ئاشۇ ئىبلىس ۋە شەيتاندىن ئامان،
شۇ سېرىق يۈز تۇگىسۇن، زور قورقۇنچ شۇندا ھامان.

① مۇنتەقىد — ئەرەبچە تەنقىدچى دېگەن مەنىدە.

ئاشۇلار بۇزغاي خەلقنى، قۇتۇرتار ھەم ئازدۇرار،
پارقىراپ، كۆزنى چېقىپلا توغرا يولدىن بەزدۇرەر.

مەن تامام كەزدىم جاھاننى، قاي - قەيەردە يۈرمىدىم،
نەق شۇ ئالتۇندەك بالا، شەيتان - پالاننى كۆرمىدىم.

ھەر تەرەپ، ھەر يەردە خەلقىنىڭ شۇ مىتالنىڭ بەندىسى،
ھەقنى كۆرمەس، چۈنكى ئالتۇن ھەر ھەقىقەت پەردىسى.

خەلق ئىچىدە زۆھدى، تەقۋا، توغرىلىق شۇ، دىنىمۇ شۇ،
ھەزرەتى قۇرئان، زەبۇر، تەۋراتمۇ شۇ، ئىنجىلمۇ شۇ.

## مىللىتىم

ھەممە پىكرىم كىچە - كۈندۈز سىزگە ئائىت، مىللىتىم،
ساقلىقىڭدۇر ساقلىقىم ھەم ئىللىتىڭدۇر ئىللىتىم.

سەن مۇقەددەس، مۇھتەرەم ئالدىمدا بارلىق نەرسىدىن،
قىلماغايمەن ساڭا تەڭ دۇنيانى ئەي مىللىيەتىم.

بەختيارمەن گەر مېنى بىرسى ساڭا مەنسۇپ دېسە،
ئاجىزانە شائىرىڭ بولماققا باردۇر نىيەتىم.

«مىللىي» لەۋزىنى سۆيەر قەلبىم نېچۈنكى، بىلمىدىم،
ئەيلە «مىللىي» مىللىتىم، سەن شاد قىل كەيپىيەتىم.

شۇبھىسىز، مىللەت خىيالى ھەر خىيالدىمۇ لەزىر،
بۇ خىيالاتتىن كېلۇر گەر كەلسە مەجنۇنىيەتىم.

مېنى شائىرلىقتا، تەڭرىم، ئەيلىگىل تۇرغۇن ئەبەد،
مۇشۇ كەسپىنىڭ مەپتۇنى — قىزغىنلىقىم، قەتئىيەتىم.

ئەي پەلەك، جانىمنى ئال، شانىمنى ئەمما ئالمىغىن!
مىڭ ئۆلۈمدىنمۇ يامان تاشلانسا گەر ئەسلىيەتىم.

ئۆلمىسۇن ئۆلسەممۇ ھەرگىز شۇ پەقىر نامىم مېنىڭ،
كەتمىسۇن بوشقا مېنىڭ ئەجرىم ۋە مەشغۇلىيەتىم.

ئىلتىپات - لە بىر كۈنى ياد ئەيلىسە مىللەت مېنى،
كۈتكىنىم شۇ، مەقسىدىم ھەم بەختىم، تاجىم، دۆلىتىم.

مەن ساڭا ئىشقىمنى ئىزھار ئەيلىدىم، ئەي مىللىتىم،
سەنمۇ مېنى دوست كۆرەرسەن، بار بۇڭا، ئەمىنىيەتىم.

## موللىنىڭ زارى

(«موللا نەسرىددىندىن» دىن)

ئەي خۇدايىم! مەن قۇلۇڭغا باشتا ھۆرمەت بار ئىدى،
بىر زامانلار سەللىلىككە قەدرى - ئىززەت بار ئىدى.

نەگە بارسام مەن خەلق شۇياقنى قۇۋۋەتلەر ئىدى،
يەر يۈزى جەننەت ئىدى: دۆلەت ۋە نېئمەت بار ئىدى.

سۆز توشۇچى يوق ئىدى، مەن بىر قارانى ئاق دېسەم،
ھاي ئۆمەرلەر! ئەھلى ئىسلامدا ئىتائەت بار ئىدى.

ئۇ زامانلار ھەر كىم ئۆز ھالى بىلەن مەشغۇل ئىدى،
نە بۇ ھەزرەتلەرگە تەپتىش، نە بۇ سۆھبەت بار ئىدى.

يەتمەگەنمۇ مەن ئوقۇتقان كىمگە لازىم «مەرىپەت»؟
«مۇختەسەر»① دە ھەيز، ئىستىنجا، تاھارەت بار ئىدى.

خۇددى كاپىر ئاشۇ تار شالۋۇرنى كەيگەنلەر تامام!
نە ئۇلاردا بىر مۇسۇلمانلىق ئالامەت بار ئىدى.

ئوخلىغان، سۇنغان تاتارنى باش كۆتەرتكۈزدى ئۇلار،
نۇرلۇق كۈنلەر ئۆتتى: ھەزرەتلەرگە راھەت بار ئىدى.

ھېچكىشى سەزمەيتتى مۇتلەق ھىلە - مىكرىمنى ئۇ چاغ،
موللىنى پاكدىل ساناشتەك ياخشى ئادەت بار ئىدى.

---

① مۇختەسەر — مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قانۇن - قائىدىلىرى بايان قىلىنىدىغان «مۇختەسەر ۋىقايە» دېگەن كىتاب كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قورقىتاتتىم كىمكى راستچىل بولسا مەن كاپىر ئاتاپ،
بۇنداق ئىشنى پاش قىلىشقا كىمدە جۈرئەت بار ئىدى.

تۇتقان ھازىر بار مۇسۇلمان شۇ بۇزۇق ياشلار يولىن،
ئۆخلىدىمەن، ئۆتتى ئۇ كۈنلەركى، پۇرسەت بار ئىدى.

ئاشۇ لاي سۇدا بېلىقلارنى تۇتاتتىم مەن ھامان،
ئويلىسام، ئۇ چاغدا خەلقىمدە جاھالەت بار ئىدى.

## تولستوي سۆزلىرى

ھېچقاچان، ھېچ چاغ ئۆكۈنمەس ساددا تۇردۇم دەپ كىشى،
ياش تۆكەر كۆپ چاغدا پەۋقۇلئاددە تۇردۇم دەپ كىشى.

جان ئارام تاپتى دېمە، ئارتىقاچىقا پۇل-مالىڭ سېنىڭ،
سەن غېرىبلەر پۇلىنى شۇلگەچكە چوڭ ھالىڭ سېنىڭ.

بوي پۈكۈشنى خالىمامسەن، ئېرىنىپ قىلماققا ئىش؟
بول تىلەمچى، يا يېقىر قەرداشنى ئەزمەككە كىرىش.

زەپمۇ تەملىك دەپ ئەجەبلەنمە بۇ بايلار ئاشلىرى،
خورۇچى، تۇزى ھامان مىسكىن، گادايلار ياشلىرى.

تاتارچىدىن: رەخمەتۇللا جارى تەرجىمىسى.



# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

△ جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك 54 نەپەر يازغۇچى نوبېل مۇكاپاتىنى باھالاش كومىتېتىغا ئۇچۇرلۇق خەت يېزىپ، 1988 - يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى شائىر ئەي چىڭغا بېرىشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ خەت شياڭگاڭدا چىقىدىغان «جاھان ئەدەبىياتى» مەجمۇئەسىنىڭ 2 - سانىدا تولۇق تېكىستى بىلەن ئېلان قىلىندى. بۇ مەجمۇئەنىڭ تەھرىر سۆزىدە «بۇ خەتتە ئەي چىڭنىڭ شېئىرىيەتتىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتى ۋە تەسىرى ھەققانىي يوسۇندا باھالانغان. ئەي چىڭ بۇلاردىن خەۋەرسىز. بىزنىڭ بۇ خەتنى ئېلان قىلىشىمىزدىكى مەقسىتىمىز ئەي چىڭ ئۈچۈن بۇ مۇكاپاتنى ئېلىشىپ بېرىش ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى ئەللەردىكى ئالىملارنىڭ، شائىرلارنىڭ سەمىمىي قەلبىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۇستاز ئەي چىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت، دېيىلگەن.

ئەي چىڭنىڭ شېئىرلىرى 20 دىن ئارتۇق دۆلەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئون نەچچە مەملىكەتتە ئۇنىڭ شېئىر توپلىمى نەشر قىلىنغان. ئامېرىكىنىڭ «خەۋەرلەر» ھەپتىلىك ژۇرنىلى ئۇنى «جۇڭگونىڭ شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى شاھزادە» دەپ ئاتىغان. 1985 - يىلى فرانسىيە «فرانسىيە مەدەنىيەت - سەنئەت ئەڭ ئالىي ئوردېنى»نى ئۇنىڭغا بەرگەن. خەتكە ئىمزا قويغان 54 نەپەر يازغۇچى ئىچىدە مەملىكىتىمىزدىن بىڭ شىن، كا جىلىن، ۋاڭ مېڭ، جۇزىچى، باۋ چاڭ قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلاردىن باشقا ياپونىيە، ئامېرىكا، فرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، سىنگاپور، مالايشىيا، شياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت، رايونلاردىكى بىر تۈركۈم ئاتاقلىق يازغۇچى، شائىر ۋە خەنزۇشۇناسلار بار.

△ 1980 - يىللار ئامېرىكا پىروزا ئىجادىيىتىدىكى خاھىش مۇنداق بولماقتا:

بىرىنچى، پەلسەپىۋىلىشىش خاھىشى: ئامېرىكا يازغۇچىلىرى ئەسەرلىرىدە سىياسىي، ئەخلاقىي جەھەتتىكى خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى روشەن ئىپادىلىمەكتە. كۆپلىگەن يازغۇچىلار، ئاساسلىقى، دۇنيانىڭ تەقدىرى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبالى ھەمدە ئىنسان بىلەن تەبىئەت، تارىخ ۋە «ئۆزۈمدىكى مەن» نىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، يەرشارى خاراكتېرلىك تەپەككۇر قىلماقتا. ئىنسان خاراكتېرىنىڭ يېڭى مىزانلىرى ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.

ئۇسلۇب جەھەتتە بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ مۇنازىرىچانلىقى ۋە لىرىكىلىقى كۈچەيدى. قۇرۇلما جەھەتتە مۇكەممەل ۋەقەلىك دېگەنلەر يوق. بىر قەھرىماننىڭ قەلبىدىن ئىبارەت مىكرو دۇنيا ئارقىلىق رېئال بولغان ماكرو

دۇنيا ئېچىپ بېرىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش ئېپىزوتلىرىنى بىر-بىرىگە باغلاپ ئەسەرنى كۆپ قاتلاملىقتا، كۆپ يىپ ئۇچىغا، كۆپ يۆنىلىشكە ۋە كۆپ نۇقتىغا ئىگە قىلىنغان. بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئۇسۇللار بۇزۇپ تاشلىنىپ، خىلمۇ خىل ئۇسۇللارنى بىرلەشتۈرۈشكە يۈزلەندى.

ئىككىنچى، كەسكىنلىك خاھىشى: ئەخلاق تېما قىلىنغان ئەسەرلەر بارغانسېرى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، ئەخلاق مەسىلىسىگە ئائىت ئىزدىنىشلەر ھەر خىل تېمىدىكى ئەسەرلەرگە دىگۈدەك سىڭدۈرۈلگەن. مەسىلەن، مەشھۇر ئايال يازغۇچى سىمن ئوچېكنىڭ «شارپا» ناملىق رومانىدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى فاشىست ئۇنسۇرلىرىنىڭ زوراۋانلىقلىرى پاش قىلىنغان بولۇپ، ھازىرقى ئەھۋالغا سېلىشتۇرۇلۇپ، تارىخنى قايتا تەكرارلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرغان.

ئۈچىنچى، ئۆزئارا سىڭىشىش خاھىشى: ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتىن رېئالىزم بىلەن مودېرنىزمنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشى، ئارىلىشىپ كېتىش خاھىشى بارغانسېرى گەۋدىلىك بولماقتا. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى سۇسلىشىپ، پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىش ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتۈپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئېچىپ بېرىلمەكتە، خېلى كۆپ ساندىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان مودېرنىزمچى يازغۇچىلار رېئالىزم بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتمەكتە.

تۆتىنچى، نەسرلىشىش خاھىشى: بۇ خىل ئەھۋال بولۇپمۇ ھېكايىلاردا گەۋدىلىك بولماقتا. يازغۇچىلار نەسرنىڭ ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، ھاياتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى، تەبىئىي ھالەتلەرنى، پېرسوناژ كەيپىياتىنى ۋە پسىخىكىسىنى تەسۋىرلەپ، ئەسەرنى ھاياتقا يېقىنلاشتۇردى ھەمدە باي ئىچكى مەزمۇنغان ۋە چىن ھېسسىياتقا ئىگە قىلماقتا.

△ يېقىندا نەشردىن چىققان «موسكۋا خەۋەرلىرى» ھەپتىلىك گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىدە يازغۇچى سولژېنىتسىننىڭ «ئىۋان دېنىسوۋىچنىڭ بىر كۈنى» ناملىق ئەسىرىگە يېڭىباشتىن باھا بېرىلگەن.

سولژېنىتسىننىڭ 1962-يىلى نەشر قىلىنغان بۇ ئەسىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرلىرىدىكى تۇرمۇش تەسۋىرلەنگەن. 1970-يىلى شۋېتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى ئۇنىڭغا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى بېرىشنى قارار قىلغان. سولژېنىتسىن مۇشۇ ئەسەر تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. 1974-يىلى سوۋېت زېمىنىدىن ھەيدەلگەن. چەت ئەلگە چىقىپ، شۋېتسارىيىدە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ئامېرىكىغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى.

△ ياش يازغۇچى شياۋ لىجۈننىڭ خاتىرە خاراكتېرىدىكى رومانى «تاجسىز پادىشاھ»، «تېلېۋىزىيە، كىنو ۋە ئەدەبىيات» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 3-سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بېيجىڭدىكى ئاز بولمىغان يازغۇچى، مۇھەررىر ۋە كىتابخانلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى تارتىپ، بەس مۇنازىرە قوزغىدى.

«تاجسىز پادىشاھ» نىڭ ئاپتورى شياۋ لىجۈن ھازىر چوڭ ھەجىملىك ئەدەبىي مەجمۇئە «جۇڭگو يازغۇچىلىرى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. ئۇ بۇ خاتىرە خاراكتېرىدىكى رومانىدا ئۈچ نەشرىياتنىڭ بىر نەپەر ئاتاقلىق ياش يازغۇچىنىڭ رومانى ھەققىدە تالاش-تارتىش ئېلىپ بارغانلىقىدىن ئىبارەت بەزى

ئىچكى ئەھۋاللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

يېقىندا بېيجىڭ كىنو ستۇدىيىسىنىڭ سىنارىيە يازغۇچىسى، ئاتاقلىق ياش يازغۇچى لياڭ شياۋشېڭ پايتەختتىكى بىر قىسىم يازغۇچى ھەمدە ئەدەبىي ژۇرناللار ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن.

مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا لياڭ شياۋشېڭ ئالدى بىلەن سۆز قىلىپ شياۋلىجۈننىڭ خاتىرە خاراكتېرىدىكى رومانىدا پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىلغان ۋە بۇرمىلانغان، ئۇن نەچچە نەپەر يولداشنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىنغان دېگەن. لياڭ شياۋشېڭ يەنە رومانىدىكى مېنى يېزىپتۇ دەپ قارىغان ۋەقەلەرنى ئىزاھلىغان ۋە روشەنلەشتۈرگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ بىر ھېكايىسىنىڭ قانداق مۇكاپاتلانغانلىقى مەسىلىسى، ئۇنىڭ ئاتالمىش «ئاشنىسى» مەسىلىسى قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن ... . لياڭ شياۋشېڭ: «شياۋلىجۈن ئىككىمىز ئۇزۇن يىل يېقىن ئۆتكەن بولۇپ، ئورتاق ھېسسىياتقا ئىگە ئىدۇق. ئۇنىڭ مۇنداق يېزىشى ھەددىدىن ئارتۇق يەڭگىللىك قىلغانلىق» دېگەن.

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى تاڭ داچېڭ يازغۇچىلار نەشرىياتىنىڭ باش مۇھەررىرى سۇڭ ۋېيشى «تاللانغان ھېكايىلار» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى لى گوۋېن ۋە «ئۆكتەبىر»، «بۈگۈنكى زامان» ژۇرناللىرىنىڭ مەسئۇللىرى يېقىندا سۆز قىلىپ خاتىرە خاراكتېرىدىكى بۇ رومانغا نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە بۇ خىل شەكىلدىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا زەربە بېرىدىغان ۋە شەخسىي ئۆچ-ئاداۋىتىنى چىقىرىۋالىدىغان ھادىسىلەرنى قەتئىي توسۇشنى مۇراجىئەت قىلغان. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شۇجىچۇسىنىڭ دائىمىي شۇجىسى باۋ چاڭ ئۆز سۆزىدە: «رو-

ماندا ئۆچ نەشرىياتىنىڭ ‹قارلىق دالا› نى تالاش-تارتىش قىلغان ۋەقە مەلۇم ھەقىقىيلىققا ئىگە بولسىمۇ، پۈتۈن ئەسەردە زور كۆلەمدە پاكىتنى بۇرمىلاش، تۆھمەت چاپلاش ئارىلىشىپ كەتكەن» دېگەن. باۋ چاڭنىڭ قارىشىچە، خاتىرە خاراكتېرىدىكى رومانىنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكلىرى چوقۇم ھەقىقىي بولۇشى شەرت. بەزىلەر خاتىرە خاراكتېرىدىكى روماندا ۋەقە توقۇپ چىقارغىلى بولىدۇ، دەپ قارىسا، بۇ ئەدەبىيات چۈشەنچىسىدىكى خاتالىق. ئۇ تەكىتلەپ: ئەدەبىي» ئەسەرلەرنى باشقىلاردىن ئۆچ ئالىدىغان، ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان، ھەتتا ئۆزئارا زەربە بېرىدىغان ۋاستە قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا شياۋلىجۈن خاتىرە خاراكتېرىدىكى روماندا سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى تەكشۈرۈشى كېرەك دېگەن.» ئەمما يازغۇچى شياۋلىجۈن يازغۇچىلار جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ سۆزلىرىدىكە ئېپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى پاكىتقا ئاساسلانغان ئەمما خاتىرە خاراكتېرىدىكى رومانمۇ ئەلۋەتتە ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىشى كېرەك. بۇ ئەسەردە نۆۋەتتىكى يازغۇچىلارنىڭ سۈپىتى ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە ساقلانغان ئېغىر مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىرنەچچە ئادەمگە قارىتىلغان ئەمەس. شۇڭا بەزى يولداشلارنىڭ ئۇنى ئۆزىگە ئېلىۋېلىشى ھاجەتسىز، دەپ قارىغان. ئۇ، لياڭ شياۋشېڭ قاتارلىقلارنىڭ مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئۆزىنى ئەيىبلىگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن ھەم ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن، دېگەن.

△ چەت ئەل كېزىت ژۇرناللىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، ئاتاقلىق يازغۇچى جاڭ شەنلىياڭنىڭ «ئەرنىڭ يېرىمى ئايال» ناملىق ئەسىرى غەربتە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، بىر

قىسىم تەقرىزچىلەر ئەسەرنى «نوبېل دەرىجىسى»گە كۆتۈرۈلگەن قالتىس ئېسىل ئەسەركەن، دەپ ماختىغان. تورونتو «يەر شارى پوچتىسى» گېزىتىدە يېقىندا ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ماقالىدە بۇ ئەسەر تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدا «بۇ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى ئەكس ئەتتۈرگەن تراگېدىيىلىك ئەسەر بولۇپ، ئىنتايىن چوڭقۇر ئىچكى مەزمۇنغا ۋە يۇقىرى بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە. بۇ ئەسەر ئىككى يېرىم يىل ئىلگىرى جۇڭگودا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تەنقىد قىلىشىغا ئۇچراپ، جىنسىيەتنى بەك كۆچەپ كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلىۋەتكەن، دەپ ئەيىبلەنگەنىدى» دېيىلگەن.

△ خەۋەرلەرگە قارىغاندا، يېقىندا لوندوندا بىر سودىگەر 605000 ئامېرىكا دوللىرىلىق يۇقىرى باھادا ئاۋستىرىيىلىك يازغۇچى فرانس كافكانىڭ بىر تۈركۈم خەت-چەكلىرىنى ساتقان. بۇ خەت-چەكلەرنى كافكا 1912-يىلىدىن 1917-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا بولغۇسى ئايالى فىلىسىيە بوئىلغا يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا 1500 بەت خەت، 600 پارچە ئاتكىرىتكا بار ئىكەن. كافكانى تەتقىق قىلغۇچى ئە. كانتىنىڭ دېيىشىچە فىلىسىيەگە يېزىلغان بۇ خەت-چەكلەر كافكانىڭ شەخسىي خەت-چەكلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر قىسمى ئىكەن.

△ 8-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى خەلق گېزىتىدە يازغۇچى فېڭ جىسەيىنىڭ قەلەم ھەققى مەسىلىسى توغرىسىدىكى ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

ماقالىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇزۇندىن بېرى مەملىكىتىمىزدە قەلەم ھەققى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆلچەم بەلگىلىمە بويىچە بېرىلىپ كەلدى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، تاۋار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىتاب-ژۇرناللارنىڭ تاۋارلىشىشى ھەمدە بازاردىكى مال باھاسىنىڭ ئەۋجىلىشى ۋە قويۇۋېتىلىشى قەلەم ھەققى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويدى. بىرىنچىدىن، ئەسەرنىڭ ياخشى-يامىنىنى ئايرىماي، سىڭدۈرۈلگەن ئەجىرنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە باقماي، خەت سانىنىلا ئاساس قىلىپ، ھەق بېرىدىغان قەلەم ھەققى بەلگىلىمىسى ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە توسالغۇ بولۇپ، يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئەسەرلەر (كەسپىي خاراكتېرىدىكى ۋە تەتقىقات خاراكتېرىدىكى ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەتىۋارلانمىدى؛ ئىككىنچىدىن، تۆۋەن قەلەم ھەققى ھازىرقى ئەھۋالغا ماسلىشالماي قالغانلىقتىن، يازغۇچىلار نامراتچىلىقتا قالدى، شۇڭا بەزى يازغۇچىلار يېزىقچىلىقنى تاشلاپ سودا سېتىق قىلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولماقتا.

مەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى يولداش گې لو ئېلان قىلغان «كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ مائاشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى چارە» نى قىزغىن ئالقىشلايمەن. چۈنكى چوڭ قازاننىڭ تامىقى شەكلىدىكى كەسپىي يازغۇچىلارنىڭ مائاش تۈزۈمى ئوخشاشلا جەمئىيەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى بوغقانىدى، ئەمما مەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قەلەم ھەققىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئەھۋالنى ئوڭشاشنى قۇۋۋەتلىمەيمەن، يازغۇچىنىڭ ئەركىن كەسپتىكى ئەمگەكچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ئىكەنمىز، قەلەم ھەققىنى شەكلى ئۆزگەرگەن مائاش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن قەلەم ھەققىنى ئۆزۈل-كېسىل قويۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن، نەشرىياتلار ئۆزلىرى ئىزدىنىپ، ھەرقايسىلىرى ئۆز ئالدىغا ئوخشاش بولمىغان قەلەم ھەققى ئۆلچىمىنى بېكىتسە، نەشرىيات بىلەن يازغۇچى كېڭىشىپ، ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ نەرقىنى بېكىتسە بولىدۇ. بازارلاردا كېلىشىم

باھا يولىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. ئارتىسلارنىڭ ئويۇن قويغۇچى ئورۇن بىلەن ئويۇن ھەققىنى سۆزلىشىشىگە بولىدۇ-يۇ، يازغۇچى نەشرىيات بىلەن قەلەم ھەققى توغرىسىدا ئەركىن سۆزلىشىشكە نېمىشقا بولمايدىكەن؟ مۇشۇنداق بولغاندىلا يازغۇچى قەلەم ھەققىدىن رازى بولىدۇ، ئاندىن دۆلەت بەلگىلىگەن شەخسىي تاپاۋەتتىن باج ئېلىشمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

△ غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدا ناھايىتى چوڭ ئورۇنغا ئىگە بولغان ئاۋستىرىيە يازغۇچىسى فرانس كافكانىڭ يېزىلىپ تاماملانمىغان «قەلئە» ناملىق رومانى 1926-يىلى بورود تەرىپىدىن رەتلىنىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. مەملىكىتىمىزدە 1980-يىلى نەشر قىلىنىپ، مەملىكىتىمىز كىتابخانلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1988-يىلىغا كەلگەندىلا «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1-سانىدىن باشلاپ بۇ ئەسەرنى ئۇلاپ بېسىشقا باشلىغان. مەزكۇر ژۇرنالنىڭ تەھرىر سۆزىدە: «بىز ئېلان قىلغان بۇ ئەسەرنى مەشھۇر تەرجىمان ئى. كوۋالېۋا بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرىلا ئىلىم-پەن نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئەدەبىيات مىراسلىرى» مەجمۇئەسىگە تەرجىمە قىلىپ بەرگەنىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئىلىم-پەن نەشرىياتىدىكىلەر ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي توختامدىن يېنىۋالدى. كېيىن «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلى بۇ ئەسەرنى بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالدىن ئېلان بەرگەن بولسىمۇ، نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئارىدىن نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ تەرجىمان كوۋالېۋا 90 ياشقا كىرىش ھارپىسىدىلا بۇ بۈيۈك ئەسەر ئېلان قىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى» دېيىلگەنىدى.

**كامىل تۇرسۇن تەرجىمىسى**

---


☆ «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ! ☆

ھۆرمەتلىك كىتابخان! خوتەن ۋىلايىتىدە چىقىدىغان «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال بولۇپ، ئۇنىڭدا مەزمۇنى ساغلام، بەدىئىلىكى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ھەر خىل ژانىردىكى ئىجادىي ئەسەرلەر ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر بېرىلىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 26 — 58، ھەر سانىنىڭ باھاسى 40 فۇڭ، يىللىق باھاسى (6 سان چىقىدۇ) 2.40 يۈەن. 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتاخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ۋاقتىدا يېزىلىشىڭىزنى سورايمىز.

خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
ۋىلايەتلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى

## «دۇنيا ئەدەبىياتى» غا مۇشتىرى بولۇڭلار!

هۆرمەتلىك مۇشتىرى:

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1989 - يىللىق سانلىرى پات ئارىدا سىز بىلەن يۈز كۆرىشىدۇ. بۇ سانلاردىمۇ ئوخشاشلا سىزگە دۇنيانىڭ مەشھۇر كلاسسىك ۋە هازىرقى زامان نادىر ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سىز كۆرگەن «رەزىل كېچىلەر» رومانىنىڭ داۋامى، «ستالىننىڭ سىرى» ناملىق چوڭ تېمىلىق ئەسلىمە ئۇلاپ بېرىلىدۇ. سىزگە ئۆزىنىڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت نادىر تارىخىي پوۋېستلىرى بىلەن تونۇشلۇق بولغان جورجى زەيداننىڭ «تۈنجى ئىسلام ئايال پادىشاھى» ناملىق تارىخىي پوۋېستى، ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى يەنى «بوۋارى خانىم» رومانىنىڭ ئاپتورى فلوبېرنىڭ «هاۋايى هەۋەس ۋە ئەخلاق» ناملىق مەشھۇر پوۋېستى، ئۇنىڭدىن باشقا خىلمۇ خىل ژانىرلاردىكى نادىر ئەسەرلەر بېرىلىدۇ. ئۇ ئەسەرلەرنىڭ نامىنى بىر-بىرلەپ يازمىساقمۇ، بىرنەچچە يىللىق ئەمەلىيەت ژۇرنىلىمىزغا بېرىلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ يىلدىن يىلغا سىزنىڭ زوقىڭىزغا يارىشا تاللىنىۋاتقانلىقى سىزگە مەلۇم.

هۆرمەتلىك مۇشتىرى، سىزگە ئېيتار يەنە بىر سۆزىمىز، ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىنىڭ باھاسى ئۆستى. باھادىكى ئۆسۈش ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇردىكى ئىش، بۇ سىزگە چۈشىنىشلىك. بىز سىزنىڭ باھا مۇناسىۋىتى بىلەن «دۇنيا ئەدەبىياتى» غا بولغان رىشتىڭىزنى ئۈزۈپ قويمايدىغانلىقىڭىزغا چوڭقۇر ئىشىنىمىز.

هۆرمەتلىك مۇشتىرى، بۇ يىل 11-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ جايلاردىكى پوچتىخانىلاردا مۇشتىرى قوبۇل قىلىش باشلىنىدۇ. ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىغا مۇشتىرى بولغايسىز. ژۇرنالنىڭ ۋەكالەت نومۇرى: 52 — 58، باھاسى 1.90 يۈەن.

«دۇنيا ئەدەبىياتى» تەھرىر بۆلۈمى.

---

## مۇشتىرىلار دىققىتىگە!

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» يەنى ئەسلىدىكى «كۆۋرۈك» ژۇرنىلى كەڭ كىتابخانلارنىڭ سەمىمىي دوستى، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە تەرجىمە خادىملىرىنىڭ يارامىلىق هەمراھى سۈپىتىدە، تېخىمۇ چوڭقۇر ئالقىشقا سازاۋەر بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بىلىم ئاشىقلىرىنى مەملىكىتىمىزدە چىقىۋاتقان خەنزۇچە گېزىت - ژۇرناللاردىكى پوۋېست، هېكايە، شېئىر، داستان، نەسىر، ئەدەبىي ئاخبارات، ئەدەبىي خاتىرە، ئەدەبىي ئوبزور، نەزەرىيىۋى ماقالە، خەنزۇ ۋە چەت ئەل كلاسسىك ئەدەبىياتى، تېلېۋىزىيە ۋە كىنو هېكايىلىرىنىڭ جەۋهەرلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان هەمدە ئۇلارغا ئاجايىپ ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال. ژۇرنىلىمىزنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرى كىتابخانلىرىمىز ئەۋەتكەن پىكىر - تەلەپلەر ئاساسىدا تېخىمۇ مەزمۇنلۇق، قىزىقارلىق ۋە جانلىق چىقىرىلىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ ۋەكالەت نومۇرى: 51 — 58، ئايلىق باھاسى 1.10 يۈەن.

ژۇرنىلىمىزنىڭ 1989 - يىللىق سانلىرى ئۈچۈن 11- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن 15- كۈنىگىچە مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. كەڭ كىتابخانلارنىڭ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى پوچتىخانىلارغا بېرىپ مۇشتىرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

هۆرمەت بىلەن:

«ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

## لەسرىي ئەسەرلەر


مەتتىمىن هوشور.......... ساراڭ (هېكايە)........................ 11
غاپپار تەۋەككۈل............ تەگرىگە ئۆلتىجا (هېكايە).................... 26
توختى ئايۇپ............ قۇم باسقان دېڭىز (پوۋېست).................... 42
تۇرسۇن ياسىن........... سادىر پالۋان ھەققىدە هېكايە ..................... 75
بوغدا ئابدۇللا............. پاكىستاندا بولغان كۈنلەردە (زىيارەت خاتىرىسى)..... 123


## شېئىرلار


ئىلهام ئابلىز............ مېهرىمىنىڭ بەرگىدە سۆيگۈ شەبنىمى .............. 3
ئابدۇكېرىم ئوسمان.......... قارىچۇقۇمغا مۆكۈنگەن دۇنيا ...................... 6
غەيرەت غوپۇرى............. غالىب ناخشىلار..................................... 8
رەجەپ مۇھەممەتنىياز....... ئۈچ شېئىر........................................ 9
مۇسا ئەھەت.................. خوشلىشش ئالدىدا................................. 10
مەتقۇربان ئىسمايىل......... ئۈچ شېئىر ....................................... 10

«تارىم» مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت... باهار كۈيلىرى ................................ 34
قۇربان ئەمەت...... ئېكران سىرتىدىكى سۈرەتلەر ............................ 37
نۇرمۇھەممەت جېلىل ... ئوگۇمىمۇ بۇ چۇشۇمىمۇ ............................ 39
ئابدۇسەمەت خېلىل ... ئۈچ شېئىر ........................................ 41

## ھەسەل، يۇمۇر، ساتىرا


جاپپار ئەمەت.............. ئىسلاھاتچى تاشپاقا.................................. 86

ھۈسەن روزى.............. مىخ بىلەن ئامبۇر .............................. 90

ھەمدۇللا رازىق .......... ھەجۋىيلەر ........................................ 91

قاسىم ھاشىم.............. مېنىڭ شۇنداق مېھمانلىرىم بار ................ 92

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ... ئېشەكنىڭ سىرى ................................ 92

ئابدۇللا كېرىم.......... بىر ئايالغا...................................... 93

تۇرسۇن ئابباس.......... توخۇ مىجەز كىشىلەر ........................... 93


## تەرمە گۈللەر


تۇرسۇنجان ئەمەت.......... ئەينۇ (ھېكايە)....................................... 94

ئابلىز ھوشۇر.............. بۇ باھار كۆنلىرى (شېئىر)........................ 99


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئابدۇقادىر جالالىدىن... شېئىرىيىتىمىزدىكى ئىزدىنىش ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىرى... 100

لىۇ زەيفۇنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىيات-


تىكى مۇنازىرە توغرىسىدا ئېيتقانلىرى................... 105


## ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر



مىخائىل شولوخوۋ ۋە «تىنچ دون»...................... 134


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرىدىن ........................ 148



سۈرەتنى ئۆركەش جاپپار تارتقان.




《塔里木》 文学月刊 (维吾尔文)

TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE.

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（北京782信箱）
订阅、零售：各地邮局所

1988 ـ يىل 10 ـ سان (332 ـ سان)، 38 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورو. تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 782 ـ خەت ساندۇقى).
O. P. BOX782 BEIJING. CHINA

国内统一刊号：CN65－1010／I
本刊代号：58－66　定　价：1.00 元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65 – 1010 / I.
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 58 – 66، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1 يۈەن.